# ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى

مىللەتلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

# ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى

مىللەتلەر نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن........................ ( 1 )
مەملىكىتىمىزدىكى تۈركىي تىللار ۋە بۇ ھەقتىكى ئىلمىي
تەتقىقات...................................... ( 1 )
تۈركىي تىللار تەتقىقاتىدا ئالدىمىزدا تۇرغان ۋەزىپىلەر...
.................................................. ( 92 )
«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئاساس قىلىنغان ئەدەبىي
تىل ــ خاقانىيە تىلى ھەققىدە.................... (110)
«تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى مەھمۇت
قەشقەرى ........................................ (126)
مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى، ھاياتى ۋە مازىرى
توغرىسىدا...................................... (144)
ئىرق پۈتۈك ................................... (183)
چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىي تىل تەرەققى-
ياتىدا تۇتقان ئورنى............................. (197)
يىپەك يولىدىكى قەدىمكى خەلقلەر ۋە تىللار.......... (231)
شىنجاڭ يەر ناملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى
تىللار.......................................... (265)

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانىلەر توغرىسىدا
................................................... (283)
ئۇيغۇر تىلىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تارىخىي يادىكارلىقى...... (300)
خەنزۇ خەلقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى
مەدەنىي مۇناسىۋەتكە زور تۆھپە قوشقان مەشھۇر
تەرجىمان سىنقۇسىلى.................................. (312)
كۇچالىق مەشھۇر تەرجىمان كۇماراجىۋانىڭ تەرجىمە
ئۇسۇللىرى ھەققىدە.................................. (344)
تەرجىمە نەزەرىيىسى ھەققىدە............................ (349)
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەققىدە............................ (379)
ئۇيغۇرلاردا ئادەم ئىسىملىرى ۋە فامىلە مەسىلىسى...... (388)
"سۆزى گۈزەل بولۇش" تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ تىلدىكى
بۇلغىنىشقا قارشى تۇرايلى............................ (406)
«بىھزەكلىك» روھى يەنىمۇ كۈچلۈك جەۋلان قىلغاي...... (420)

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

بۇ توپلامنىڭ ئاپتورى ئىبراھىم مۇتىئى بىرقەدەر تونۇلغان تۈركىي تىللار تەتقىقاتچىلىرىدىن بىرى. 1989 ـ يىلى ئۇنىڭ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلغانلىقىغا 50 يىل تولىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ماقالىلەر توپلىمىنى نەشر قىلىش ئارقىلىق ئۇنى تەبرىكلەيمىز.

ئاپتور 1920 ـ يىلى تۇغۇلغان. ئۆسمۈر چاغلىرىدا ئۈرۈمچى تاتار مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1935 ـ يىلى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت دارىلفۇنۇنىنىڭ مەمۇرىي ـ ھوقۇق فاكۇلتېتىدا ئىلىم ـ تەھسىل قىلغان.

ئاپتورنىڭ ئىجتىمائىي خىزمەت تارىخىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن: بىرىنچى باسقۇچ، 1937 ـ يىلدىن 1950 ـ يىلغىچە بولغان دەۋر، بۇ دەۋردە ئاپتور شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىفەن، شىنجاڭ ساقچى مەكتىپى قارىمىقىدىكى تەرجىمانلىق كۇرسى، شىنجاڭ شۆيۈەن، شىنجاڭ تىل مەكتىپى، بېيجىڭ داشۆ شەرق تىللىرى فاكۇلتېتى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئاساسەن ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىسى، شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تىل مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ، تىل ۋە تەرجىمە

خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان؛ ئىككىنچى باسقۇچ، 1953-يىلدىن 1978-يىلغىچە بولغان دەۋر بولۇپ، بۇ دەۋرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەرجىمە تەھرىر-بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ، ئاساسەن تەھرىرلىك ۋە تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان؛ ئۈچىنچى باسقۇچ، 78-يىلدىن كېيىنكى ئون يىل بولۇپ، بۇ دەۋردە شىنجاڭ تىل-يېزىق كومىتېتىدا ئىلمىي تەتقىقات خادىمى ۋە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەپ، تۈركىي تىللار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ جەرياندا ئاپتور شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ۋە دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، شىنجاڭ تىل تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، شىنجاڭ تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي مۇدىرىيەت ئەزاسى، شىنجاڭ يەر ناملىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو فولكلور جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى قاتارلىق قوشۇمچە خىزمەتلەردە بولغان.

ئاپتورنىڭ تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا قىزىقىشى ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا باشلانغان، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن مەزگىلدە س. پ. مالوۋنىڭ قەدىمكى تۈركىي تىل، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ،

بۇ ساھە بويىچە ئۆزلۈكىدىن بىلىم ئېلىشنى ئىزچىل داۋاملاش-تۇرۇپ، كېيىنكى تەتقىقات خىزمىتىگە پۇختا ئاساس ياراتقان.

ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئون نەچچە يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق خىز-مىتى داۋامىدا ئۇيغۇر تىلى سەرفى (مورفولوگىيىسى)، ئۇيغۇر تىلى نەھۋى (سىنتاكسىسى)، ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىيات قائىدىلىرى (ئىستىلىستىكا) دەرسلىكلىرى (بۇ دەرسلىكلەر مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش قوللانمىسى بولۇپ بېسىلغان)نى تۈزۈپ چىققان؛ شىنجاڭ گېزىتى قاتارلىق ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە گېزىت ژۇرنال-لاردا ئۇيغۇر تىلىنىڭ دەسلەپكى ئىملا قائىدىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تېمىلاردا بىرمۇنچە ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان (1949 ــ يىلى نەنجىڭدا چىقىدىغان «ھازىرقى دەۋر» ژۇرنى-لىدا ئاپتورنىڭ خەنزۇچە ئېلان قىلىنغان «تۈركىي تىللارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن ماقالىسى ئەنە شۇلارنىڭ بىرسى. بۇ ژۇرنالنىڭ تەھرىر ئىلاۋىسىدە: "ئاپتور ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى زور ئابرويغا ئىگە ياش ئالىملىرىدىن بىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ ۋە جۇڭگو تارىخى بويىچە خېلى چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە...رۇس، ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىنى ئوبدان بىلىدۇ. بۇ ماقالىدە تۈركىي تىللارنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ۋە تەرەققىياتى خېلى چوڭقۇر تەھلىل قىلىنغان، شۇڭا ئۇ بۇ ساھەدە ئاز ئۇچرايدىغان نادىر ئەسەرلەردىن ھېسابلىنىدۇ" دېيىلگەن).

ئازادلىقتىن كېيىنكى دەسلەپكى ئون يىل ئىچىدە ئاپتور تەھ-رىر ـ تەرجىمە خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاتال-

www.uyghurkitap.com

غۇلىرى، تەھرىر ـ تەرجىمە ئۇسۇلى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ساھەلەر بويىچە بىر مۇنچە ئىلمىي ئىزدىنىشلەردە بولدى ۋە بۇ خىل ئىزدىنىش نەتىجىلىرىنى مىللەتلەر نەشرىياتىدىكى ئەمەلىي خىزمەتكە تەتبىق قىلىپ، تەھرىر ـ تەرجىمە سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە خېلى زور ھەسسە قوشتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىي يادنامە-لىرىدىن بىرى بولغان «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»نى نەشر قىلىشقا قاتناشتى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى نەشر قىلىش-نىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى.

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، تۈركىي تىللار تەتقىقا-تىدا يېتىلىپ چىققان مۇشۇنداق تالانتلىق ئىلمىي خادىم بىزگە نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بېرىدىغان ئالتۇن دەۋ-رىدە، "سول" لۇشيەنىنىڭ كاساپىتىدىن چەتكە قېقىلىپ، 1960 ـ يىلدىن تاكى 1978 ـ يىلغىچە جەمئىي 18 يىل ئىلمىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى. شۇنداقتىمۇ ئاپتور ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيگەچكە، تەقدىرىدىكى بۇ بەختسىزلىككە تەن بەرمەستىن، شارائىت يار بەرگەن ھەممە پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆز كەسپى بويىچە داۋاملىق ئىزدىنىپ كەلدى.

پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋەتىنىمىز زېمىنىغا يېڭى باھار ئېلىپ كېلىشى بىلەن 1978 ـ يىلى ئىلگىرى ئاپتور ئۈستىدىن چىقىرىلغان ناھەق

ھۆكـۈم تەلـتۆكـۈس ئاغـدۇرۇپ تاشـلانـدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتور ئۆزى سۆيگەن ئىلمىي خىزمەتنى قايتا قولغا ئېلىپ، باشقا يولداشلار بىلەن بىرلىكتە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى نەشرگە تەييارلاش خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى. 1984 ـ يىلى بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى نەشردىن چىقتى. بۇ ئەسەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر تەتقىقات نەتىجىسى قىلىپ باھالىنىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا خېلى يۇقىرى باھاغا ئىگە بولدى. ئاپتور مۇشۇ خىزمەتنى چۆرىدىگەن ھالدا كېيىنكى ئون يىل داۋامىدا بىرمۇنچە ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى، ئىلمىي لېكسىيىلەرنى سۆزلىدى.

بۇ توپلامغا ئاپتورنىڭ مۇشۇ ئون يىل ئىچىدە ئېلان قىلغان بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلىرى، لېكسىيىلىرى كىرگۈزۈلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەتقىقاتچى مىرسۇلتان ئوسمانوۋ بىلەن بىرلىكتە بىرمۇنچە تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئېلان قىلغان «مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى، ھاياتى ۋە مازىرى توغرىسىدا» دېگەن ماقالە خەلقئارادا خېلى زور تەسىر قوزغىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» دېگەن ئاتاقلىق ئىلمىي ژۇرنالنىڭ 87 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى. بۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى شىنجاڭدىكى تۈركىي تىللار تەتقىقاتى بويىچە مۇشۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان بىردىنبىر ماقالە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ماقالىدە بايان قىلىنغان كۆز

www.uyghurkitap.com

قاراشلارنى خەلقئارا «تۆركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتىدىكى يېڭى نەتىجىلەرنىڭ بىرسى دېيىشكە بولىدۇ.

بىز ئىشىنىمىزكى، ئاپتورنىڭ بۇ توپلىمىنىڭ نەشىر قىلىنىشى، تۆركىي تىللار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپداشلارنىڭ ۋە ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىلمىي خىزمەتلىرىگە يېڭى ئىلھام بولغۇسى.

ئاپتورغا چىن قەلبىمىزدىن سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز ھەم بۇندىن كېيىنكى ئىلمىي خىزمەتلەردە يەنىمۇ زور تۆھپىلەر يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**خالىدە ئىبراھىم**

*1989*-يىل *10*-ئاي، ئۈرۈمچى.

# مەملىكىتىمىزدىكى تۈركىي تىللار ۋە بۇ ھەقتىكى ئىلمىي تەتقىقات①

ۋەتىنىمىز جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت. تىل نۇقتىسىدىن ئالغاندا، جۇڭگودىكى مىللىي تىللار 80 خىلدىن ئاشىدۇ (بەزى مىللەتلەر ئىككى تىللىق). بۇ تىللار بەش چوڭ تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ: 1) خەنزۇ-تىبەت تىل سىستېمىسى؛ 2) ئالتاي تىل سىستېمىسى؛ 3) جەنۇبىي ئاراللار تىل سىستېمىسى؛ 4) جەنۇبىي ئاسىيا تىل سىستېمىسى؛ 5) ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسى.

تۈركىي تىللار ئالتاي تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ. شۇڭا سۆزنى ئالتاي تىل سىستېمىسىدىن باشلايمىز.

ئالتاي تىللىرى ئورال-ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ چوڭ بىر تارمىقى. ئالتاي تىل سىستېمىسى ئۆز ئىچىگە تۈركىي تىللار، موڭغۇل تىللىرى ۋە تونگۇس-مانجۇ تىللىرىنى ئالىدۇ.

بەزى ئالىملار چاۋشيەن ۋە ياپون تىللىرىنىمۇ ئالتاي تىللىرى قاتارىغا كىرگۈزىدۇ.

---

① بۇ لېكسىيە 1980-يىلى 11-ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن تۈركىي تىللار ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن.

www.uyghurkitap.com

ئۇرال-ئالتاي تىل بىرلىكى نەزەرىيىسى تېخى تالاش-تارتىش ئۈستىدىكى بىر نەزەرىيە. بەزى ئالىملار بۇ تىللاردا بىرلىك بار دەيدۇ، بەزى ئالىملار بۇ بىرلىكنى ئىنكار قىلىدۇ.

ئۇرال-ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ بىر تارمىقى ھېسابلانغان ئالتاي تىللىرى ئوتتۇرىسىدا بىرلىك بارلىقىغا كۆپچىلىك ئىقرار. لېكىن بۇ بىرلىكنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە تېخى پىكىر بىرلىكى يوق.

بەزى ئالىملار (مەسىلەن، ۋلادىمىر تسوپ، رامستېت، رەسانىن) ئالتاي تىللىرىنىڭ لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈش جەھەتتىكى بىرلىكىنى (ئوخشاش جايلىرىنى) بۇ تىللارنىڭ ئورتاق بىر مەنبەدىن كېلىپ چىققانلىقىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايدۇ، بەزى ئالىملار (مەسىلەن، كوتۋىچ ۋە كلاۋسونلار) بۇنى قەدىمكى چاغلاردا بىر-بىرىدىن سۆز ئالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دەيدۇ. يەنە بەزى ئالىملار ئالتاي تىللىرى كېلىپ چىقىش نۇقتىسىدىن بىر تۇغقان تىللار بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن، لېكىن بۇ تېخى تولۇق ئىسپاتلانمىغان ئىلمىي پەرەزدىنلا ئىبارەت دەپ قارايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرال-ئالتاي تىللىرىنىڭ ۋە ئالتاي تىللىرىغا كىرىدىغان ھەرقايسى تىللارنىڭ تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ھازىرمۇ داۋاملىق تەتقىق قىلىپ ئېنىقلاپ چىقىشقا تېگىشلىك مەسىلە.

ئۇرال-ئالتاي تىللىرى (بۇنىڭدا، ئاساسەن، ئالتاي

تىللىرى ۋە قىسمەن ئوغۇز ـ فىن تىللىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ) مۇنداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

1. تاۋۇش سىستېمىسى پۈتۈن ئالتاي تىللىرىدا ئاساسەن ئوخشاش (بۇ تىللاردا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى ۋە سۆز تومۇرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تۈزۈلۈش فورمىسى بار).

2. سۆز تومۇرى مۇقىم بولىدۇ، سۆزلەر پەقەت ئارقا قوشۇمچىلار ياردىمى بىلەنلا تۈرلىنىدۇ.

3. بۇ تىللاردا ئالدى قوشۇمچىلار بولمايدۇ.

4. بۇ تىللاردا گىراماتىك جىنسىيەت يوق.

5. ئىسىملارنىڭ تۈرلىنىشىدە ئىگىلىك (تارتىم) قوشۇمچىلىرى مەۋجۇت.

6. بۇ تىللار پېئىل تۈرلىرىگە باي.

7. تولدۇرغۇچى تولۇقلانغۇچىدىن (پېئىلدىن) ئاۋۋال كېلىدۇ.

8. ئېنىقلىغۇچىلار ئېنىقلانغۇچىدىن ئاۋۋال كېلىدۇ.

9. سانى ئېيتىلغان سۆزلەردىن كېيىن كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئىشلىتىلمەيدۇ (ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچى ئوتتۇرىسىدا سان جەھەتتىن بىر خىللىق بولمايدۇ).

10. سېلىشتۇرۇشتا چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى ئىشلىتىلىدۇ.

11. بۇ تىللاردا بېقىندىلىق قوشما جۈملە ئانچە تەرەققىي

قىلمىغان.

12. بۇ تىللارنىڭ تولسىدا مەنپىي ھەرىكەت ئۈچۈن مەخسۇس پېئىل بار.

13. بۇ تىللاردا سوراق قوشۇمچىسى مەۋجۇت.

14. بۇ تىللاردا باغلىغۇچى ئۈچۈن پېئىل شەكىللىرى ئىشلىتىلىدۇ.

تۈركىي تىللار بىلەن موڭغۇل تىللىرى ۋە تونگۇس-مانجۇ تىللىرى بۇ ئورتاق نۇقتىلاردىن باشقا فونېتىك ۋە مورفولوگىك تۈزۈلۈش، سۆز خەزىنىسى جەھەتتىمۇ بىر مۇنچە ئوخشاشلىققا ئىگە. بۇ خىل ئورتاق خۇسۇسىيەتلەر بۇ تىللارنىڭ كېلىپ چىقىش جەھەتتىن بىر-بىرىگە تۇغقان تىللار ئىكەنلىكىنى، يەنى بۇ تىللارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولغان بىر ”ئانا تىل“دىن تەرەققىي قىلىپ چىققانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ تىللار ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى 5-بەتتىكى جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

تۈركىي تىللار، موڭغۇل تىللىرى ۋە تونگۇس-مانجۇ تىللىرىنى تارىخىي جەھەتتىن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان تۈركولوگلار بۇ تىللارنىڭ تەرەققىياتىنى مۇنداق ئالتە دەۋرگە بولىدۇ:

1) ئالتاي تىلى دەۋرى. بۇ دەۋردە تۈركىي تىللار-موڭغۇل تىللىرى-تونگۇس-مانجۇ تىللىرى (پوپپېنىڭ پىكرىچە يەنە چاۋشيەن تىلى) بىر ئورتاق تىل بىرلىكىدىن ئىبارەت بولغان.




بۇ جەدۋەل ن پوپپېنىڭ «ئالتاي تىللىرى گرامماتىكىسى» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىندى.

بۇ ئانا تىل ئالتاي تىلى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دەۋردە چۇۋاش-تۈرك، موڭغۇل-تۇنگۇس-مانجۇ تىل بىرلىكىدىن ئالدى بىلەن چاۋشيەن تىلى ئايرىلىپ چىققان (پوپپېنىڭ پىكرى)، ئۇنىڭدىن كېيىن تۈرك-موڭغۇل تىل بىرلىكى بىلەن تۇنگۇس-مانجۇ تىل بىرلىكى ئايرىلىپ چىقىشقا باشلىغان.

2) هون دەۋرى (4-ئەسىردىن ئىلگىرى). مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئانا چۇۋاش، ئانا تۈرك، ئانا موڭغۇل، ئانا تۇنگۇس-مانجۇ تىللىرى بىر-بىرىدىن ئايرىلغان. تۈركىي تىللارنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي تارماقلارغا بۆلۈنۈشىمۇ مۇشۇ دەۋردە باشلانغان.

3) قەدىمكى تۈرك تىلى دەۋرى (5-ئەسىردىن 12-ئەسىرگىچە). بۇ دەۋر ئۆز ئىچىدە يەنە كۆك تۈرك (پىرىتساك ئاتالغۇسى بويىچە تۈركۈت) دەۋرى (5 — 8-ئەسىرلەر)؛ قەدىمكى ئۇيغۇر دەۋرى (8 — 10-ئەسىرلەر) ۋە خاقانىيە تىلى دەۋرى (10 — 12-ئەسىرلەر) دېگەن باسقۇچلارغا بۆلۈنىدۇ.

4) غەربىي ئەدەبىي تىل (ئوغۇز تىللىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئەدەبىي تىل)، شىمالىي ئەدەبىي تىل (قىپچاق تىللىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئەدەبىي تىل) ۋە شەرقىي ئەدەبىي تىل (قارلۇق-ئۇيغۇر ۋە قارلۇق-خارەزم تىللىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئەدەبىي تىل، باشقىچە ئېيتقاندا، چاغاتاي تىلى) شەكىللەنگەن دەۋر (13 — 16-ئەسىرلەر).

5) يېقىنقى زامان تۈركىي تىللىرى شەكىللەنگەن دەۋر

(16 ــ 19 ـ ئەسىرلەر) .

6) ھازىرقى زامان تۈركىي تىللىرى شەكىللەنگەن دەۋر (19 ــ 20 ـ ئەسىرلەر) .

## 1. تۈركىي تىللارنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىسى (تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى)

11 ـ ئەسىردىن تارتىپ تا ھازىرقى كۈنگە كەلگۈچە 30 غا يېقىن ئالىم تۈركىي تىللارنى تۈرلەرگە بۆلۈش بىلەن شۇغۇللانغان ۋە بۇ ھەقتە نۇرغۇن تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن تېخى بىرلىككە كېلىنگەن خۇلاسە چىققىنى يوق.

تۈركىي تىللارنى بەزىلەر جۇغراپىيە جەھەتتىن تۈرلەرگە بۆلدى (مەسىلەن، شىمالىي، جەنۇبىي، شەرقىي، غەربىي، شەرقىي شىمال، غەربىي شىمال، شەرقىي جەنۇب، غەربىي جەنۇب، ئوتتۇرا، مەركىزىي تۈركىي تىللار دېگەندەك)، بەزىلەر جۇغراپىيىۋى ئىسىملارنى ئاساس قىلىپ تۈرلەرگە بۆلدى (مەسىلەن، ئاباقان، ئالتاي، قىپچاق، ئوتتۇرا ئاسىيا، پونتوس، سىبىر، غەربىي سىبىر، تۈركىستان، ۋولگا، ۋولگا ـ ئورال تىللىرى دېگەندەك)، بەزىلەر تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسىملىرىغا قاراپ تۈرلەرگە بۆلدى (مەسىلەن، بولغار، چاغاتاي، چوۋاش، خاكاس، قىپچاق، تاتار، ئەسلى تاتار، جەنۇبىي تاتار، موڭغۇل ـ تاتار، ساپ تاتار، شىمالىي تاتار، تۈرك، ئەسلى

تۈرك، ئارىلاش تۈرك، ئۆزى تۈرك بولسىمۇ تۈركچە سۆزلەيدىغان تۈرك، تۈركمەن، قىپچاق-تۈركمەن، ئۇيغۇر، ئوغۇز، ياقۇت دېگەنگە ئوخشاش)، بەزىلەر تىل خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ تۈرلەرگە بۆلدى (مەسىلەن، "d" گۇرۇپپىسى، "r" گۇرۇپپىسى، "s" گۇرۇپپىسى، "y" گۇرۇپپىسى، "d" گۇرۇپپىسى، "taw" گۇرۇپپىسى، "taqli" گۇرۇپپىسى، "taqlik" گۇرۇپپىسى، ئارىلاش گۇرۇپپا، تۈركىي گۇرۇپپا دېگەنگە ئوخشاش).

يۇقىرىقى ئۇقۇملارنى ئارىلاشتۇرۇپ (يەنى جاي، خەلق ئىسىملىرىغا تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى قوشۇپ) تۈرلەرگە بۆلۈشمۇ بولدى.

تۈركىي تىللارنى تۈرلەرگە بۆلۈشتە بىرقەدەر ئىلمىي بولغان ئۇسۇل تۈركىي خەلقلەر ۋە تىللارنىڭ شەكىللىنىش تارىخىي ھەمدە تىل خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈشتۇر.

تۈركىي تىللارنى فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈشنى 11-ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى باشلاپ بەرگەن.

مەھمۇت قەشقەرى تۈركىي تىللارنى سۆز بېشىدا y ياكى j كېلىشىگە، سۆز بېشىدا b ياكى m كېلىشىگە، سۆز ئاخىرىدا y ياكى n كېلىشىگە، سۆز بېشىدا t ياكى d كېلىشىگە، سۆز ئوتتۇرىسىدا y ياكى z كېلىشىگە قاراپ شەرقىي ۋە غەربىي گۇرۇپپىلارغا بۆلىدۇ (يۇقىرىقى ھەرپلەرنىڭ ئالدىنقىسى شەرقىي

www.uyghurkitap.com

گۇرۇپپىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، كېيىنكىسى غەربىي گۇرۇپپىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ).

شەرقىي گۇرۇپپىنى مەھمۇت قەشقەرى "تۈرك تىلى" ياكى "خاقانىيە تىلى" دەپ ئاتىغان. بۇنىڭدا ئۇ قەشقەر ۋە بالاساغۇن شەھەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايوندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى نەزەردە تۇتىدۇ. بۇ گۇرۇپپىغا ئۇ يەنە قارلۇق، چىگىل، ياغما، ئارغۇ، توخسى تىللىرىنى كىرگۈزىدۇ.

غەربىي گۇرۇپپىنى "ئوغۇز تىللىرى دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭغا يەنە قىرغىز، قىپچاق، پەچەنەك، بۇلغار تىللىرىنى كىرگۈزىدۇ.

كېيىنكى چاغلاردا تۈركىي تىللارنى تۈرلەرگە بۆلۈش بىلەن شۇغۇللانغان كۆپچىلىك ئالىملار (ۋ. رادلوپ، گ. ب. رامستېت، ئا. سامايلوۋىچ، ق. ئې. كۆرش، بوگورودىتسكىي، رەسانىن، رەشىت رەخمەتى ئارات ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار) تۈركىي تىللارنى تۈرلەرگە بۆلۈشتە ئاساسەن تۆۋەندىكى فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلەرنى ئاساس قىلىپ ئالماقتا.

1. ئەسلى (ياكى d دىن ئالمىشىپ كەلگەن) z تاۋۇشىنىڭ ساقلىنىشى ياكى r گە ئۆزگىرىشى؛

2. t ۋە d تاۋۇشلىرىنىڭ z ياكى y غا ئۆزگىرىشى؛

3. بىر بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى oq تاۋۇشىنىڭ ساقلىنىشى ياكى w غا ئۆزگىرىشى؛

4. بىردىن ئارتۇق بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى oq تاۋۇشىنىڭ ساقلىنىشى ياكى k غا ئايلىنىشى ياكى چۈشۈپ

www.uyghurkitap.com

قېلىشى؛

5. بەزى قوشۇمچىلارنىڭ بېشىدا كېلىدىغان ɣ تاۋۇشىنىڭ ساقلىنىشى ياكى چۈشۈپ قېلىشى؛

6. سۆز بېشىدا s كېلىشى ياكى y كېلىشى؛

7. ol ياكى bol مەسىلىسى.

بۇلاردىن r - z تاۋۇشلىرى بىلەن d (t) ۋە ɣ تاۋۇشلىرىنىڭ ھەر خىل تىللاردا تۇتقان ئورنى تۈرگە بۆلۈشتە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ol بىلەن bol مەسىلىسى ئايرىم تىللارنى ئىچكى جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈش رولىنىلا ئوينايدۇ.

تۆۋەندە بىز بىرقانچە ئاتاقلىق كلاسسىفىكاتسىيىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

## I گ. ي. رامستېت كلاسسىفىكاتسىيىسى

I (A) چۇۋاش تىلى (tu<taɣ)

II (B) ياقۇت تىلى tin<tā<taɣ

III (C) شىمالىي گۇرۇپپا

1. d بۆلۈمى (taɣ)
   1) ئورانخاي، سويوت
   2) قاراغاس
2. z بۆلۈمى
   3) قويبال، شور
   4) چولىم
3. y بۆلۈمى (tō~tū<taɣ)
   5) بارابا

6) ئالـتاي (ئالتاي قالماقلىرى، تېلېئۇت، لېبېد، قۇماندى)

IV (D) شەرقىي گۇرۇپپا (y<d، taɣ)

1. سارت (بۇخارا، خىۋە)
2. شـىـنـجـاڭ (يەركەن، قەشـقـەر، تۇرپان، قۇمۇل، تارانچى، چاغاتاي)

V (F) جەنۇبىي گۇرۇپپا (daɣ wə dā<taɣ)

1. تۈركمەن (تۈركمىنىستان، ستاۋروپول)
2. تۈرك ياكى ئوسمانلى.

## II ئا. سامايلوۋىچ كلاسسىفىكاتسىيىسى

I R گۇرۇپپىسى (بۇلغار، چوۋاش)

خۇسۇسىيىتى: 1) r<z (təhər<tokuz)

2) r<z<d (ura<adak)

3) pul<bol

II D گۇرۇپپىسى (ئۇيغۇر، غەربىي جەنۇب)

خۇسۇسىيىتى:

1) z (tokuz)

2) d (adak)

3) bol

4) -ɣ (taɣ)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى

5) -ɣ (taɣlïɣ)

6) -ɣ- (kalɣan)

III taw گۇرۇپپىسى (ئالتاي، تېلېۋۇت، قىرغىز، قۇمىق، قاراچاي، بالقار، قارايىم، تاتار، قازاق، نوغاي)

خۇسۇسىيىتى

1) z (tokuz)

2) y<d (ayak<adak)

3) bol

4) w<ɣ (taw<ta )

5) -<ɣ (tawlï<taɣlïɣ)

6) -ɣ- (kalɣan)

IV taɣlïk گۇرۇپپىسى (چاغاتاي، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، سالار ۋە باشقىلار)

خۇسۇسىيىتى:

1) z (tokuz)

2) y<d (ayak<adak)

3) bol

4) -ɣ (taɣ)

5) -k<-ɣ (taɣlïk<taɣlïɣ)

6) -ɣ- (kalɣan)

V taɣlï گۇرۇپپىسى (قىپچاق، تۈركمەن، ئوتتۇرا تۈرك، ئۆزبېك [خىۋە])

خۇسۇسىيىتى:

1) z (tokuz)

2) y<d (ayak<adak)

3) bol

4) -oq (taoq)

5) -<-oq (taoqlï<taoqlï )

6) -oq- (kaloqan)

VI ol گۇرۇپپىسى (تۈركمەن، غەربىي جەنۇب تۈرك تىلى) خۇسۇسىيىتى:

1) z (dokuz)

2) y<d (ayak<adak)

3) bol

4) -oq (daoq<taoq)

5) -<oq ( daoqlï<taoqlïoq)

6) -<oq- (kalan<kaloqan)

## III ن. ئا. باسكاكوۋ كلاسسىفىكاتسىيىسى①

### A تۈركىي تىللارنىڭ غەربىي هون تارمىقى

تۆۋەندىكى تۆت تىل گۇرۇپپىسى مۇشۇ تارماققا كىرىدۇ.

I بولغار گۇرۇپپىسى:

قەدىمكى تىللاردىن: بۇلغار تىلى — بۇلغارلار، سوۋارلار، سابىرلار، ئاۋارلار (جۇڭگو تارىخنامىلىرىدىكى جوجەنلەر ياكى روۋرەنلەر)نىڭ تىلى ۋە هەزەر تىلى.

① Н.А.Баскаков Тюркские Языки Москва ،1960.

هازىرقى تىللاردىن: چۇۋاش تىلى (ئاناترى ۋە ۋىرىئال تىللىرى).

II ئوغۇز گۇرۇپپىسى ۋە ئۇنىڭ بۆلۈملىرى:

1) ئوغۇز ـ تۈركمەن بۆلۈمى:

قەدىمكى تىللاردىن: 10 — 11 ـ ئەسىرلەردىكى ئوغۇز تىلى (ئوغۇزلار، ئون ئوغۇزلار، توققۇز ئوغۇزلارنىڭ تىلى).

هازىرقى تىللاردىن: تۈركمەن تىلى (تەكە، يومۇت، گوكلەن، سالىر، سارق، ئەرسارى، چوۋدور تىللىرى).

2) ئوغۇز ـ بۇلغار بۆلۈمى:

قەدىمكى تىللاردىن: ئۇز (ئوغۇز) تىلى (تۈرك، قۇۋۇ، بېرېندە، تۈرپە، بوۋۇت، كاسپىچ — يەنە بىر ئىسمى كلوبوك) تىللىرى، پەچەنەك تىلى.

هازىرقى تىللاردىن: گاگاۋۇز تىلى (بىسسارابىيەدىكى ۋە دوناي دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى گاگاۋۇزلارنىڭ تىلى) ۋە بالقان يېرىم ئارىلىدىكى تۈركلەرنىڭ تىلى: سورغۇچ، قارامانلى، غاجال، توزلۇق تۈركلىرى، يورۇق ياكى كونەر، گىرلوۋ، قىزىلباش- لارنىڭ تىللىرى.

3) ئوغۇز ـ سالجۇق بۆلۈمى:

قەدىمكى تىللاردىن: سالجۇق تىلى، ئوسمانلى تىلى، كونا ئەزەربەيجان تىلى.

هازىرقى تىللاردىن: ئەزەربەيجان (ئازەر) تىلى (ئەزەر- بەيجان، موغال، قازاقتاتار، قاشقا، قىزىلباش، تېرىكەم، قارا

پاپاخ تىللىرى). تۈرك تىلى؛ قرىم تاتار تىلىنىڭ جەنۇبىي دىئالېكتى.

III قىپچاق گۇرۇپپىسى ۋە ئۇنىڭ بۆلۈملىرى:

1) قىپچاق ـ پولوۋېتس بۆلۈمى.

قەدىمكى تىللاردىن: موڭغۇل دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى قىپچاق تىلى (قۇمان، پولوۋېتس، خاردىش تىللىرى).

هازىرقى تىللاردىن: قاراي (قارايىم) تىلى، قۇمىق تىلى، قاراچاي ـ بالقار تىلى ۋە قرىم تاتار تىلىنىڭ شىمالىي دىئالېكتلىرى.

2) قىپچاق ـ بۇلغار بۆلۈمى:

قەدىمكى تىللاردىن: ئالتۇن ئوردا تىلى (غەربىي).

هازىرقى تىللاردىن: تاتار تىلى ۋە ئۇنىڭ سەككىز دىئالېكتى (قازان، ئاستراخان، قاسىم، مىشەر، كىرشېن، نوغايباق، تېپتەر، سىبىر، تۇرىن، تۇمەن، ئىشىم، يالوتور، ئىرتىش، توبول، تارلىق، چوت، ئارىن، بارابا تاتارلىرىنىڭ تىلى)؛ باشقىرت تىلى (باشقىرت، تېپتەر تىللىرى).

3) قىپچاق ـ نوغاي بۆلۈمى:

هازىرقى تىللاردىن: نوغاي تىلى (نوغاي، ئاق نوغاي، قارا نوغاي تىللىرى)، قازاق تىلى، قارا قالپاق تىلى ۋە ئۆزبېك تىلىنىڭ قىپچاق دىئالېكتلىرى.

IV قارلۇق گۇرۇپپىسى ۋە ئۇنىڭ بۆلۈملىرى:

1) قارلۇق ـ ئۇيغۇر بۆلۈمى:

قەدىمكى تىللاردىن: 1) قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى (مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»)؛ 2) قاراخانىلار دەۋرىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر تىلى (ئەخمەت يۈكنەكى: «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، نەسىرىددىن رابغۇزى: «قىسسەسۇلئەنبىيا»).

2) قارلۇق-خارەزم بۆلۈمى:

قەدىمكى تىللاردىن: قارلۇق-خارەزم تىلى (ئەخمەت يەسەۋى: «دىۋانى ھېكمەت» ۋە باشقىلار)؛ ئالتۇن ئوردا (شەرقىي) تىلى (مۇھەببەتنامە ۋە باشقىلار)؛ چاغاتاي تىلى (13 — 14 - ئەسىرلەر)؛ كونا ئۆزبېك تىلى (يەنە بىر ئىسمى چاغاتاي تىلى).

ھازىرقى تىللاردىن: ئۆزبېك تىلى (تاشكەنت، فەرغانە، بۇخارا، قوقان، خىۋە، قوراما، لوقاي تىللىرى)؛ يېڭى ئۇيغۇر تىلى (قەشقەر، تۇرپان، يەركەن، خوتەن، قۇمۇل، تارانچى، ئاقسۇ، سالار، لوپنور-خوتۇن تىللىرى).

B تۈركىي تىللارنىڭ شەرقىي ھون تارمىقى

1. ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى ۋە ئۇنىڭ بۆلۈملىرى:

1) ئۇيغۇر-تۈركۈت بۆلۈمى:

قەدىمكى تىللاردىن: قەدىمكى ئوغۇز تىلى (كۆك تۈرك تىلى)، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، قەدىمكى قىرغىز تىلى.

ھازىرقى تىللاردىن: تۇۋا (تۇبا) تىلى (تاننۇتۇۋىن، سويۇن،

سويۇت، ئۇرانــخاي تــىللىرى؛ توفا (توفالار) تىلى (قاراغاس تىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ).

2) ياقۇت بۆلۈمى:

ھازىرقى تىللاردىن: ياقۇت (ساخا، ساكا) تــىلى (ياقۇتلار ۋە دولگانلارنىڭ تىلى).

3) خاكاس بۆلۈمى:

ھازىرقى تــىللاردىــن: خاكاس تــىلى (ئاباقان تۈركــلىرى، يەنسەي تاتارلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، بۇنىڭــغا كاچىــن، ساغاي، بىلتىر، قىزىل، شور، قايبول تىللىرى كىرىــدۇ؛ شور تــىلى — بۇنىڭغا شورئابىن (ئابا) قوندوم، ماتۇر تىللىرى كىرىدۇ؛ چولىم تاتار تىلى — بۇنىڭغا چولىم، كۆيەرىك، كېزىكلەرنىڭ تىللــىرى كىرىدۇ؛ قاگماجى تىلى (ياكى قالغالاس تىلى)؛شىمالىي ئالتاي تىللىرى — توبا، چالقان، قوماندىن تىللــىرى؛ سېرىــق ئۇيــغۇر (يۇغۇر) تىلى.

2. قىرغىز ـ قىپچاق گۇرۇپپىسى:

قەدىمكى تىلــلاردىــن: قەدىمــكى قىرغىــز (ياكى يەنــسەي قىرغىزلىرى) تىلى.

ھازىرقى تىللاردىن: قىرغىز ياكى قارا قىرغىز تىلى (بۇرۇت تىلى)؛ ئالتاي تىلى (ئالتاي كىجى تىلى) — ئالــتاي، مايــما، تېلىۇت، تېلىنگىت، چوي، تۆلۆس، قوۋانــدى ياكى قوبانــدى تىللىرى (بۇلار ئويرۇت، ئاق قالماق، تاغلىق قالــماق، ئالتاي قالماقلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ).

www.uyghurkitap.com

## IV رەشت رەخمەتى كلاسسىفىكاتسىيىسى




يۇقىرىقى كلاسسىفىكاتسىيىلەر ئىچىدە بىرزەدە بىرقەدەر تەسىرى كۆپرەك كلاسسىفىكاتسىيە ن. ئا. باسكاكوۋ كلاسسىفىكاتسىيىسى.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ كلاسسىفىكاتسىيىدە مۇنداق بىرقانچە مەسىلە بار:

(1) كونا ۋە يېڭى تىلىلارنىڭ خرونولوگىيىلىك تەرتىپى ئايدىڭ ئەمەس.

(2) ھەر ئىككىسى "taqlïq" خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇشىغا قارىماي، ئۇيغۇر- قارلۇق تىللىرى غەربىي ھون تىللىرىغا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى شەرقىي ھون تىللىرىغا ئايرىپ تاشلانغان. شۇنىڭ بىلەن بۇددىزىم ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇ- بىلىك»تە ئىپادىلەنگەن خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى بىر- بىرىدىن ئايرىپ تاشلانغان.

(3) يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئالتە ئۆلچەم بىلەن ئۆلچىگەندە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بەزى دىئالېكتلىرى (مەسىلەن، خوتەن ۋە قەشقەر شېۋىلىرى) خاقانىيە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەبىئىي داۋامى ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى زامان تۈركىي تىللىرىغا خاس بەزى فونېما ئۆزگىرىشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇيغۇر تىلىدا بولۇپمۇ ئۇنىڭ خوتەن دىئالېكتىدا، خاقانىيە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى تېپىلىدۇ. شۇڭا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى قارلۇق- خارەزم تىل گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزۈش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇنى يەنىلا قارلۇق- ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزگەن مۇۋاپىقراق.

(4) قىپچاق تىللىرىمۇ تىلدىكى ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرىگە

قاراپ بىرلا taw گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزۈلمەي، بىر قىسىم قىپچاق تىللىرى غەربىي ھون تىللىرىغا، يەنە بىر قىسىم قىپچاق تىللىرى شەرقىي ھون تىللىرىغا كىرگۈزۈلگەن. نەتىجىدە ئوخشاشلا قىپچاق تىلى گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولغان قازاق ۋە قىرغىز تىللىرى بىر-بىرىدىن بەك يىراق ئايرىپ تاشلانغان.

(5) تۈركىي تىللارنى تۈرلەرگە بۆلۈشتە ئىشلىتىلگەن شەرقىي ھون ۋە غەربىي ھون تىللىرى دېگەن ئاتالغۇمۇ ئۇنچە مۇۋاپىق ئەمەس. بىزگە مەلۇم، ھون تىللىرى تۈركىي تىللاردىن باشقا يەنە موڭغۇل تىللىرى ۋە تونگۇس-مانجۇ تىللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مېنىڭچە، "شەرقىي تۈركىي تىللار" ۋە "غەربىي تۈركىي تىللار" دېگەن ئاتالغۇ بىرقەدەر مۇۋاپىق.

تۈركىي تىللارنى تۈرلەرگە بۆلۈشتە ئەڭ يېڭى كلاسسىفىكاتسىيە رەشىت رەخمەتى ئارات كلاسسىفىكاتسىيىسىدۇر. بۇ كلاسسىفىكاتسىيە مۇنداق ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە:

1. بۇ كلاسسىفىكاتسىيىدە ئالدى بىلەن تۈركىي تىللارنىڭ ئەڭ قەدىمكى چەت-ياقا تارمىقى بولغان چۇۋاش ۋە ياقۇت تىللىرى ئايرىپ چىقىرىلىپ ئىككى چەتكە قويۇلغان. بۇ ئىككى تۈركىي تىل فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەت جەھەتتىن موڭغۇل تىللىرى ۋە تونگۇس-مانجۇ تىللىرى بىلەن بىرمۇنچە ئورتاقلىققا ئىگە. بۇ ئىككى تىل ئالتاي تۈركىي تىللىرى، موڭغۇل تىللىرى ۋە تونگۇس-مانجۇ تىللىرى بولۇپ بۆلۈنۈش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا تۈركىي تىللاردىن ئايرىلىپ كەتكەن. شۇڭا بۇ

تىلـلار بىلەن باشقا تۈركىـي تىلـلار ئوتتـۇرىـسـىـدىـكى پەرق بىرقەدەر چوڭ. شۇ سەۋەبتىن بەزى تۈركـولوگلار بۇ تىللارنى تۈركىي تىللارغا كىرمەيدۇ دېگەن پىكىردە. رەشىـت رەخـمەتى ئارات كلاسسىفىكاتـسىيىسـىـدە بۇ تىلـلارنىڭ تۈركىـي تىلـلارغا كىرىدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، شۇنىڭدەك بۇ تىلـلارنىڭ باشقا تۈركىي تىللاردىن بىرقەدەر يىراق ئىكەنلىكىمۇ ئوچـۇق كۆرسىتىلگەن.

2. بۇ كلاسسىفىكاتسىيىدە هازىرقى زامان تۈركىـي تىلـلىرى بىلەن قەدىمكى تۈركىـي تىلـلارنىڭ شۇ جۈملىـدىن قەدىمـكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىـي مۇناسـۋىتى روشەن كۆرسىتىلـگەن، ئورخۇن ـ يەنسەي مەڭـگۈ تاشـلىرىدىكى تىـل بىلەن قەدىمـكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردىكى ئەدەبىي تىل، شۇ جۈملىدىن خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى ئۆز دەۋرىدە كۆپچىلىك تۈركىي خەلقلەر ـ نىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولۇپ خىزمەت قىلغان. موڭـغۇلىيە داللىرىدىن تارتىپ ۋولگا بويلىرىغىچە بولغان كەڭ رايونلاردىن تېپىلغان مەڭگۈ تاشلارنىڭ تىلى، دۇنخۇاڭدىن تارتىپ ئوتـتۇرا ئاسىياغىچە بولغان كەڭ رايونلاردىن تېپىلغان قەدىمـكى ئۇيغۇر، ئورخۇن ۋە ئەرەب يېزىقى بىلەن يېزىلغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ تىلى بۇ نۇقتىـنى ئوچۇق كۆرسىتىـپ تۇرۇپـتۇ. 13 ـ ئەـسـىرگە كەلگەندە بىر ئورتاق ئەدەبىي تىل ئۈچ ئەدەبىي تىلغا: ئوغۇز تىللىرى ئاساسىدا راۋاجلانغان غەربىي تۈركىي تىل (مەسىلەن، تۈركمەن، ئەزەربەيـجان، تۈركىيە تىللىرىغا ئوخشاش)، قىپچاق

www.uyghurkitap.com

تىللىرى ئاساسىدا راۋاجلانغان شىمالىي تۈركىي تىل (مەسىلەن، ئالتۇن ئوردا تىلى، تاتار تىلى ۋە قازاق تىلىغا ئوخشاش)؛ ئۇيغۇر ـ قارلۇق تىللىرى ئاساسىدا راۋاجلانغان شەرقىي تۈركىي تىل (مەسىلەن، چاغاتاي، ئۇيغۇر، ئۆزبېك تىللىرىغا ئوخشاش) غا بۆلۈندى. رەشىت رەخمەتى ئارات كلاسسىفىكاتسىيىسىدە بۇ نۇقتا ئوبدان ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

رەشىت رەخمەتى ئارات كلاسسىفىكاتسىيىسىدىكى بىر ئاساسىي كەمچىلىك شۇكى، ئۇنىڭدا چۇۋاش تىلى بىلەن ياقۇت تىلى مۇستەقىل مىللىي تىل دەپ تونۇلغاندىن تاشقىرى، باشقا تۈركىي تىللارنىڭ ھەممىسى بىرلا تۈرك تىلىنىڭ دىئالېكتلىرى دېيىلگەن. بۇ نۇقتا ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ھازىرقى تۈركىي تىللارنىڭ زور كۆپچىلىكى (بۇلارنىڭ سانى 36 گە يېتىپ بارىدۇ) مۇستەقىل مىللىي تىللار بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇلارنىڭ بىر مۇنچىسى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئەدەبىي تىللارغا ئايلانغان.

كۆپچىلىك تۈركولوگلار ئېتىراپ قىلغان يۇقىرىقى ئالتە ئۆلچەم بىلەن جۇڭگودىكى تۈركىي تىللارنى تۈرلەرگە بۆلسەك، ئەھۋال تەخمىنەن مۇنداق بولىدۇ:

# I قەدىمكى تۈركىي تىللار

## 1. كۆك تۈرك ياكى تۈركۈت تىلى (ئورخۇن-يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدىكى تىل)

ۋ. رادلوفنىڭ پىكرىچە، بۇ تۈرپانىنى ئاساس قىلىغان كەڭ رايوندا ياشىغۇچى ھەر خىل تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئەدەبىي تىل. بۇ تىل تۈركىي تىللارنىڭ قارلۇق-ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى ئامىللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئوغۇز گۇرۇپپىسى ئامىللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى ئالىملار بۇ تىلنى ئوغۇز تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئەدەبىي تىل دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇ ئەدەبىي تىلدا ساپ ئوغۇز تىلى ئامىللىرى ئۇنچە كۆپ ئەمەس. رامستېت بۇ تىلنى تۈركىي تىللارنىڭ شەرقىي گۇرۇپپىسىغا (D تىللىرى گۇرۇپپىسىغا) كىرگۈزىدۇ (ن. ئا. باسكاكوۋ بۇ تىلنى تۈركىي تىللارنىڭ شەرقىي ھون تارمىقىنىڭ ئۇيغۇر-ئوغۇز گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزىدۇ).

بۇ تىلنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى مۇنداق:

1) z (tokuz)

2) d (adak)

3) bol

4) oq- (taoq)

(5 (taqliq) - q

(6 (kalqan) - q-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆك تۈرك تىلىغا ئائىت مەڭگۈ تاشلاردا ئىشلىتىلگەن يېزىق تۈركولوگىيىدە "ئورخۇن يېزىقى" دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئويما يېزىق (رۇنا يەنە بىر ئىسمى دولبارچىن يېزىقى)تۇر. 38 بەلگىدىن تەركىب تاپقان بۇ يېزىق تۈركىي تىللارنىڭ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى بىرقەدەر ياخشى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

ئورخۇن-يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ تىلى تىل نۇقتىسىدىن بەك زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما بۇ تىل قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئوخشاش يۇقىرى تەرەققىياتقا ئېرىشەلمىگەن. بۇ تىلدا يېزىلغان يازما يادىكارلىقلارمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلدا يېزىلغان يازما يادىكارلىقلاردىكىدەك كۆپ ئەمەس.

تۆۋەندىكى يېزىق يادىكارلىقلىرى مۇشۇ تىلغا مەنسۇپ.

1. چورىن مەڭگۈ تېشى — 686 — 687 - يىللىرى ئورنىتىلغان. 1971 - يىلى ئۇلانباتۇرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى چورىن دېگەن جايىدىن تېپىلغان.

2. ئونگىن مەڭگۈ تېشى — 690 — 693 - يىللىرى ئورنىتىلغان. 1891 - يىلى موڭغۇلىيىدىكى ئونگىن دەرياسى بويىدىن تېپىلغان.

3. تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى — 716 - يىلى ئورنىتىلغان. 1897 - يىلى ئۇلانباتۇردىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى باينچوكتۇ

دېگەن جايدىن تېپىلغان.
4. كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى — 732 ـ يىلى ئورنىتىلغان.
5. بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى — 735 ـ يىلى ئورنىتىلغان.
بۇ ئىككى مەڭگۈ تاش 1889 ـ يىلى ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى قوشۇتسايدام دېگەن جايدىن تېپىلغان.
6. كولىچۇر مەڭگۈ تېشى — 8 ـ ئەسىردە ئورنىتىلغان. 1912 ـ يىلى ئۇلانباتۇر يېنىدىكى ئىخى خوشۇت دېگەن جايدىن تېپىلغان.
7. مويۇنچۇر I مەڭگۈ تېشى — 747 — 757 ـ يىللىرى ئورنىتىلغان. 1909 ـ يىلى سېلىنگا دەرياسى بىلەن شىنېە ئۇسۇ كۆلى ئارىلىقىدىكى جايدىن تېپىلغان.
8. مويۇنچۇر II مەڭگۈ تېشى — 8 ـ ئەسىرگە ئائىت. 1957 ـ 1970 ـ يىللىرى موڭغۇلىيىنىڭ تالىياتتى دېگەن جايدىن تېپىلغان.
9. توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى — 1890 ـ يىلى قارا بالغا ـ سۇندىن تېپىلغان.
10. سۇجى مەڭگۈ تېشى — 1909 ـ يىلى موڭغۇلىيىنىڭ شىمالىدىكى سۇجى داۋان دېگەن جايدىن تېپىلغان.
11. سېۋۈروي مەڭگۈ تېشى — 1969 ـ يىلى موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى گەنسۇغا يېقىن سېۋۈروي دېگەن جايدىن تېپىلغان.
بۇ مەڭگۈ تاشلارنىڭ ھەممىسى مەملىكىتىمىزدىكى تۈركىي

www.uyghurkitap.com

خەلقلەرنىڭ تارىخى، تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 2. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى

"قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى" دېگەندە ئاساسەن 8 — 9 - ئەسىرلەردە ئۆزىنىڭ يۇقىرى تەرەققىيات باسقۇچىغا يەتكەن قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەدەبىي تىلى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇيغۇرلار كۆك تۈرك خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، ئىلگىرى كۆك تۈركلەرگە تەۋە بولغان نۇرغۇن تۈركىي قەبىلىلەرنى ئۆزىگە سىڭدۇرۇپ كۆك تۈرك دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئۆز ئەدەبىي تىلىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ۋە راۋاجلاندۇرغان بولغاچقا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى كۆك تۈرك تىلىدىن ئۇنچە كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق پەقەت دىئالېكت پەرقىدىنلا ئىبارەت① شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىمۇ كۆك تۈرك تىلىغا ئوخشاشلا تۈركىي تىللارنىڭ شەرقىي (D) گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ (ن. باسكاكوۋ ئۇنى شەرقىي ھون تىللىرىنىڭ

① ئا. ۋون گابايىننىڭ پىكرىچە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۈچ دىئالېكت مەۋجۇت. 1) n~ny دىئالېكتى (ئورخۇن – يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرى، مانى دىنىغا ئائىت ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر ۋە بۇددا دىنىغا ئائىت قىسمەن ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنىڭ تىلى مۇشۇ دىئالېكتقا مەنسۇپ)؛ 2) r دىئالېكتى (بۇددا دىنىغا

ئۇيغۇر - تۈركۈت گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزىدۇ). بۇنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن كۆك تۈرك تىلىنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە ئوخشاش.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى سوغد يېزىقىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرچە ھەرپلەر شەكىل جەھەتتىن سوغد ھەرپلىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. سوغد يېزىقىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. بەزى ئالىملار ئۇنى ئارامىي (قەدىمكى يەھۇدىي) يېزىقىدىن كەلگەن دەيدۇ. بەزى ئالىملار بولسا ئۇنى سوغد يېزىقىدىن بەك چوڭ پەرقلىق بولغان ئېستىرانگېلو يېزىقىدىن كەلگەن دەيدۇ. كېيىنكى يېزىق قەدىمكى سۈرىيە يېزىقىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇمۇ قەدىمكى يەھۇدىي يېزىقىنىڭ ئۆزگەرگەن بىر خىلى. لېكىن بۇ يېزىقلارنىڭ ھېچبىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدەك مۇكەممەللىشەلمىگەن ۋە كەڭ تارقالالمىغان ھەمدە ئۇيغۇر يېزىقىدەك مول مەدەنىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ كېتەلمىگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاتاقىتا 14 (مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئېيتىشىچە 18) ھەرپتىن ئىبارەت بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ شەكلى ئەمەلدە تۆت-بەش ھەرپتىن نېرى بارمايدۇ. قالغان ھەرپلەرنىڭ

---

ئائىت كۆپچىلىك ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنىڭ تىلى مۇشۇ دىئالېكتقا مەنسۇپ؛ 3) براخمى يېزىقى دىئالېكتى (براخمى يېزىقى بىلەن يېزىلغان بۇددا دىنىغا ئائىت ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرنىڭ تىلى مۇشۇ دىئالېكتقا مەنسۇپ).

www.uyghurkitap.com

ھەممسى مۇشۇ تۆت ـ بەش ھەرپنىڭ ھەر خىل قوشۇلمىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. بەزى ھەرپلەر شۇنداق كۆپ تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدۇكى، ئۇلارنى مۇستەقىل ھەرپ دېيىش تەس. يازغاندا a، z، n ۋە r تاۋۇشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپلەر بىر-بىرىدىن ئۇنچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئوقۇشنىڭ تەسلىكىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان. ئوقۇشنىڭ شۇنداق تەس بولۇشىغا قارىماي، بۇ يېزىقنىڭ شۇنچە ئۇزۇن زامانغىچە (7 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرگىچە①) ئىشلىتىلىپ كېلىشى بۇ يېزىق بىلەن ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرىلىقىدىن بولغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ بىرقانچە خىل خەت نۇسخىسى بار (ئەرەبچە يېزىقنىڭ سۇلۇس، نەستەلىق، رىقئە نۇسخىلىرىغا ئوخشاش). بۇنىڭ بىر خىلى باسما نۇسخا، يەنە بىر خىلى فارسى نەستەلىققا ئوخشاش يازما نۇسخا، 3 ـ خىلى رىقئە خېتىگە ئوخشاش مارجاندەك تىزىپ يېزىلىدىغان ئۇششاق ھۆسن خەت نۇسخىسى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا خەتتاتلىق سەنئىتىمۇ تەرەققىي قىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان قول يازمىلار ئىملاسىنىڭ پۇختىلىقى، خېتىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن نۇرغۇن تەتقىقاتچىلارنى ھەيران قالدۇرماقتا. قەدىمكى

① «ئالتۇن يارۇق»نىڭ مالوۋ تەرىپىدىن 1910 ـ يىلى جيۇچۈەندىن تېپىلغان نۇسخىسى كاتىشىنىڭ 26 ـ يىلى (1702 ـ يىلى) كۆچۈرۈلگەن.

ئۇيغۇرچە رەسمىي كىتابلار ۋە ھۆسن خەتلەر قومۇش قەلەم بىلەن يېزىلغان، ئادەتتىكى قول يازمىلار ۋە خەت ـ چەكلەر موي قەلەمدە يېزىلغان①.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان يادىكارلىقلار ناھايىتى كۆپ. بۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكىنى بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر (توخار، خەنزۇ، سانسكرىت ۋە تىبەت تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان دىنىي ۋەز ـ نەسىھەتلەر، شەرىئەت قانۇنلىرى ۋە تەفسىرلەر) تەشكىل قىلىدۇ؛ ئازراق بىر قىسمىنى بولسا مانى دىنى ۋە نېستورىيان (خرىستىئان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى) دىنىغا ئائىت دىنىي ئەسەرلەر تەشكىل قىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە مەدەنىيەتنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىگە ئائىت ئەسەرلەرمۇ بار.

---

① قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىن باشقا يەنە سوغد، مانى، براخمى، ئورخۇن، تىبەت ھەتتا خەنزۇ يېزىقلىرىمۇ ئىشلىتىلگەن. بۇ يېزىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار. مەسىلەن: مانى يېزىقى بىلەن يېزىلغان ھۆججەتلەردە a بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا h قوشۇلۇپ يېزىلىدۇ، بۇ يېزىقتا k:h، k:q، b:p، k:g، تاۋۇشلىرى ئايرىپ يېزىلىدۇ، ھەتتا f:ph، s:x، قاتتىق t بىلەن يۇمشاق t، d:ž تاۋۇشلىرىمۇ پەرق ئېتىلىدۇ. شۇڭا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان بەزى تاۋۇشلارنى مانى يېزىقىدا پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بۇ يېزىقتىمۇ بەزى سۆزلەرنىڭ ئىملاسىدا ئىككى خىللىق ئۇچرايدۇ. بۇمۇ تىل تەتقىقاتى ئۈچۈن بىر ماتېرىيال بولالايدۇ.

بۇلار: تەقۋىم ۋە ئاسترونومىيىگە ئائىت ئەسەرلەر، تىبابەتچىلىككە ئائىت ئەسەرلەر، ساياھەتنامىلەر، تىجارەت ۋە موقۇن (قانۇن) ۋەسىقىلىرى ھەمدە دىنىي ۋە دۇنياۋى مەزمۇندىكى بەدىئىي ئەسەرلەر (مەسىلەن، سەھنە ئەسەرلىرى، ھېكايىلەر، لىرىك شېئىرلار، ماقال ـ تەمسىللەر، ئېبرەتلىك سۆزلەر ۋە خەلق قوشاقلىرى)دىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى گېرمانىيىدە چىقىدىغان «ئۇيگۇرىكا»① ۋە «تۇرك تۇرپان تېكىستلىرى»②، «مانىخايكا»③، سوۋېت ئىتتىپاقىدا چىقىدىغان «قەدىمكى تۇرك يېزىقى يادىكارلىقلىرى»④ دېگەنگە ئوخشاش توپلاملاردا ئېلان قىلىنغان.

---

① ف. ۋ.ك. مۇللېر، ئا. ۋون گابايىن: «uigurica»، I كىتاب 1908 ـ يىلى، II كىتاب 1910 ـ يىلى، III كىتاب 1920 ـ يىلى، IV كىتاب 1931 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. يېقىندا گېرمانىيىدە گ. ھازاي رەھبەرلىكىدىكى بىر ھەيئەت بۇلارنى ئىككى توم قىلىپ قايتا نەشر قىلغان (Sprachwissen chaftliche» («Ergebnisse der dentchen Turfan – Forschung.

② ۋ. بانگ، ئا. ۋون گابايىن، رەشىت رەخمەتى ئارات: «Turfan Texte Tűrkische» جەمئىي 15 توپلام. بۇلارنىڭ يەتتە قىسمى ھازاي تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان يۇقىرىقى كىتابنىڭ II تومىغا كىرگۈزۈلگەن.

③ ئا. لېكوك «Manicaicha»، جەمئىي ئۈچ كىتاب. بۇلارمۇ ھازاي تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان يۇقىرىقى كىتابنىڭ I تومىغا كىرگۈزۈلگەن.

④ س. يى. مالوۋ: «قەدىمكى تۈرك يېزىقى يادىكارلىقلىرى».

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان يادىكارلىقلارنى بۇ يەردە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايمىز (بۇ ھەقتە كېڭ شىمىننىڭ مۇشۇ توپلامدىكى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان مۇھىم يادىكارلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ تەتقىق قىلىنىشى» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ). پەقەت بەدىئىي ئەدەبىياتقا ئائىت بەزى ئەسەرلەرنىلا كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئەدەبىي ئەسەرلەر:

1. چاستانى ئىلىك بەگ داستانى
2. پادىشاۋاتى قىزنىڭ ھېكايىسى
3. دانىتپالا بەگنىڭ ھېكايىسى
4. مۇقەددەس توشقان ھېكايىسى
5. ئىسوپ مەسەللىرى
6. ئوغۇزنامە
7. ماقال ـ تەمسىللەر
8. پال كىتابى
9. مايترى سىمىت (بۇددانىڭ ھاياتىنى تەسۋىرلەيدىغان سەھنە ئەسىرى)

قەدىمكى ئۇيغۇرچە شېئىرلار:

1. مانى دىنى مۇھىتىدا يېزىلغان شېئىرلار (تىرناق ئىچىدىكىسى شائىرنىڭ ئىسمى):
   1) ئىلاھىيە ـ تاڭ تەڭرى
   2) ئىلاھىيە ـ پارلاق، كۈچلۈك بىلگە تەڭرى

www.uyghurkitap.com

3) مەدھىيە (ئاپرىنچۇر تېگىن)

4) شېئىر (ئاپرىنچۇر تېگىن)

5) ئۆلۈم تەسۋىرى

6) جەھەننەم تەسۋىرى

7) بۇيۇك ئىلاھىيە — مانى ئۇچۇن

2. بۇددا مۇھىتىدا يېزىلغان شېئىرلار:

1) ئۇنداق يەرلەردە.

2) ئون تۇرلۇك ياخشىلىقنىڭ مەدھىيىسى

3) ئوتتۇز بەش بورخانغا ھۇرمەت

4) ئېلىپبە تەرتىپىدە يېزىلغان شېئىر

5) قىرتىلىق تەسۋىرى (چىسۇيا تۇتۇڭ)

6) ھەر خىل شېئىرىي پارچىلار

a. ئون تۇرلۇك نىياز ئۇسۇلى

b. ھەرە ھەققىدە پارچە

c. جانىۋارلارغا پايدىلىق بولماق

d. ئېتىراپ

e. توغرا يول

f. ياخشى تىلەك

7) ئايرىم پارچىلار

a. ئىشەنچ

b. ياخشى نىيەت

8) ھېكمەت پەزىلىتى

9) سامانتا بادرا نىيازى (قالىم كەيشى)
10) مايترى
11) توۋا ـ ئىستىغفار
12) ئابىتا تەڭرى
13) ئىستىغراق بىلەن مۇناسىۋەتلىك پارچىلار
14) خاتىمە دۇئاسى (بۇيان قاياقال)
15) خاتىمە دۇئاسى (كۈنچۈك ئىدۇق قوت)
16) خاتىمە دۇئاسى
17) خاتىمە دۇئاسى (كامالا ئانانتا شېئىرى)
18) خاتىمە دۇئاسى (سىلىك تېگىن)
19) خاتىمە دۇئاسى

3. ئىسلام مۇھىتىدا يېزىلغان شېئىرلار (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا):
1) مەرسىيە
2) ئايرىلىش
3) يولداشلىق
4) بىلىم
5) پەزىلەت
6) ياخشىلىق ۋە توغرىلىق①

① رەشىت رەخمەتى ئارات: «ئېسكى تۈرك شېئىرى»، ئەنقەرە، 1965.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يادىكارلىقلارنىڭ ئومۇمىي سانى ھەقىقەتەن ھازىر بىرنەرسە دېيىش تەس. بۇلارنىڭ پەقەت غەربىي گېرمانىيىدە ساقلانغانلىرىلا 8000 پارچىدىن ئاشىدۇ، بۇلاردىن 700 پارچىسىنىڭ مۇندەرىجىسى تۈزۈلگەن (شۇناسى تېگىن تۈزگەن)، پەقەت 20 پىرسەنتىلا ئېلان قىلىنغان. بۇ يازما يادىكارلىقلار يالغۇز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىلى، تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنىڭلا قىممەتلىك بايلىقى بولۇپ قالماستىن، ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى بولۇپمۇ مەدەنىي مۇناسىۋەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭمۇ قىممەتلىك بايلىقىدۇر.

### 3. خاقانىيە تىلى

قاراخانىلار دەۋرىدە شەكىللەنگەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى "خاقانىيە تىلى" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئەدەبىي تىل 8 ــ 9 ـ ئەسىرلەردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە شۇ ئەدەبىي تىل ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرغان بولغاچقا، شۇ ئەدەبىي تىلنىڭ يېڭى شارائىتتىكى (ئىسلام شارائىتىدىكى) داۋامى ھېسابلىنىدۇ. كلاسسىفىكاتسىيە نۇقتىسىدىن بۇ تىلمۇ تۈركىي تىللارنىڭ شەرقىي (D) گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ (باسكاكوۋ كلاسسىفىكاتسىيىسى بويىچە بۇ تىل غەربىي ھون تىللىرىنىڭ قارلۇق ـ ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. ئەمما باسكا ـ كوۋنىڭ ئۆزىمۇ بۇ تىلنى شەرقىي تۈركىي تىللار بىلەن غەربىي

تۈركىي تىللارنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر تىل دەيدۇ).

بۇ تىلنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى مۇنداق:

1) z (tokuz)

2) d (adak)

3) bol

4) -oq (taoq)

5) -oq (taoqlioq)

6) -oq- (kaloqan)

خاقانىيە تىلى ئاساسىي جەھەتتىن d تىلى بولسىمۇ، لېكىن بۇ تىلدا y تىلى ئامىللىرىمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىغان.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بايان قىلىشىچە، قاراخانىلار دەۋرىدە بىرقانچە خىل ئېغىز تىلى بولغان. بۇلارنىڭ بىرى، خاقانىيىلىكلەرنىڭ (يەنى قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ) ئېغىز تىلى. ئەدەبىي تىل مۇشۇ ئېغىز تىلى ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئىككىنچىسى، ئوغۇز، قىپچاق، تۈركمەن تىلى. ئۈچىنچىسى، ئارغۇ تىلى (بۇمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى، بۇلارنىڭ تىلىدا بىرمۇنچە سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى y تاۋۇشى nغا ئۆزگىرىدۇ). تۆتىنچىسى، چىگىل تىلى (بۇلارنىڭ تىلىدا سۆز بېشىدىكى y تاۋۇشى j غا ئۆزگىرىدۇ).

مەھمۇت قەشقەرى خاقانىيە تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن بىرمۇنچە خۇسۇسىيەتلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر ۋە خوتەن شېۋىلىرىدە ئەينەن ساقلان-

www.uyghurkitap.com

ماقتا. شۇنىڭدەك قاراخانىلار دەۋرىدىكى بىرمۇنچە قەبىلە تىللىرىدىكى پەرقلەرنىڭ قالدۇقلىرىنىمۇ بۇگۇنكى قەشقەر ئەتراپىدىكى يېزىلارنىڭ تىللىرىدىن تاپقىلى بولىدۇ (مەسىلەن، مەھمۇت قەشقەرى، ئارغۇلار mən دېمەي، men دەيدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. ئاتۇشنىڭ ئارغۇ يېزىسىنىڭ تىلىدا بۇ خۇسۇسىيەت ھازىرمۇ شۇ شەكىلدە ساقلانماقتا).

خاقانىيە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ: بۇنىڭ بىرى قاراخانىلار دەۋرى. تۆۋەندىكى يازما يادىكارلىقلار مۇشۇ دەۋرگە مەنسۇپ: (1) «تۈركىي تىللار دىۋانى»؛ (2) «قۇتادغۇبىلىك»، (3) «ئەتەبەتۇلھەقايىق».

يەنە بىرى قاراخانىلاردىن كېيىنكى دەۋر. بۇ دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەر: «قىسسە سۇلئەنبىيا»؛ «دىۋانى ھېكمەت».

بۇ تىل 13 ـ ئەسىرگىچە ھەممە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولۇپ خىزمەت قىلغان.

چاغاتاي ئەدەبىي تىلى. خاقانىيە تىلى 13 ـ ئەسىردىن ئېتىبارەن ئۈچ تارماققا بۆلۈنۈپ تەرەققىي قىلدى. بۇنىڭ بىرى، ئوغۇز تىللىرى ئاساسىدا راۋاجلانغان غەربىي تارماق تۈركىي تىل (ئەزەربەيجان، تۈركمەن تىللىرى)، يەنە بىرى، قىپچاق تىللىرى ئاساسىدا راۋاجلانغان شىمالىي تارماق تۈركىي تىل (ئالتۇن ئوردا، تاتار، قازاق تىللىرى)، ئۈچىنچىسى، ئۇيغۇر ـ قارلۇق تىللىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن شەرقىي

تارماق تۈركىي تىل (ئۇيغۇر، ئۆزبېك تىللىرى). ئەنە شۇ شەرقىي تۈركىي تىل تىمورىلەر دەۋرىگە كەلگەندە "چاغاتاي تىلى" دەپ ئاتىلىپ، 15 ــ 16 ـ ئەسىرلەردە ناۋايى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ياراتقان چاغاتاي ئەدەبىياتى بىلەن ئۆزىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈلدى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇر، ئۆزبېك قازاق، تاتار... خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولۇپ خىزمەت قىلدى.

چاغاتاي تىلى تۈركىي تىللار كلاسسىفىكاتسىيىسىدە taolik گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ (باسكاكوۋ كلاسفىكاتسىيىسى بويىچە بۇ تىل غەربىي هون تىللىرىنىڭ قارلۇق گۇرۇپپىسىنىڭ قارلۇق ـ خارەزم بۆلۈمىگە كىرىدۇ).

بۇنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) z (tokuz)

2) y<d (ayak<adak)

3) bol

4) oq - (taoq)

5) oq - <k - (taoqlik<taoqlioq)

6) - oq - (kaloqan)

بۇ خۇسۇسىيەتلەردىن باشقا، بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ سوزۇلۇشى (ياكى تەكرارلىنىشى)مۇ چاغاتاي ئەدەبىي تىلى دەۋرىدە پەيدا بولۇشقا باشلىدى (مەسىلەن، tokkuz، ottuz

دىگەنگە ئوخشاش). چاغاتاي ئەدەبىي تىلىدا شەرقىي تۈرك تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستۈن ئورۇننى ئىگەللىگەنلىكى تاشقىرى، يەنە بەزى غەربىي تۈرك تىلى (ئوغۇز-تۈركمەن تىلى) ئامىللىرىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، bol ئورنىدا ol ئىشلىتىش، +ɑa، +ka، +gə، +kə ئورنىدا +a، +ə ئىشلىتىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش. لېكسىكىدا ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنىڭ كۆپلەپ ئىشلىتىلىشىمۇ مۇشۇ دەۋردە يۈز بەرگەن ھادىسە (بۇ ھادىسە خاقانىيە تىلى دەۋرىدىلا يۈز بېرىشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن چاغاتاي تىلى دەۋرىدىكىدەك كۆپ ئەمەس ئىدى).

ناۋايى ۋە ئونىڭ زاماندا شلىرىنىڭ ھەممىگە مەلۇم ئەسەر-لىرىدىن باشقا، 16-ئەسىردىن 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە چاغاتاي ئەدەبىي تىلى بىلەن ئەسەر يازغان ۋە تەرجىمە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن:

مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر: «تارىخىي رەشىدىيە». بۇ 14—15-ئەسىرلەردە شىنجاڭدا بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەيدىغان داستان. مىلادى 1541—1546-يىللىرى يېزىلغان. ئاپتور بۇ ئەسەرنى ئاۋۋال پارسچە يېزىپ، كېيىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان.

مۇھەممەت ئىمىن خوجامقۇلى ئوغلى خىرقەتى (قەشقەرلىق، 1634—1724): «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام». شائىر بۇ

ئەسەرنى مىلادى 1670 ـ يىلى يازغان.

پازىل موللا خامۇش ئوغلى ياركەندى: بۇ كىشى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سىنى ھىجرى 1121 ـ يىلى (مىلادى 1709 — 1710 يىللىرى) ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان.

مۇھەممەت سىدىق زەلىلى (مىلادى 1743 ـ يىلى ۋاپات بولغان): «دىۋان زەلىلى». شائىر مىلادى 1727 ـ يىلىدىن 1735 ـ يىلغىچە 4 داستان يازغان، باشقا شېئىر توپلاملىرىمۇ بار (قول يازما).

نوبىتى (خوتەنلىك، شائىرنىڭ ئىسمى، تۇغۇلغان، ئۆلگەن يىللىرى نامەلۇم): «دىۋان نوبىتى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بار (قول يازما).

مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرە ئەزىزان» (يەنە بىر ئىسمى «تەزكىرە جاھان»). 1771 ـ يىلى يېزىلغان (قول يازما).

ئۆمەر باقى: «پەرھاد ـ شېرىن»، «لەيلى مەجنۇن». بۇ 1792 ـ يىلى نەسرى ئۇسلۇبتا يېزىپ چىقىلغان (قول يازما).

موللا يۇنۇس ياركەندى: «يۈسۈپ زۆلەيخا». ئېپىك داستان، مىلادى 1807 ـ يىلى يېزىلغان (قول يازما).

موللا سىدىق ياركەندى: مىلادى 1813 ـ يىلى خەمسە ناۋايىنى نەسرى ئۇسلۇبتا يېزىپ چىققان (قول يازما).

تۇردۇش ئاخۇن كاتىپ غەرىبى (قەشقەرلىق): «كىتاب غەرىب» (19 ـ ئەسىرگە ئائىت ئەسەر (قول يازما).

خاراباتى: «نەسىھەتنامە». ھىجرى 1348 ـ يىلى يېزىلغان

(قول يازما).

ئابدۇرەھىم نازارى (مىلادى 1848 ـ يىلى ۋاپات بولغان): «دۇررىلنجات»(«نىجاتلىق گۆھەرلىرى»)، «مۇھەببەت داستانلىرى» (جەمئىي يەتتە داستان). 1839 ــ 1843 ـ يىللىرى يېزىلغان (قول يازما).

ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرى: «ناۋايىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى». 1840 ـ يىلى يېزىلغان. ناۋايىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق ئەسىرى ئۈستىدىكى مۇلاھىزىلەر (قول يازما).

ئىسمائىل بەگ (بى نىشان): «پەندنامە». 1842 ـ يىلى يېزىلغان ئىپىك تەسەۋۋۇپ داستانى (قول يازما).

موللا ئابدۇغاپپار (ياركەندى): «زەپەرنامە شاھ باھادۇرخان». 1853 ـ يىلى يېزىلغان (قول يازما).

شەمسىددىن ئىبلى ئابدۇللا (يېڭىسارى): «سىيارۇلمۇخلىسىن» («مۇخلىسلارنىڭ تەرىقىتى»). تارىخىي داستان، مىلادى 1863 ـ يىلى يېزىلغان (قول يازما).

موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆجىزى (خوتەنلىك): «تەۋارىخىي مۇسقىيىيۇن». مىلادى 1870 ـ يىللاردا يېزىلغان (قول يازما).

موللا شاكىر (ئۈچتۇرپانلىق): «زەپەرنامە». مىلادى 1866 ـ يىلى يېزىلغان داستان (قول يازما).

موللا ھېيت: «ئارسلانخان تەزكىرىسى». داستان (قول يازما).

ئىبنى خۇاجەيار بىننى مۇھەممەت دۆلەت شاھىيار غەربىي: «غىرىپ». مىلادى 1875 ـ يىلى يېزىلغان (قول يازما).

ئەمىرى (مىلادى 1822 ـ يىلى ۋاپات بولغان): «شېئىرلار توپلىمى». 1876 ـ يىلى ئۇچتۇرپانلىق رەخمان قۇلى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن (قول يازما).

موللا نىياز (خوتەنلىك): ئىماملار تەزكىرىسى». داستان، 1798 ـ يىلى يېزىلغان.

موللا بىلال بىننى موللا يۇسۇپ: «غازات دەرمۇلكى چىن»، 1875 ـ يىلى يېزىلغان. «نوزۇگۇم»، «چاڭمۇزا يۇسۇپخان»، 1882 ـ يىلى يېزىلغان. «غەزەلىيات»، 1851 ـ يىلى يېزىلغان.

مۇغەننى: «زەپەرنامە». تارىخىي داستان، 1877 ـ يىلى يېزىلغان (قول يازما).

غوجامىيار بىننى مۇھەممەت (شايارلىق): «خاتىرە غەرىبىي». 1879 ـ يىلى يېزىلغان (قول يازما).

ساۋۇت ئاخۇن خەلپىتىم (قەشقەر يېڭىسارلىق): «گۈلزار بىنىش». ئىران يازغۇچىسى شەيخ ئىنايىتۇللانىڭ «باھاردانىش» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە شېئىرىي تەرجىمىسى. ھىجرى 1307 ـ يىلى (مىلادى 1887 ـ يىلى) تەرجىمە قىلىنغان.

نورۇز ئاخۇن كاتىپ زىيائى (قەشقەرلىق): «مەھزۇنىل ۋاھىزىن». ئىپىك تەسەۋۋۇپ داستانى، 1892 ـ يىلى يېزىلغان.

سەيىت ھۇسەيىنخان تەجەللى: «بەرقى تەجەللى ۋە سەبەق مۇجەللى». پارسچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىلغان شېئىرلار توپلىمى،

بەزى توپلاملىرى 1912 ـ يىلى قەشقەردە مەتبەدە بېسىلغان.
مۇسا سايرامى ئەيسا خوجا ئوغلى (سايراملىق): «تارىخ ئەمنىيە» ۋە «تارىخ ھەمىدىيە» 19 ـ ئەسىرنىڭ 2 ـ يېرىمىدا شىنجاڭدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر تارىخى، ھىجرى 1321 ـ يىلى يېزىلغان (قول يازما).
مۇھەممەت ئابدۇللا بەگ ھاجى (خوتەنلىك): «تارىخىي ۋەتەن ۋە ۋاقىئاتى خوتەن». شېئىرىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان خوتەن تارىخى، 1912 ـ يىل.
قۇدرەتۇللا بىننى مۇھەممەت ئوشۇر (خوتەنلىك): «جەھدول ئوقىل». داستان، ھىجرى 1354 ـ يىلى يېزىلغان (قول يازما).
شاتۇرۇشا بىننى ئاخۇن: «نورۇزنامە». ھىجرى 1354 ـ يىلى يېزىلغان (قول يازما).
ئەرشى: «دىۋانى ئەرشى». شېئىرلار توپلىمى (قول يازما).
ئوسمان سادىق (قەشقەرلىق): «ئەدەبىياتتا ئۇچرايدىغان ئەرەب، پارس، تۈركىي، ھىندى، سۈريانى تىللىرى لۇغىتى». ئابدۇللىتىپ بىننى ئابدۇللا كەبىدە تەرىپىدىن تۈزۈلگەن. مەزكۇر لۇغەتنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 320 بەت (قول يازما).
مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «ئەسھابۇل كەبە» (قول يازما).
موللا مۇھەممەت توقتۇزاقى: «زوبەيدە تولماسائىل».
نىيازى: «پارچە شېئىرلار» (قول يازما).
«بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» (18 ـ ئەسىر). يۇقىرىدىكى ئەسەرلەر چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ ھەر خىل دەۋرلەردىكى

ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك يازما يادىكارلىقلار ھېسابلىنىدۇ.

## II ھازىرقى تىللار

### 1. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تۈركىي تىللارنىڭ taoqlïk گۇرۇپپىسىغا (شەرقىي گۇرۇپپىسىغا) مەنسۇپ (باسكاكوۋ كلاسسىفىكاتسىيىسى بويىچە غەربىي ھون تىللىرىنىڭ قارلۇق - ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىنىڭ قارلۇق - خارەزم بۆلۈمىگە كىرىدۇ).

بۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى مۇنداق:

(1 z (tokkuz<tokuz)

(2 y<d (ayak<adak)

(3 bol

(4 oq - (taoq)

(5 k<oq - (talïoqk<taoqlïoq)

(6 oq - (kaloqan)

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ چاغاتاي ئەدەبىي تىلىدىن پەرقى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى (etim<atım) ۋە بەزى ئۇزۇن تاۋۇشلارنىڭ سوزۇق ئوقۇلۇشىدا كۆرۈلىدۇ. چاغاتاي ئەدەبىي تىلىدا بولغان بەزى غەربىي تۈركىي تىل ئامىللىرى ئۇيغۇر تىلىدا يوق، لېكىن چەھەتتە ئەرەبچە ۋە

پارسچه سۆزلەرنىڭ سالمىقىمۇ چاغاتاي تىلىدىكىدىن چوڭ ئەمەس.

## 2. قازاق تىلى

قازاق تىلى تۈركىي تىللارنىڭ tawli گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ (باسكاكوۋ كلاسسىفىكاتسىيىسى بويىچە غەربىي هون تىللىرىنىڭ قىپچاق گۇرۇپپىسىدىكى قىپچاق ـ نوغاي بۆلۈمىگە كىرىدۇ).

بۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى مۇنداق:

1) z (tokuz)

2) y<d (ayak<adak)

3) boɭ

4) w<ɣ (taw<taɣ)

5) ɣ - < - (tawlï<taɣlïɣ)

6) ɣ - (kalɣan)

قازاق تىلى خاقانىيە تىلىدىن بۆلۈنۈپ چىققان قىپچاق (شىمالىي) ئەدەبىي تىلى ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان.

## 3. قىرغىز تىلى

قىرغىز تىلى تۈركىي تىللارنىڭ taw گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ (باسكاكوۋ كلاسسىفىكاتسىيىسى بويىچە شەرقىي هون تىللىرىنىڭ قىرغىز ـ قىپچاق گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ).

هازىرقى زامان قىرغىز تىلى مىلادىنىڭ 1 ـ ئەسىرلىرىدە

يەنسەي بويلىرىدا ياشىغان قەدىمكى قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ تىلى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى زامانلاردا بۇ تىل قىپچاق تىللىرىنىڭ بولۇپمۇ خاقانىيە تىلىدىن بۆلۈنۈپ چىققان شىمالىي (قىپچاق) ئەدەبىي تىلىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا راۋاجلانغان. بۇ تىل قىپچاق تىللىرىدىن (مەسىلەن، قازاق تىلىدىن) مۇنداق بىرقانچە جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلاردا قوشۇمچە ئۇزۇنلۇق مەۋجۇت. سۆز ئاخىرىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشلار جاراڭسىزلىشىدۇ. ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەلگەن جاراڭسىز تاۋۇشلار جاراڭلىق-لىشىدۇ. لەۋلىشىش بەك ئىزچىل داۋام قىلىدۇ. مەسىلەن:

too<taw<taƣ

...toolu<tawlï<taƣlïƣ

## 4. ئۆزبېك تىلى

ئۆزبېك تىلى تۈركىي تىللارنىڭ taƣïķ گۇرۇپپىسىغا (شەرقىي گۇرۇپپىغا) كىرىدۇ. پەقەت ئۆزبېك تىلىنىڭ خىۋە دىئالېكتىلا taƣlï گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. شىنجاڭدىكى ئۆزبېك تىلى بۇلارنىڭ ئالدىنقى خىلىغا مەنسۇپ.

بۇ تىلنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى مۇنداق:

1) z (toķķuz)

2) y<d (ayaķ<adaķ)

3) bol

www.uyghurkitap.com

4) ƣ - (taƣ)

5) ķ - ƣ (taƣlīķ<taƣlīƣ)

6) ƣ - (ķalƣan)

ئۆزبېك تىلى ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاشلا taƣlīķ گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر تىلىدىن مۇنۇ جەھەتلەردە پەرقلىنىدۇ: 1) ئۆزبېك تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلار 6 (ئۇيغۇر تىلىدا 8)؛ 2) ئۇيغۇرچىدىكى a تاۋۇشى كۆپچىلىك ئۆزبېك دىئالېكتلىرىدا o لىشىدۇ؛ 3) ئۆزبېك تىلىدا (ئايرىم دىئالېكتلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى يوق؛ 4) i تاۋۇشىنىڭ يۇمشاق ھالەتكە كېلىشى (i/i'<i').

## 5. تاتار تىلى

تاتار تىلى تۈركىي تىللارنىڭ taw' گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ (باسكاكوۋ كلاسسىفىكاتسىيىسى بويىچە غەربىي ھون تىللىرىنىڭ قىپچاق گۇرۇپپىسىدىكى قىپچاق - بۇلغار بۆلۈمىگە كىرىدۇ).

بۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى مۇنداق:

1) z (toķuz)

2) y<d (ayaķ<adaķ)

3) bol

4) w<ƣ (taw<taƣ)

5) ƣ - < - (tawlī<taƣlī<taƣlīƣ)

6) - ƣ· (ķalƣan)

تاتار ئەدەبىي تىلى خاقانىيە تىلىدىن بۆلۈنگەن شىمالىي (قىپچاق) ئەدەبىي تىلى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلىدىن تەرەققىي قىلىپ چىققان. ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىنمۇ پايدىلانغان بولغاچقا، يېزىق بىلەن بىللە بەزى قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەرمۇ تاتار تىلىغا كىرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كونا تاتار تىلى چاغاتاي ئەدەبىي تىلى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغاچقا، تاتار تىلىغا كونا ئۆزبېك ۋە كونا ئۇيغۇر (چاغاتاي) ئەدەبىي تىلىغا خاس بىرمۇنچە لېكسىكىلىق ۋە گراممانىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرمۇ تەسىر قىلىپ كىرگەن. شۇنىڭدەك تاتار تىلى بىلەن قازاق (شۇ جۈملىدىن ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇر) تىلى ئوتتۇرىسىدا بەزى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ كەڭ - تارلىق خۇسۇسىيەتلىرىدە بىرمۇنچە پەرقلەر مەۋجۇت. بىرمۇنچە سۆزلەردىكى o، e تاۋۇشلىرى تاتارچىدا u، ü گە ئالمىشىدۇ (بەزى سۆزلەردە بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە).

## 6. يۇغۇر تىلى

يۇغۇر (ياكى سېرىق ئۇيغۇر) تىلى تۈركىي تىللارنىڭ taoqlïoq گۇرۇپپىسىغا (D گۇرۇپپىغا) كىرىدۇ (باسكاكوۋ كلاسسىفىكاتسىيىسى بويىچە شەرقىي ھون تىللىرىنىڭ ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىنىڭ ئۇيغۇر - تۈركۈت بۆلۈمىگە كىرىدۇ).

بۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى مۇنداق:

1) z (tokuz)

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

2) d (adak)
3) bol
4) ɣ - (taɣ)
5) ɣ - (taɣlïɣ)
6) -ɣ (kalɣan)

يۇغۇر تىلى قەدىمكى تۈركىي تىللارنىڭ بىر قالدۇقى بۇ تىل خاكاس، ئالتاي، توبا تىللىرى بىلەن بىرمۇنچە ئورتاق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. بۇ تىل مۇنداق بىرقانچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە: 1) سۆز بېشىدا جاراڭلىق تاۋۇشلار بولمايدۇ (pas<bax)۔ 2) x تاۋۇشى ئورنىغا كۆپىنچە s ئىشلىتىلىدۇ (tas<tax)۔ 3) q تاۋۇشى ئورنىغا كۆپىنچە h ئىشلىتىلىدۇ (ah<aq)۔ 4) y تاۋۇشى ئورنىغا كۆپىنچە z ئىشلىتىلىدۇ (azak<ayak)۔ 5) y تاۋۇشى ئورنىغا كۆپىنچە j كېلىدۇ (jil<yil)۔

## 7. سالار تىلى

سالار تىلى تۈركىي تىللارنىڭ taɣlïk گۇرۇپپىسىغا (شەرقىي گۇرۇپپىغا) كىرىدۇ (باسكاكوۋ كلاسسىفىكاتسىيىسى بويىچە غەربىي هون تىللىرىنىڭ قارلۇق ـ ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىغا، ئەڭ توغرىسى ئۇيغۇر ـ ئوغۇز گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ).

بۇنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى مۇنداق:

1) z (tokuz)

(ayak<adak) y<d (2

bol (3

(taoq) - oq (4

(takliq<taoqliq) k<oq (5

(kaloqan) - oq - (6

تۈركىي تىللارنىڭ شەرقىي (توغرىراقى شەرقىي جەنۇبىي) تۈركۈمگە كىرىدىغان بۇ تىل خۇددى يۇغۇر تىلىغا ئوخشاش قەدىمكى تۈركىي تىللارنىڭ بىرمۇنچە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە ساقلىغان. شۇڭا گەرچە ئۇيغۇر تىلىغا ئوخشاش taoqlik گۇرۇپ-پىسىغا كىرسىمۇ، ئەمما بىرمۇنچە جەھەتلەردە ئۇيغۇر تىلىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. باسكاكوۋمۇ مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ تىلنى ئەڭ ياخشىسى قەدىمكى تىللاردىن بولغان ئۇيغۇر - ئوغۇز تىللىرى گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزۈش كېرەك، دەيدۇ.

## 8. دىبا تىلى

بۇ ئالتاي ۋىلايىتىدە ياشايدىغان قەدىمكى بىر تۈركىي خەلقنىڭ تىلى. بۇ تىلنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تېخى تولۇق تەكشۈرۈلمىگەن. بۇ خەلق كۆكمۇنچاق دەپ ئاتىلىدۇ. ئاق سويون، قارا سويون، قىزىل سويون، ئورانخاي دېگەن ناملار-دىكى قەبىلىلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار ئۆز تىلىنى دىبا تىلى دەپ ئاتايدۇ. خەلق نوپۇسى 2 مىڭ ئەتراپىدا. ئەگەر بۇلارنىڭ

تىلى دېبا تىلى (يەنى توبا تىلى) بولىدىغان بولسا، بۇ تىل تۈركىي تىللارنىڭ taoqlïoq گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى يۇغۇر تىلىغا ئوخشاش بولىدۇ.

## 2. تۈركىي تىللارنىڭ تەتقىقاتى

تۈركىي خەلقلەرنىڭ يېزىق تىلىنىڭ قاچان ۋە قانداق شارائىت ئاستىدا ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى ھەققىدە ھازىر تېخى قەتئىي بىرنەسە دېگىلى بولمايدۇ.

خەنزۇ تارىخىدىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، 6 ـ ئەسىر ئۆپچۆرىسىدە تۈركىي خەلقلەردە يېزىق بولغان ۋە بۇ يېزىق "خۇلارنىڭ يەنى سوغدىلارنىڭ يېزىقىغا ئوخشايدۇ" دېيىلگەن. «شىمالىي چى سۇلالىسى تارىخى»نىڭ «خۇلۇي چياڭجۇي تەزكىرىسى»دە "دەي ئادىمى ليۇ شىچىڭ يات مالەتلەرنىڭ تىلىنى بىلىشتە ئۆز زامانىسىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇراتتى. كېيىن خانچە ئىگىمىز ليۇ شىچىڭغا نېرۋان نومىنى تۈركۈت (تۈرك) تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، تۈرك قاغانىغا ئەۋەتىپ بېرىشنى بۇيرۇدى" دېيىلگەن (بۇ ۋەقە مىلادى 574 — 576 ـ يىللىرىدا بولغان). لېكىن بۇ دەۋرلەرگە ئائىت تۈركىي تىلدىكى يازما يادىكارلىقلار ھازىر تېخى تېپىلمىغاچقا، بۇ ھەقتە بىرنەرسە دېيىش تەس.

رۇس ئۇيغۇرشۇناسى مالوۋ تۇرپاندىن تېپىلغان «مانى

دوئاسى»نى 5 ـ ئەسىرگە ئائىت بولسا كېرەك، دەيدۇ.

تۆۋەندە بىز ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغان يىزىق يادىكار-لىقلىرى ئاساسىدا تۈركىي تىللارنى تەتقىق قىلىش ۋە ئەدەبىي تىلنى يۇكسەلدۈرۈشكە ھەسسە قوشقان ئالىم ۋە يازغۇچىلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

1. سىنقۇسىلى — 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن بەشبا-لىقلىق مەشھۇر تەرجىمان ۋە شائىر. قوچۇ (ئىدىقۇت شەھىرى)نى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە توخار، كوسەن، خەنزۇ، سانسكرىت، تىبەت تىللىرىدىن بۇددا، مانى، نىستورىيان دىنلىرى ئەدەبىياتىنى تەرجىمە قىلىش تازا ئەۋج ئالغان، قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تازا گۈللەنگەن دەۋردە ناھايىتى پىششىق ئەدەبىي تىل ۋە ئۇسلۇبتا تەرجىمە قىلىنغان «ئالتۇن يارۇق»، «شۇەنجۇاڭنىڭ تەرجىمھالى» دىگەن چوڭ تىل يادىكارلىقلىرى سىنقۇسىلىنىڭ ئۆز دەۋرىدە خەنزۇ تىلى ۋە باشقا تىللارنى پۇختا ئىگەللىگەنلىكىنى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بويىچە ناھايىتى چوڭقۇر بىلىمگە ۋە ئەدەبىي ماھارەتكە ئىگە بولغان ئالىم ئىكەنلىكىنى ئوچۇق چۈشەندۈرىدۇ. سىنقۇسىلى يالغۇز نەسرىي تىلنىڭلا كامالەتكە يەتكەن ئۇستىسى بولۇپ قالماي، بەلكى شۇ دەۋردىكى شېئىرىي تىلنىڭمۇ ماھىر ئۇستىلىرىدىن بىرىدۇر. «ئالتۇن يارۇق»نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇچرايدىغان باش ۋە ئاياغ قاپىيىلىك قەدىمكى ئۇيغۇرچە شېئىرىي پارچىلار بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. سىنقۇسى-

لىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا زامانداش يازغۇچى ۋە شائىرلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. بۇ يازغۇچى ۋە شائىرلاردىن نابى بىزگە مەلۇم بولغانلار: ئاپرىنچۇر تېگىن (مانى دىنى مەزمۇنىدا شېئىرلار يازغان)، كۈل تارقان (مانى دىنىغا مۇناسىۋەتلىك بىرمۇنچە شېئىرلاردا بۇ شائىرنىڭ نامى ئۇچرايدۇ)، كىسكى (بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى شېئىرلار بىلەن نامى تىلغا ئېلىنغان شائىر، "تالولاپ يىغىپ مەن كىسكى، تاقشوتقا ئىنتىرۇ تېگىدى-دىم" — "تاللاپ يىغىپ مەن كىسكى، نەزىم تۈزۈشكە ئىنتىلدىم" دېگەن مىسرالار شۇ شائىرنىڭ)، پراتيا ياشىرى (ئۆزىگە خاس ئىپادە شەكلىگە ئىگە تۆرتلىكلىرى بىلەن تونۇلغان شائىر)، ئاسىغ تۇتۇڭ (بۇددا نوملىرىنى كۆچۈرۈش بىلەن داڭقى چىققان شائىر، ئۆزى كۆچۈرگەن نوملارنىڭ ئايىغىدا كۆپىنچە بۇ شائىرنىڭ ئۆز تۆرتلىكلىرى ئۇچرايدۇ)، چىسويا تۇتۇڭ (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە تونۇلغان بىر شائىر، شېئىرلىرى قاپىيە جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە)، قالىم كەيش (ئۇزۇن بىر بۇددا تېكىستىنى نەزىم بىلەن يېزىپ چىققان شائىر)، چۇچۇ (مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»دا ئاتاپ ئۆتكەن بىر شائىر)①.

---

① رەشت رەخمەتى ئارات: «ئېسكى تۈرك شېئىرى»، تۈرك تارىخ قورومى باسمىۋى، ئەنقەرە، 1965.

2. مەھمۇت قەشقەرى — 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر تىلشۇناسى. مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك») ۋە «جاۋا ھورولنەھۋى فى لۇغاتىت تۈرك» (تىللار گراممانىكىسىنىڭ جەۋھەرلىرى) ناملىق ئىككى ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ كېيىنكىسى تېخى تېپىلمىدى. مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يالغۇز تۈركىي سۆزلەرنى ئەرەبچە ئىزاھلاش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا تۈرك قەبىلىلىرى، ئۇلارنىڭ تۇرغان جايلىرى، مەدەنىيىتى، يېزىقى، تىل قائىدىلىرى، ئەدەبىياتى ۋە تارىخى ھەققىدە قىسقا لىكىن بەك قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بەرگەن. بولۇپمۇ ئۆزى ”خاقانىيە تىلى“ ياكى ”تۈرك تىلى“ دەپ ئاتىغان قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن باشقا تۈركىي تىللارنى فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك جەھەتلەردىن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، شۇ زاماندا مەلۇم بولغان نۇرغۇن تۈركىي تىللار ۋە شېۋىلەرنىڭ تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگەن ۋە بىرىنچى قېتىم تۈركىي تىللارنىڭ ئىلمىي كلاسسىفىكاتسىيىسىنى ئىشلەپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن دۇنيادا بىرىنچى بولۇپ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئىلمىگە ئاساس سالغان. بۇنىڭغا نۇرغۇن تۈركولوگلار ئىقرار.

3. يۈسۈپ خاس ھاجىپ — 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى، ئۇ ئۆزىنىڭ شانلىق ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» ئارقىلىق، مەھمۇت قەشقەرى شەرھلەپ

www.uyghurkitap.com

بەرگەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ــ خاقانىيە تىلىنى ئەدەبىي جەھەتتىن ناھايىتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن. مەھمۇت قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، بۇ ئەدەبىي تىل ئەنئەنىسىنى 13 ـ ئەسىرگىچە داۋاملاشتۇرغان يازغۇچى ۋە شائىرلاردىن ئەدىب ئەخمەت يۈكنەكى (ئەسىرى: «ئەتەبەتۇلھەقايىق»)، ئەخمەت يەسەۋى (ئەسىرى: «دىۋانى ھېكمەت»). رابغۇزى (ئەسىرى: «قىسسەسۇلئەنبىيا»)، ھەكىم ئاتا، سولايمان ئاتا (بۇلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي قەسىدىلىرى ۋە ھېكمەتلىرى بىلەن مەشھۇر)، كىچىك ئەمىر سەيفىددىن، چوڭ ئەمىر ئارسلان خوجا تارقان (بۇلار «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ھەققىدىكى تەقرىزلىرى بىلەن مەشھۇر)لارمۇ خاقانىيە تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تونۇلغان ئەرباپلىرى ھېسابلىنىدۇ.

4. ئەلىشىر ناۋايى ــ 1441 ـ يىلى ھىراتتا تۇغۇلغان. ئاتىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن ۋە ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ بەگلىرىدىن بولۇپ، ئىسمى غىياسىددىن كىچىكىنە باھادۇر.

مەھمۇت قەشقەرى تۈركىي تىللارنى تىلشۇناسلىق ئىلمىي ئاساسىدا شەرھلەپ، پۈتۈن شەرق دۇنياسىغا تونۇتقان ۋە ئەرەب تىلى بېسىمىدىن ساقلاپ قالغان بولسا، ئەلىشىر ناۋايى تۈركىي تىلنى ئەدەبىي جەھەتتىن يۈكسەك سەنئەت تىلى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، پارس تىلىنىڭ بېسىمىدىن قوغداپ قالدى. ناۋايىنىڭ «مۇھاكىمە تۇللۇغا ئەيىن» ناملىق ئەسىرى

ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى كۆز قاراشلىرىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ناۋايىغىچە ھەيدەر خارەزمى، لۇتفى سەككاكى، ئاتاي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يازغۇچىلار قەدىمكى خاقانىيە تىلى ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، تۈركىي تىللارنىڭ چاغاتاي ئەدەبىي تىلى دەۋرىنى باشلاپ بەرگەنىدى. ئەلشىر ناۋايى بۇ ئەدەبىي تىلنى يۇقىرى كامالەتكە يەتكۈزۈپ، ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلغا ئايلاندۇردى ۋە بۈگۈنكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك ئەدەبىي تىللىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سېلىپ بەردى.

3. ئەرەب ئىسلام ئالىملىرىدىن تۈركىي تىللار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ئالىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى:

1) مۇھەممەت سالىخ: كودېكس كومانىكۇس.

2) زەمەخشەرى (ۋاپاتى 1143 ـ يىل): «مۇقەددىمەتول ئەدەب» («ئەدەبنىڭ مۇقەددىمىسى»)، ئۆز دەۋرىدە شىنجاڭدىن توپلانغان تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يېزىلغان ئەسەر.

3) ئەبۇھەييان: «كىتاب ئەلئىدراك لى لىسان ئەلتۈرك» (1312 — 1313 ـ يىللىرى قىپچاق تىللىرى ئاساسىدا يېزىلغان لۇغەت ۋە گراماتىكا).

4) جامالىدىن ئەتتۈركىي (15 ـ ئەسىر): «لۇغاتىل مۇشتاق» (تولۇق ئىسمى «كىتاب لۇغاتىل مۇشتاق فى لۇغاتىت تۈرك ۋەلقىپچاق» — تۈرك قىپچاق تىللىرىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى)،

www.uyghurkitap.com

پولشا ئالىمى زاياچكوۋسكى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

5) ئىسمى نامەلۇم بىر يازغۇچى تەرىپىدىن يېزىلغان «كىتابى مەجبۇئى تەرجىمانى تۈركىي ۋە ئەجەمى ۋە موغولى ۋە پارسى» («تۈرك، ئەجەم، موڭغۇل، پارس تىللىرىنىڭ جەملەنگەن لۇغىتى»).

6) جامالىددىن ئىبنى مۇھەننا (14 ـ ئەسىر): «خەلىيەتۇللىسان ۋە خەلىيەتۇلبايان» (تىل ۋە باياننىڭ تونى). ئەسەر ئەزەربەيجان تىلىنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىي تىل (ئۇيغۇر تىلى) ئەھۋالىنىمۇ بىرقەدەر تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

7) «ئەلقەۋانىنول كۇللىيە لىزەپىتىل لۇغاتىت تۈركىيە» («تۈركىي تىللارنى ئۆگىنىشنىڭ ئومۇمىي قانۇنى»، 1928 ـ يىلى كلىسلى رىفئەت تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، 1937 ـ يىلى ۋېنگىر تۈركولوگى تېلېگدى تەرىپىدىن نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىنغان).

8) «كىتاب ئەتتوھفە تۇززەكىيە فى لۇغاتىت تۈركىيە» (تۈركىي تىللار لۇغىتى توغرىسىدا زەكىيىنىڭ تۆھپە قىلغان كىتابى). 14 ـ ئەسىرگە ئائىت بۇ مۇھىم ئەسەر، 1976 ـ يىلى تاشكەنتتە فازىلوۋ ۋە زىيايىۋالار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىنغان.

9) 13 ـ ئەسىردە مىسىردا قىپچاق تىللىرى ئاساسىدا يېزىلغان تۈركچە ـ موڭغۇلچە لۇغەت.

بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شىنجاڭدىكى تۈركىي

تىللارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئەسەرلەر ھازىر چەت ئەللەردىكى تۈركولوگلار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنماقتا.

4. چەت ئەللەردە زامانىۋى تىلشۇناسلىق ئىلمىي مەيدانغا كەلگەندىن بۇيانقى 200 يىل داۋامىدا تۈركىي تىللار ھەققىدىمۇ نۇرغۇن تەتقىقات ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە كېيىنكى 100 يىلدىن بېرى مەملىكىتىمىزدىكى قەدىمكى ۋە ھازىرقى تۈركىي تىللارغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلارمۇ خېلى زور سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. بولۇپمۇ 1893 ـ يىلى دانىيە ئالىمى ۋ. تومسېن موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ يېزىقىنى ئوقۇش ئۇسۇلىنى تاپقاندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزدىكى تۈركىي تىللارنى تەتقىق قىلىش دولقۇنى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. 1916 ـ ۋە 1917 ـ يىللىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نەشر قىلىنىش بىلەن بۇ خىل تەتقىقات يەنىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. 1908 ـ يىلى ف. ۋ. ك. مۇللېر ھازىرقى موڭغۇلچە يېزىق ياردىمىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئوقۇش ئۇسۇلىنى تاپقاندىن كېيىن، ياۋروپادا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى تەتقىقاتمۇ قىزىپ كەتتى. شۇ يىللاردا شىنجاڭدىن كۆپلەپ تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە يادىكارلىقلار بۇ خىل تەتقىقاتقا نۇرغۇن تىلشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. قەدىمكى تۈركىي تىللارنىڭ مەشھۇر يادىكارلىقلىرىدىن بولغان «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر

www.uyghurkitap.com

تىلىدىكى بۇددا دىنىغا ئائىت ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ-دىكى تۈركىي تىللار بىلەن، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلى بىلەن بىۋا-ستە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، شىنجاڭدىكى جانلىق ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلمىغىچە قەدىمكى تۈركىي تىللارغا ئائىت يۇقىرىدىكى يېزىق يادىكارلىقلىرىدا ئۇچرايدىغان نۇرغۇن مەسە-لىلەرنى ئوبدان ھەل قىلغىلى بولمايتتى؛ مۇشۇ سەۋەب بىلەن (بۇنىڭغا يەنە باشقا سەۋەبلەرمۇ قوشۇلۇپ)، ھازىرقى جانلىق ئۇيغۇر تىلىنى تەكشۈرۈشمۇ تۈركىي تىللار ھەققىدىكى تەتقىقات-نىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ قالدى. شۇڭا ئاتاقلىق تۈركولوگ-لاردىن بولغان گ. ۋامبېرى، ۋ. تومسېن، ۋ. رادلوۋ، ۋ. بانگ، س. ي. مالوۋ، رەشىت رەخمەتى ئارات، ئا. ۋون گابايىن، س. كلاۋسون. گ. رامستېت، گ. ياررىڭ قاتارلىق ئالىملار جۇڭگودىكى تۈركىي تىللار ئۈستىدە ئالاھىدە دىققەت بىلەن توختالغان ۋە نۇرغۇن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنى بۇ يەردە بىر-بىرلەپ كۆرسىتىپ ئولتۇرمايمەن. قىزىققۇچىلار بولسا، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «چەت ئەللەردە تۈركولوگىيە تەتقىقات ئەھۋالى» دېگەن كىتابقا مۇراجىئەت قىلغاي.

بۇ يەردە پەقەت تۈركىي تىللارنىڭ، شۇ جۈملىدىن جۇڭگو-دىكى قەدىمكى ۋە ھازىرقى تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىي سېلىش-تۇرما گراماتىكىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەسەرلەر

ئۇستىدىلا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىي سېلىشتۇرما گراماتىكىسى ۋە لۇغەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان ئالىملار كۆپ بولدى. مەسىلەن، ئا. ۋامبېرى، ۋ. رادلوۋ، ل، ز. بوداگوۋلار بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئىش قىلدى. ۋ. گرونبېخ تۈركىي تىللارنىڭ سېلىشتۇرما فونېتىكىسىغا ئاساس سالدى. ئا. كازىمبېك ۋە ۋ. بانگ تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىي گراماتىكىسىنى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشتى. لېكىن بۇ ئىشلارنى ئۇلار تولۇق تاماملىيالمىدى.

يەقەت 1949 ـ يىلىغا كەلگەندە، م. رەسانىن «تۈركىي تىللارنىڭ سېلىشتۇرما فونېتىكىسى ۋە گراماتىكىسى» ناملىق ئىككى ئەسەرنى ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، كارىل بروككىلمان "ئوتتۇرا تۈركچە" (قاراخانى، خارەزم ۋە چاغاتاي) تىلىنىڭ، يەنى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلىنىڭ بىر تارىخىي گراماتىكىسىنى يېزىپ چىقتى. ئۆزى سامى تىللىرى مۇتەخەسسىسى بولغان بۇ ئالىم «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەققىدىكى تەتقىقاتى بىلەن تۈركولوگىيە ساھەسىدىمۇ داڭ چىقارغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ گراماتىكىسىنى يېزىشتا قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولغان ھەممە شەرق (ئەرەب، پارس، تۈرك) مەنبەلىرىنى، بۇ چاغقىچە ئىلىم دۇنياسىدا بۇ ساھەدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تولۇق كۆزدىن كەچۈرۈپ

چىقىقان (كىتاب ئاخىرىدىكى بىبلوگرافىيە بۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ)①.

ئۇنىڭدىن قالسا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ن. ك. دمىترىيېۋ باشچىلىقىدىكى بىر كوللېكتىپ ۋە غەربىي ياۋروپادا ي. دېنى باشچىلىقىدىكى بىر كوللېكتىپ تۈركىي تىللارنىڭ سېلىشتۇرما گرامماتىكىسى ھەققىدە ئىككى ئەسەر يېزىپ چىقتى. بۇ ئەسەرلەر ئەمەلدە ھەر خىل يازغۇچىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ماقالىلىرىنىڭ توپلىمىدىن ئىبارەت.

«تۈركىي تىللارنىڭ سېلىشتۇرما گرامماتىكىسى بويىچە تەتقىقاتلار»② دەپ ئاتالغان بىرىنچى ئەسەر فونېتىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىس، لېكسىكا دېگەن تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. «تۈرك فىلولوگىيىسى ئاساسلىرى»دا، يەنى قىسقارتىپ «فوندامېنتال»③ دەپ ئاتالغان 2 ـ ئەسەردە ھەر خىل تۈركىي تىللار ۋە

---

① C. Brokelman. Osttűrkische Grammatik der islamischen Litiratursprachen Mittelasiens 1954.

② Н.К. Дмитриев и. др. «Ислидовамия ио сравнителое грамматике Тюркских языков» I. фонетика, 1955.

II Морфология, 1956, III Синтакснс, 1961.

IV Лексика, 1962.

③ J. Deny, K, Gronbech – H. Scheel. Z. V Toan Philologiae Turcicae Fundamenta I. 1959.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

شېۋىلەر ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلىنغان، بۇلارنىڭ ھەممىگە ئورتاق قائىدىلىرى كۆرسىتىلمىگەن.

بۇلاردىن باشقا، باسكاكوۋنىڭ «تۈركىي تىللار» ناملىق بىر ئەسىرى بار بۇ ئەسەردە تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىي ۋە كلاسسىفىكاتسىيىسى تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىلگەن.

شىنجاڭدىكى قەدىمكى ۋە ھازىرقى تۈركىي تىللار ھەققىدە بىرقەدەر تونۇلغان ئەسەرلەردىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن:

س. ي. مالوۋ: «قەدىمكى تۈركىي يېزىق يادىكارلىقلىرى» (1951 ـ يىل، موسكۋا ـ لېنىنگراد).

ئا. ۋون. گابايىن: «قەدىمكى تۈركىي تىل گرامماتىكىسى» (1951 ـ يىل، لېيپسىگ).

گ. ياررىڭ: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىئالېكتلىرى لۇغىتى».

ئا. م. شېرباك: «10 ــ 13 ـ ئەسىرلەردىكى شىنجاڭ تۈركىي تىل گرامماتىكىسى» (1962 ـ يىل).

كلاۋسون: «1ـ ئەسىردىن ئاۋۋالقى تۈركىي تىلنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك لۇغىتى» (1972 ـ يىل).

## 3. مەملىكىتىمىزدە تۈركىي تىللار بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، بولۇپمۇ 30 ـ يىللاردا، جۇڭگو كوممۇ-

نستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ سىياسىتىنىڭ تەسىرى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن چېن تەنچيۇ، ماۋ زېمىن باشلىق كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، شىنجاڭدا زامانىۋى مەتبۇئات ۋە مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز تىللىرى مەكتەپلەردە رەسمىي ئوقۇتۇ- لۇشقا باشلاپ، مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتىدە بىرقەدەر يۈكسىلىش بولغان، مىللىي تىللاردا دەرسلىكلەر (شۇ جۈملىدىن تىل دەرسلىكلىرى) تۈزۈلگەن، تىل ـ ئىملا مەسىلىلىرى ھەققىدە بەزى ماقالىلەر مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ھەق- قىي مەنىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلمىغا- نىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كېيىنكى چاغلاردا شىنجاڭدا يۈرگۈزگەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ۋە مىللىي تىللارنى كەمسىتىش ۋە ئىنكار قىلىش سىياسىتى بۇنداق ئىشلارنىڭ ئىشلىنىشىگە يول قويمايتتى.

بۇ ساھەدىكى خىزمەتلەر پەقەت جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي باراۋەرلىك سىياسىتى يولغا قويۇلۇشقا باشلىغاندىن كېيىنلا ھەقىقىي تۈردە قولغا ئېلىندى ۋە دۆلەت ئىشى قىلىپ تۇتۇلدى. ئازاد- لىقتىن كېيىن تۈركىي تىللار ساھەسىدە ئىشلەنگەن ئىلمىي تەتقىقات خىزمەتلىرىنى مۇنداق ئۈچ دەۋرگە بۆلۈش مۇمكىن:

1. 1949 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان دەۋر. بۇ دەۋر-



www.uyghurkitap.com

نىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، پارتىيىنىڭ مىللىي تىل - يېزىق سىياستى توغرا ئىجرا قىلىندى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ۋە يېزىقى ھۆرمەتلەندى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل - يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىلدى، مىللىي تىللارنى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى قىلىپ تۇتۇلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىللىي تىل - يېزىق خىزمىتىدە شۇ جۈملىدىن تۈركىي تىللار ساھەسىدىكى ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىدە خېلى زور ئىلگىرىلەشلەر بولۇپ، بىرمۇنچە نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. شۇڭا بۇ دەۋرنى مىللىي تىل - يېزىق ئىشلىرىنىڭ ئالتۇن دەۋرى دېيىش مۇمكىن.

2. 1958 - يىلدىن "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" يوقىتىلغانغىچە بولغان دەۋر. بۇ دەۋردە تىل - يېزىق خىزمىتىدە بىرمۇنچە ئەگرى يوللار بېسىپ ئۆتۈلدى.

3. "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" يوقىتىلغاندىن كېيىنكى دەۋر. بۇ دەۋرنى تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىش ۋە قايتا گۈللىنىش دەۋرى دېيىش مۇمكىن.

تۆۋەندە مۇشۇ ئۈچ دەۋردە تۈركىي تىللار بويىچە قىلىنغان ئىشلار ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

ئازادلىقتىن كېيىن تۈركىي تىللار بويىچە تۆۋەندىكى مۇھىم خىزمەتلەر ئىشلەندى:

1) تىل - يېزىق ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان مەخسۇس

ئورگانلار تەسىس قىلىندى. 1950 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيە ئىتتىپاقى قارمىقىدا "ئۇيغۇر تىل ـ ئىملا ھەيـ ئىتى" قۇرۇلدى. بۇ ھەيئەت ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى كونا يېزىق ئىملاسىنى تەرتىپكە سېلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر تىلىغا يات ھەرپلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئىملادا فونېتىكا پرىنسىپىنى ئاساس قىلىشنى بەلگىلىدى. 1953 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەدەنىي ـ مائارىپ كومىتېتى ئىچىدە شىنجاڭ تىل ـ يېزىق ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، تىل ـ يېزىق ئىشلىرىغا پارتىيە، ھۆكۈمەت بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى. 1956 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل ـ يېزىق تەتقىقات كومىتېتى قۇرۇلدى. بۇ كومىتېت رەھبەرلىكىدە ئۈرۈمچىدە ۋە جايلاردا مەلۇم مۇددەتتە تىل، تەرجىمە مەسىلىلىرى بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى، سىمىنارىيىلەر ئۆتكۈزۈلۈپ، «تارىم»، «مائارىپ» ژۇرناللىرىدا بۇ مۇھاكىمىلەرنىڭ نەتىجىلىرى ئېلان قىلىنىپ تۇردى.

2) تۈركىي تىللار ساھەسىدە ئىشلەيدىغان مەخسۇس ئىلمىي خادىملار قوشۇنى يېتىشتۈرۈلدى.

دۆلىتىمىز دەسلەپ قۇرۇلغان دەۋرلەردە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي تىل ـ يېزىق خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ئاجىزـ لىقىنى، مەخسۇس ئىلمىي خادىملارنىڭ يېتىشمەسلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئالىي مەكتەپلەر (مەسىلەن، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى،

غەربىي شىمال مىللەتلەر شۆيۇەنى، شىنجاڭ داشۆ، شىنجاڭ سىفەن شۆيۇەنى)دە تۈركىي تىللار بويىچە مەخسۇس كۇرس ۋە فاكۇلتېتلارنى ئېچىپ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز مىللەتلىرىدىن ۋە خەنزۇلاردىن تۈركىي تىللار بويىچە بىرمۇنچە ئىلمىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. مەسىلەن، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۇەنى تۈركىي تىللار بويىچە ئۈچ قېتىم مەخسۇس ۋە كۇرس ۋە ئاسپىرانتلىق سىنىپى تەشكىللەپ، جەمئىي 47 ئىلمىي خادىم يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 36، قازاق 5، قىرغىز 2، باشقا مىللەتلەر 6 كىشى. شىنجاڭ داشۆ ۋە شىنجاڭ سىفەن شۆيۇەنىدە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى فاكۇلتېتلىرى ئېچىلىپ، جەمئىي 967 ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىقتى (باشقا ئالىي مەكتەپلەردە يېتىشتۈرۈلگەن تىل مۇتەخەسسىسلىرى بۇنىڭ سىرتىدا). شۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىزدە تۈركىي تىللار بويىچە تۇنجى قېتىم ئىلمىي قوشۇن مەيدانغا كەلدى. 30 يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدە تۈركىي تىللار بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقاتلار ۋە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مۇشۇ ئىلمىي خادىملارنىڭ قولىدىن چىقتى.

**3**) تۈركىي تىللار بويىچە مەملىكىتىمىز تارىخىدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئومۇمىيۈزلۈك تىل تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. 1955 ـ يىلى ۋە 1956 ـــ 1957 ـ يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان ئىككى قېتىملىق تىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، يۇغۇر (سېرىق ئۇيغۇر)، سالار تىللىرى بويىچە

www.uyghurkitap.com

قىممەتلىك ماتېرىياللار توپلاندى، بۇ تىللارنىڭ دىئالېكتلىرى ۋە شېۋىلىرى ئېنىقلاندى. ئەدەبىي تىلنىڭ يېتەكچى دىئالېكتى ۋە ئەدەبىي تەلەپپۇزىغا ئاساس بولىدىغان شېۋە رايونىنى بەلگىلەشكە ئىلمىي ئاساس يارىتىلدى. بۇ خىزمەتكە مەملىكىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق تىلچىلىرىدىن فۇ ماۋجى، ما شۆلياڭ، فىڭ جياشېڭ، لى سېن قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر، ئۆزىمىزدە ئىلگىرىدىن بار بولغان ۋە ئازادلىقتىن كېيىن تۈركىي تىللار بويىچە مەخسۇس كۇرسلار ئېچىپ يېتىشتۈرۈلگەن ئىمىن تورسۇن، ئامىنە غاپپار، مىرسۇلتان، ئەنسەردىن، ئابلىز ياقۇپ، ئورازبېك، غەنىزات، سابىت روزى، چېن زۇڭجېن، ئابدۇرشىت سابىت، مەخمۇت زەئىدى قاتارلىق ئىلمىي خادىملار قاتناشتى. خىزمەت پۇختا ئىلمىي مېتود بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بولغاچقا، خىزمەتنىڭ ئۈنۈمى چوڭ، سۈپىتى يۇقىرى بولدى. بۇ قېتىمقى تىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق كېيىنكى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا پۇختا ئاساس قۇرۇلدى ۋە بۇ ئىلمىي خىزمەت جەريانىدا بىرمۇنچە ئىلمىي خادىملار يېتىشتۈرۈلدى.

4) 1956-يىلى شىنجاڭدا بىرىنچى قېتىم تىل-يېزىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ (بۇ يىغىنغا ھەر مىللەتتىن 200 دىن ئارتۇق ئىلمىي خادىم قاتناشتى)، يېزىق ئۆزگەرتىش مەسىلىسى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاتالغۇلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. بۇ يىغىندا ئىمىن تۇرسۇن تەرىپىدىن يېزىلغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي

تىلى ۋە ئۇنىڭ ئاتالغۇلىرىنى ئىشلەش مەسىلىسى» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ماقالىدە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى ۋە ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ھەققىدە يېڭى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېزىق لايىھىسى (كىرىل يېزىقى ئاساسىدا تۈزۈلگەن لايىھە) توغرا بولمىسىمۇ، ئەمما ئاتالغۇلار ۋە دىئالېكتلار ھەققىدىكى كۆز قاراشلار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىدى.

5) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان ئەتراپلىق ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە ئىنچىكە ئىلمىي تەتقىقاتلار ھەم مۇھاكىمىلەر نەتىجىسىدە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئانچە ئۇيغۇن ئەمەسلىكى ئېنىقلاندى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاساسەن ئۈچ دىئالېكت (مەركىزىي دىئالېكت، خوتەن دىئالېكتى ۋە لوپنور دىئالېكتى) بارلىقى، مەركىزىي دىئالېكت (بۇنىڭغا قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، كورلا، تۇرپان، قۇمۇل ۋە ئىلى شېۋىلىرى كىرىدۇ) ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسىي دىئالېكتى ئىكەنلىكى، ئۇرۇمچى تىلى ئەدەبىي تەلەپپۇزغا يېتەكچى قىلىنىدىغانلىقى، ھازىرقى زامان ئاممىباب يېزىق تىلىنىڭ گراماتىكىسى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى گراماتىكىسىنىڭ ئاساسى بولىدىغانلىقى ئىلمىي ئاساستا مۇقىملاشتۇرۇلدى (بۇ ھەقتە يولداش ئامىنە غاپپارنىڭ «مىللىي تىل-يېزىق» ژۇرنىلىنىڭ

1980 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىگە قارالسۇن).

ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز تىللىرىنىڭ دىئالېكتلىرى ھەققىدە ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، بىرمۇنچە ئىلمىي ماقالىلەر ۋە ئەسەرلەر ئېلان قىلىندى. بۇلاردىن مۇھىملىرى: مىرسۇلتان: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىئالېكتى»، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ غەربىي جەنۇب ـ خوتەن دىئالېكتى»؛ لى يەنيۈن: «سالار ۋە يۇغۇر تىللىرىنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىسى مەسىلىسى»؛ لى زېڭشياڭ، نۇرېبەك: «قازاق تىلىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى»؛ خۇ جېنخۇا: «جۇڭگو قىرغىزلىرىنىڭ تىلى ۋە يېزىقى»، لى يەنيۈن، خەن جەنيى: «سالار تىلىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى»، چېن زۇڭجېن: «يۇغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

6) باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز تىللىرىنى سىستېمىلىق ئوقۇتۇش يولغا قويۇلدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەر خىل تىل دەرسلىكلىرى تۈزۈلدى. بۇلاردىن بەزىلىرى رەسمىي نەشر قىلىندى، بەزىلىرى ئالىي مەكتەپلەردە كونسپېكت قىلىپ بېسىلدى.

ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن دەرسلىكلەر مۇنۇلار:

غەنىزات غەيۇرانى: «ئۇيغۇر تىلى گراممانتىكىسى»، I قىسىم، فونېتىكا، مورفولوگىيە.

داۋۇت تۆرەخمەت: «ئۇيغۇر تىلى گراممانتىكىسى»، II قىسىم، سىنتاكسىس.

ئابدۇسالام توختى: «ئۇيغۇر تىلى گراممانتىكىسى»، فونې-

تىكا، مورفولوگىيە.

ھۈسىيىن ناسىروپ: «ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى»، سىنتاكسىس.

ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن تۈزۈلگەن تىل دەرسلىكلىرى:

ئابدۇرېھىم توختى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (شىنجاڭ داشۆ).

لى سېن: ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى»، فونېتىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىس (خەنزۇلار ئۈچۈن دەرسلىك، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى).

ئابلىمىت سىدىق: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى».

مىرسۇلتان، نەسرۇللا: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (شىنجاڭ داشۆ).

تۇردى ئەخمەت: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى»، فونېتىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىس (شىنجاڭ داشۆ).

خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى).

ئىمىن تۇرسۇن: «ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى» (خەنزۇلار ئۈچۈن قوللانما).

ئابدۇكېرەم باقى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» قەشقەر سىفەن شۆيۈەن).

ئابلىمىت ئېلى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (قەشقەر).

غىلاجىدىن: «قازاق تىلى گرامماتىكىسى» (خەنزۇلار

ئۇچۇن).
مىركامال، قىنايەت، ئالىمجان: «قازاق تىلى»، فونېتىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىس.
7) لۇغەتچىلىك خىزمىتى قولغا ئېلىندى. ئازادلىقتىن كېيىن مەركەزدىكى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نەشرىيات ئورۇنلىرى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان مۇھىم لۇغەتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:
«ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ـ رۇسچە لۇغەت»، بۇرھان شەھىدى، 1953 ـ يىل.
«خەنزۇچە ـ ئۇيغورچە قىسقىچە لۇغەت» (خەلق نەشرىياتى، قاتناشقۇچىلار: ئىمىن تۇرسۇن، مۇھەممەت رېھىم).
«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت» (شىنجاڭ تىل ـ يېزىق كومىتېتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى؛ قاتناشقۇچىلار: ئابلىز ياقۇپ، ما جۇنمىن، كەيىسىڭ، پەيزۇللا راخمانى، ئېزىزجان، يى كۇنشيۇ، ۋاڭ جېڭبېن، مەخمۇت ۋە باشقىلار).
«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تۇراقلىق ئىبارىلەر لۇغىتى» (شىنجاڭ تىل ـ يېزىق كومىتېتى. قاتناشقۇچىلار: ئابدۇسالام ئابباس، ئابلىز نازىر، ئېلى ئابىت، خەلىم، ۋاڭ جېڭبېن، مادىيۇ).
«ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» (تۈزگۈچىلەر: ما جۇنمىن، ئابلىز ياقۇپ، پەيزۇللا راخمانى، خالىق ساقى، ئىبراھىم ئەخمىدى، تۇردى ئەخمەت ۋە باشقىلار؛ قاتناشقۇچىلار: رېن يۇنچاڭ، غوپۇرجان ۋە باشقىلار).



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

«خەنزۇچە ـ قازاقچە لۇغـەت» تۈزگۈچـىلەر: نايمان غازى. كەيىك، رامازان، قالىقان، سايىـپ، ئاقـىيا، سەيـىدە، ئاقان، سۇلتان، ئەمىر، غىزامىددىن).

«قازاقچە ـ خەنزۇچـە لۇغـەت» (تۈزگۈچـى: جىن بىنجې؛ تەھرىرلەر: مىللەتقان، دۇكانباي).

«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە چەت ئەل يەر نامـلىرى قوللانمىسى» (نەشىردىن چىقىش ئالدىدا، شىـنجاڭ تىـل ـ يېزىـق كومىتېتى تەرىپىدىن نەشىرگە تەييارلاندى. قاتناشقۇچىلار: ئابدۇرىشىت، راخمان، ئومەرموللاخۇن، تاھىرجان، ئەنۋەر).

«شىنجاڭ يەر نامىلىرى توپلىمـى» (ئولچـەش ـ سىزىش تەتـ. قىقات ئورنى، شىنجاڭ يەر نامـلىرى كومىتېتى. قاتناشقۇچىلار: ئابدۇرىشىت سابىت، روگە، مامۇت سابىت ۋە باشقىلار).

8) خەلق ئىچىدە ساقلانغان ھەر خىل تىل ـ يېزىق يادىكار ـ لىقـلىرى توپـلانـدى (بۇلارنىڭ ئىچىدە بۇنىڭـدىن 800 ـ 900 يىل ئىلگىرىكى ۋەسىقىلەرمۇ بار) ۋە بۇ ھەقتـىكى تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش ئىشلىرى باشلاندى.

9) قەدىمـكى تـۈركىي تـىللار تەتقىقاتـىمۇ قولغا ئېلىندى. مەملىكىتىمىزدە قەدىمكى تۈركىي تىللارغا ئائىت يېزىق يادىكار ـ لىقلىرىنى تەتقـىق قىلىشـنى پروفېسـسور خەن رۇلـىن ۋە سېن جۇڭمىيەنلەر 30 ـ يىللاردىن تارتىپلا باشلىغان. پروفېسسور فېڭ جياشېڭمۇ بۇ ھەقتە بىرمۇنچە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ ئىش يەنىمۇ زور قىزغىنـلىق بىلەن قولغا

www.uyghurkitap.com

ئېلىندى. پروفېسسور فېىڭ جياشېڭ بىر تەرەپتىن تەتقىقات ئىشىنى تۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ياش مۇتەخەسسىلەرنى يېتىشتۈرۈش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى ھەمدە بىرىنچى ئەۋلاد تۈركولوگلار ۋە ئۇيغۇرشۇناسلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى يولداش گېڭ شىمىننىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ماقالىسىدە تونۇشتۇرۇلغاچقا، بۇ يەردە بۇلارنى تەكرارلاپ ئولتۇرمايمەن.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ شۇ جۈملىدىن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى رەتلەش ۋە نەشر قىلىش خىزمىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەردى. بۇنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى ۋە نەشر قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قىممەتلىك ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش ئىشى 50 - يىللاردىلا قولغا ئېلىنغان ۋە قەشقەردە مۇھەممەت پەيزى، ئەخمەت زىيائىلار تەرىپىدىن ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغانىدى (بۇ تەرجىمە "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" دەۋرىدە يوقىلىپ كەتتى). «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ تەرجىمىسىگىمۇ كىرىشىلدى. بۇلاردىن باشقا، بېيجىڭ خان سارىيىدا ساقلىنىۋاتقان «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» رەسىمگە ئېلىش يولى بىلەن ئۈچ توم قىلىپ نەشر قىلىندى.

1958 - يىلدىن ئېتىبارەن، تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ مەركە-

زىي نۇقتىسى يېزىق ئۆزگەرتىش تەرىپىگە يۆتكەلدى. بۇ دەۋردە قىلىنغان ئىشلار، ئاساسەن، خەنزۇ تىلى پىنيىن ھەرپ-لىرى (لاتىن يېزىقى) ئاساسىدا ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ھەم شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تىل-يېزىق مەسىلىلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرچىغا يېڭىدىن كىرگەن ئاتالغۇلارنىڭ (ئاساسەن خەنزۇچە ئاتالغۇلارنىڭ) ئىملاسىغا ئائىت مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ دەۋردە شىنجاڭ «يېزىق ئۆزگەرتىش» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىپ، بۇنىڭدا يېزىق ئۆزگەرتىش ئىشىغا ماسلاشتۇ-رۇپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىسىغا ئائىت بىر مۇنچە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى، بىر مۇنچە ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. مەسىلەن، «ئۇيغۇر تىلى سىنگارمونىزىمى توغرىسىدا»، «e ۋە i تاۋۇشلىرىنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىسى توغرىسىدا» (ئابلىز ياقۇپ)، «فونېتىكا ۋە سىمانتىكا نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر تىلىغا بىر نەزەر» (فۇ ماۋجى)، «قىسمەن تۈركىي تىللاردىكى سوزۇق تاۋۇشلار» (غىلاجىدىن)، «ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى» (مىرسۇل-تان)، «فونېتىكا تەتقىقاتى» (ئورازبېك، «سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى»، «ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى» (جاڭ خۇكىيى)، «تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ۋە قوشۇلۇشى» (مەخمۇت زەيىدى)، «قازاق تىلىدىكى لەۋ تاۋۇشلىرى ۋە x تاۋۇشى ھەققىدە» (ۋېي سۇيىيى، فەنىياۋزۇ)، «ئۇيغۇر تىلىدا قوشما سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىملاسى» (مىرسۇلتان)، «يېڭى

قوبۇل قىلىنغان خەنزۇچە سۆزلەرنىڭ ئىملاسى»، «wə» نىڭ گراماتىكىلىق رولى ۋە خەنزۇچىدا ئۇنى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى» (جۇ جىنىڭ)، «ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلار»، «ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ كېيىن بىلىنگەن ئۆتكەن زامان شەكلى» (ساتتار)، «ئۇيغۇر تىلىدا سۆز تۈرلىرىنى بۆلۈش ئۆلچىمى» (جىڭ شى)، «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسى» (رەۋەيدۇللا)، «ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى»، «قازاق يېڭى يېزىقىنىڭ ئىملا سۆزلۈكى» (1966 ـ يىل)، «ئۇيغۇرچە ئىملا سۆزلۈكى» (1976 ـ يىل). ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقلىرىدا ھەر خىل دەرسلىكلەر تۈزۈپ نەشر قىلىندى.

لېكىن، 1958 ـ يىلدىن كېيىن، مىللەتلەر تىل ـ يېزىق تەتقىقاتى خىزمىتى ساھەسىدىمۇ "سول" خاتالىقنىڭ تەسىرى بىلەن مىللەتلەرنى سىڭدۈرۈۋېتىش، تىلنى سىڭدۈرۈۋېتىش شامىلى چىقىپ، مەيلى ئۇيغۇر، قازاق يېڭى يېزىقلىرىنى لايىھەلەشتە بولسۇن، مەيلى ئاتالغۇلار، تىل ـ ئىملا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا بولسۇن، تىلنىڭ ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇقۇش ئۆگىنىش ۋە ئىگىلىشىگە سەل قاراپ ئىش كۆرىدىغان خاھىشلار كېلىپ چىقتى. بۇ ھال تىل ـ يېزىق تەرەققىياتىدا بەزى ئەگرى ـ توقايلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بولۇپمۇ ئون يىللىق ۋەيرانچىلىق مەزگىلىدە، لىن بياۋ ۋە تۆت كىشىلىك گۇرۇھ سولچىل نەزەرىيە ۋە سىياسەتنى تېخىمۇ ئەۋج

ئالدۇرۇپ، بىر يۈرۈش ئەكسىيەتچىل مىللىي سىياسەتنى يولغا قويىدى، بۇنىڭ بىلەن تىل-يېزىق خىزمىتى تېخىمۇ قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، بىرمۇنچە تىل-يېزىق خادىملىرى زەربە يېدى ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، بىرمۇنچە تىل-يېزىق تارماقلىرىنىڭ خىزمىتى ئاقسىدى ۋە توختاپ كەتتى. ئومۇمەن ئالغاندا، بۇ ساھەدىكى خىزمەتلەرمۇ ئوخشاشلا ئاپەتكە ئۇچرىدى.

بىزگە مەلۇمكى، سوتسىيالىزم دەۋرى مىللىي تىللار گۈللىنىدىغان ۋە تەرەققىي قىلىدىغان دەۋر. كونا جۇڭگودا كەمسىتىلىپ، خورلىنىپ كەتكەن ئاز سانلىق مىللەتلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئازاد بولغاندىن كېيىن، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي جەھەتتىن گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى كېرەك. بۇ تەرەققىيات ئەلۋەتتە مىللىي تىل-يېزىق ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىنكى ئەمەلىيەتمۇ شۇنداق بولغانىدى. مىللىي تىللارنىڭ بۇنداق گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى مىللەتنىڭ ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى ۋە تىل تەرەققىياتىنىڭ ئىزچىللىقى بەلگىلىگەن. ستالىن تىل تەرەققىياتىنىڭ ماھىيىتىگە ۋە ھەرقايسى مىللىي تىللارنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن ئېلىنغان ئەمەلىي پاكىتلارغا ئاساسەن، تىلنىڭ ناھايىتى زور تۇراقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيىگە ناھايىتى قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ئىزاھلاپ ئۆتكەن؛

تىلدا ئىنقىلاب (پارتلاش) سادىر قىلماقچى بولغان مارر نەزەرىيەسىنى ۋە تىللارنى قوشۇۋېتىش نەزەرىيىلىرىنى قاتتىق سۆككەندى.

سوتسىيالىزىم دەۋرىدە مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىشىشى ۋە بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى، مىللىي تىللارنىڭ بىر-بىرىدىن سۆز ئېلىشى تەبىئىي ئەھۋال. جۇڭگودىكى تۈركىي تىللار ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەردىن بېرى، باشقا تىللاردىن، جۈملىدىن خەنزۇ تىلىدىن سۆز ئېلىپ كەلگەن، بۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن بۇ تىللارنىڭ ماھىيىتى ئۆزگىرىپ كەتكىنى يوق. ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيىتى بىلەن تەرەققىي قىلىپ كەلدى. باشقا تىلدىن كىرگەن سۆزلەرنى ئۆزىنىڭ فونېما سىستېمىسىغا بويسۇندۇرۇپ، ئۆز لۇغەت سوستاۋىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. تىلدا شۇنداق ئورتاق ئامىللارنىڭ كۆپىيىشى ھەرگىزمۇ تىللارنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى ئەمەس. مىللىي تىللارنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى ۋە يوقىلىشى، خۇددى ستالىن ئېيتقاندەك، يىراق كەلگۈسىدىكى، كوممۇنىزمنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدىكى ئىش. بۇنى ھازىرقى باسقۇچتا ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، بۇ جەريانىنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تاماملاشقا ئۇرۇنساق، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولمايتتى.

تۆت كىشىلىك گۇرۇھ يوقىتىلغاندىن كېيىن، مىللىي تىل-يېزىق خىزمىتى ساھەسىدىمۇ باشقا ساھەلەردىكىگە ئوخشاش بىر-

www.uyghurkitap.com

قەدەر زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. "3 - قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللىي تىل - يېزىق ئىلمىي تەتقىقات يىغىنى"دا "سوتسىيالىزم دەۋرى مىللىي تىللار قوشۇلۇپ تۈگەيدىغان دەۋر" دېگەن ئەكسىيەتچىل نەزەرىيە تەنقىد قىلىنىپ، سوتسىيالىزم دەۋرىنىڭ مىللىي تىللار گۈللەپ ياشنايدىغان دەۋر ئىكەنلىكى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مىللىي تىللارنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاج-لاندۇرۇشنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى ئىكەنلىكى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىلدى.

پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، مىللىي تىل - يېزىققا مۇناسىۋەتلىك يالغان، خاتا، ناھەق ئەنزىلەر تۈزىتىلىپ، بىرمۇنچە ئىلمىي خادىملار تىل - يېزىق ساھەسىگە قايتىپ كەلدى.

ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تىل ئىلمىي جەمئىيەتلىرى قۇرۇلۇپ، مىللىي تىللار، شۇ جۈملىدىن كونا ۋە يېڭى تۈركىي تىللار ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى قايتا قولغا ئېلىندى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە فونېتىكا، مورفولوگىيە، سىنتاكسىس، لېكسىكولوگىيە ۋە دىئالېكتولوگىيە ساھەلىرىدە يېڭى ئىلمىي تەتقىقاتلار باشلاندى. قەدىمكى تىل يادىكارلىقلىرىنى رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشلىرى باشلاندى. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ قايتا تەرجىمە قىلىنىشى ۋە نەشرگە تەي-يارلىنىشى، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نەشرگە تەييارلىنىشى،

«ئوغۇزنامە» ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق»قا ئوخشاش قەدىمكى يېزىق يادىكارلىقلىرىنىڭ نەشىر قىلىنىشى بۇنىڭ ئوچۇق ئىپادىسى.

## 4. ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر

ئازادلىقتىن كېيىن مەملىكىتىمىزدىكى تۈركىي تىللارنى تەتقىق قىلىش بويىچە خېلى كۆپ ئىشلار قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بىرمۇنچە كونا ۋە يېڭى تۈركىي تىللارنىڭ ئەسلى ماكانى بولغان مەملىكىتىمىز ئۈچۈن ئالغاندا، قىلىنغان ئىشلار تولىمۇ يېتەرسىز. خەلقئارادىكى بۇ ساھەدە قىلىنغان ئىشلارغا سېلىشتۇرغاندا، بىزدە قىلىنغان ئىشلار، مەيلى كۆلەم جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى سەۋىيە جەھەتتىن بولسۇن، تېخى خېلىلا ئارقىدا. بۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ھازىرقى تۈركىي تىللارنىڭ فونېتىكىسى ۋە گرامماتىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تارىخىي فونېتىكىسى ۋە گرامماتىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى، بولۇپمۇ تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىي فونېتىكىسى ۋە سېلىشتۇرما گرامماتىكىسى تېخى قولغا ئېلىنمىدى.

2. قەدىمكى تۈركىي تىل يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش

ۋە نەشر قىلىش ئىشى دەسلەپكى قەدەمدە قولغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن مەملىكىتىمىزدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ سانىدىن قارىغاندا، بىزدە قىلىنغان ئىشلار تېخى دېگىنىزدىن بىر تامچە دېسەك مۇبالىغە بولۇپ كەتمەس. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت يازما يادىكارلىقلارنى ئالساق، بۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى بۇ يادىكارلىقلارنى ئېلىپ كەتكەن چەت ئەللەر- نىڭ مۇزېيلىرى ۋە كىتابخانىلىرىدا ساقلانماقتا. ئازادلىقتىن كېيىن ئۆزىمىزدىن تېپىلغان بۇنداق يادىكارلىقلارمۇ تېخى تولۇق تەتقىق قىلىنىپ نەشر قىلىنمىدى. خاقانىيە ۋە چاغاتاي ئەدەبىي تىلىغا ئائىت نۇرغۇن ۋەسىقىلەر ۋە ئەسەرلەرمۇ تېخى ئوبدان رەتلەنمىدى ۋە تەتقىق قىلىنمىدى.

3. ئازادلىقتىن كېيىن، مەملىكىتىمىزدىكى تۈركىي تىللارنىڭ دىئالېكتلىرىنى تەكشۈرۈشتە توپلانغان قىممەتلىك ئىلمىي ماتېـ رىياللار تولۇق رەتلىنىپ ئېلان قىلىنمىدى. كىشىنى ئېچىندۇرىد- دىغىنى شۇكى، بۇ ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمى "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" دەۋرىدىكى ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق ۋاقتىدا نابۇت بولدى.

4. مەملىكىتىمىزدىكى تۈركىي تىللارنىڭ شەكىللىنىش تارىخى تېخى تەتقىق قىلىنمىدى.

5. مەملىكىتىمىزدىكى كونا ۋە يېڭى تۈركىي تىللارنىڭ ئىلمىي كلاسسىفىكاتسىيىسى تېخى ئىشلىنىپ چىقمىدى.

6. مەملىكىتىمىزدىكى تۈركىي تىللارنىڭ ئىزاھلىق لۇغەت-

لىرى تېخى ئىشلەنمىدى.

7. چەت ئەللەردە تۈركولوگىيە ساھەسىدە ئىشلەنگەن ئىشلار كېيىنكى يىللاردا خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەملىكىتىمىزدىكى تۈركىي تىللار، بولۇپمۇ قەدىمكى تۈركىي تىللار ھەققىدىكى تەتقىقاتلار زور سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇلارنى تەرجىمە قىلىش، ئۆگىنىپ چىقىش ۋە تونۇش-تۇرۇش ئىشىمۇ دېگەندەك ئىشلەنمىدى.

8. تۈركولوگىيە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىلمىي كۈچلىرىمىز خېلى يېتىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسى دېگەندەك يۇقىرى ئەمەس. بۇلارنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا ئەۋەتىپ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقئارا سەۋىيىگە يېتىشتۈرۈۋېلىش ئىشى تېخى كۈنتەرتىپكە قويۇلمىدى.

9. مەملىكىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق داشۆلىرىدە مەخسۇس تۈركو-لوگىيە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش مەركەزلىرى شەكىللەنمىدى، خەلقئارا ئابرويىغا ئىگە تۈركولوگلار يوق ھېسابىدا (ۋەھالەنكى، چەت ئەللەردە بۇنداق ئالىملار ئۆز-ئۆزىدىن بىرى نام چىقىرىپ كەلمەكتە). بۇ ھال مەملىكىتى-مىزدە تۈركولوگىيىنىڭ مۇھىم بىر ئىلىم تەرىقىسىدە تونۇلماي (ياكى تونۇلسىمۇ، ئېتىبار قىلىنماي) كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسى-تىدۇ. كونا ۋە يېڭى تۈركىي تىللارنىڭ ئەسلى ماكانى بولغان بىزنىڭ مەملىكىتىمىز ئۈچۈن ئالغاندا، بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە

بىر ئەھۋال.

10. مەملىكىتىمىزدە تۈركىي تىللار ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى تېخىچە تارقاق ھالدا ئېلىپ بېرىلماقتا. بۇ ئىشلارنى بىر تۇتاش تۇتىدىغان، ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى پىلانلىق ۋە تەشكىللىك ھالدا قانات يايدۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىدىغان ۋە شەرت- شارائىت يارىتىپ بېرىدىغان بىر مەخسۇس ئىلمىي مەركەز تېخى شەكىللەنمىدى.

11. ئالتايشۇناسلىق ۋە تۈركىي تىللارنىڭ ئالتاي تىللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشمۇ تۈركىي تىللار تەتقىقاتى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك بىر ساھە. بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتىمىزمۇ تېخى دېگەندەك تولۇق بولۇپ كەتمىدى.

بۇ مەسىلىلەر بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغان ۋەزىپىلەرنىڭ تېخى كۆپ ۋە ئېغىر ئىكەنلىكىنى، رەھبەرلىكنىڭ بۇ ئىشلارغا تولۇق ئېتىبار بېرىشى ۋە رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى، تۈركىي تىللار ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان ئىلمىي خادىملارنىڭ دەۋرىمىز بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويغان بۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقات خىزمىتىدە ئالدى بىلەن مۇنۇ ئىشلارنى چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك:

1. تۈركىي تىللارنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ چىقىشىمىز، بولۇپمۇ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز تىللىرىنىڭ لېكسىكا بايلىقىنى تولۇق يىغىش ئىشىنى

كىچىكتۈرمەي ئورۇنلىشىمىز كېرەك، بۇ ھەقتە بۇ چاغقىچە توپ-لانغان ئىلمىي ماتېرىياللارنى تولۇقلىشىمىز ۋە قايتا ئىنقىلاپ چىقىپ سىستېمىلىق ئىلمىي ئارخىپ بەرپا قىلىشىمىز لازىم. بۇ خىزمەت ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ ئۇلى. بۇ جەھەتتە پۇختا ئاساس قۇرۇۋېلىنسا، باشقا ساھەلەردىكى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا كۆپ ئوڭايلىق تۇغۇلىدۇ. بۇ يالغۇز تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىنلا مۇھىم بولۇپ قالماي، مىللەتشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە ۋە تارىخ تەتقىقاتى نۇقتىسىدىنمۇ بەك مۇھىم.

2. دىئالېكتولوگىيە خىزمىتىنى قولغا ئېلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن دىئالېكت ۋە شىۋىلەرنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئىشىنى قولغا ئېلىش كېرەك. چۈنكى زامانىمىزنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەدەبىي تىل بارغانسېرى كەڭ ئومۇملىشىپ، دىئالېكتلارنىڭ ئەسلى قىياپىتى ئۆزگىرىپ بارماقتا. قېرىلار ئۆلۈپ تۈگەش بىلەن دىئالېكتلارنىڭ پەرقىمۇ بارا-بارا يوقىلىدۇ. ئىلگىرىكى تىل تەكشۈرۈشلەردە دىئالېكتلارنىڭ ئەدەبىي تىل بىلەن ئوخ-شاشلىق تەرىپى دىققەت مەركىزى قىلىنغان، ئەمدى دىئالېكتلار-نىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرۈش دىققەت مەركىزى قىلىنىشى لازىم. ئەنە شۇنداق تەكشۈرۈش ئاساسىدا دىئالېكتلارنىڭ ھەممە لېكسىكىسىنى قامدايدىغان دىئالېكت لۇغەتلىرى ۋە دىئالېكتلارنىڭ ھەممە گراماتىك خۇسۇسىيەتلىرىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان سېلىشتۇرما دىئالېكت گراماتىكىسىنى يېزىپ چىقىشىمىز كېرەك.

3. ئەدەبىي تىلنى قېلىپلاشتۇرۇش ئىشىنى يەنىمۇ پۇختا ئىلمىي ئاساستا ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئەدەبىي تىل بىلەن ئېغىز تىلىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش كېرەك. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىنى ئالساق، يازما ئەدەبىي تىل بىلەن ئېغىز تىلى ئوتتۇرىسىدا يالغۇز تەلەپپۇز جەھەتتىنلا بەزى پەرقلەر بولۇپ قالماستىن، لېكسىكا ۋە جۈملە تۈزۈلۈشى جەھەتتىنمۇ بەزى پەرقلەر بار. ئىنتوناتسىيىدىكى پەرقلەر تېخىمۇ كۆپرەك (بۇنى ئادەتتە يېزىقتا ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ). بۇ چاغقىچە، بۇ ھەقتە چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغاچقا، نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، ھەممىنى قايىل قىلارلىق ئىلمىي ئاساستا ئىزاھلاپ بېرەلمەيمىز. رادىئو، كىنو، تىياتىر تىلىدا كۆرۈلۈۋاتقان بەزى مەسىلىلەر بۇنى ئوچۇق چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا. بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنى قولغا ئېلىش تىل خادىملىرىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى.

4. مەملىكىتىمىزدىكى تۈركىي تىللارنىڭ گىراماتىكىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، تۈركىي تىللارنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئىلمىي گىراماتىكىلارنى يېزىپ چىقىش كېرەك. بۇ چاغقىچە يېزىلغان گىراماتىكىلار ھىندى-ياۋروپا تىللىرىنىڭ ئەندازىسى تەسىرىدىن تولۇق چىقىپ كېتەلمىدى. شۇڭا ئىلمىي كۈچلەرنى مۇۋاپىق تەشكىللەپ، تۈركىي تىللارنىڭ بىرقەدەر مۇكەممەل ئىلمىي گىراماتىكىسىنى يېزىپ چىقىش كېچىكتۈرۈش مۇمكىن بولمايدى-

غان ۋەزىپىلەردىن بىرى.

5. لۇغەتشۇناسلىق خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، بىرىنچى قەدەمدە تۈركىي تىللارنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. قازاق ۋە قىرغىز تىللىرىنىڭ ئىزاھلىق لۇغەتلىرىنى تۈزۈش بىرقەدەر ئاساسقا ئىگە (چەت ئەللەردە بۇ تىللارنىڭ خېلى مۇكەممەل ئىزاھلىق لۇغەتلىرى نەشر قىلىندى). ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى تېخى ئىشلەنمىدى. شۇڭا بۇ خىزمەت بىزنىڭ لۇغەتچىلىك خىزمىتىمىزدە مۇھىم بىر مەركىزىي خىزمەت قىلىپ تۇتۇلۇشى كېرەك.

يۇقىرىقى ۋەزىپىلەردىن باشقا، تۈركىي تىللارنىڭ ئېغىز تىلى گرامماتىكىسىنى يېزىپ چىقىش، تارىخىي سېلىشتۇرما فونېتىكىسى ۋە گرامماتىكىسىنى يېزىپ چىقىش، شەكىللىنىش تارىخىنى تەتقىق قىلىش، تۈركىي تىللارغا ئائىت يېزىق يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىش (چەت ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىق يادىكارلىقلىرىنى ئالدۇرۇش ۋە نەشر قىلىشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، تۈركىي تىللارنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىش، تۈركىي تىللارنى تۈزۈلۈش نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش (بۇ خىل تەتقىقات تىل ئوقۇتۇش ۋە ماشىنا تەرجىمىسى خىزمەتلىرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك)، تۈركىي تىللارنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىسىنى تەتقىق قىلىش، ئالتايشۇناسلىق ھەققىدە تەتقىقات يۈرگۈزۈش، تۈركىي تىللارنى ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىش، تەرجىمە نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش، ئىستى-

لىستىكا ۋە تىل سەنئىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارمۇ بىزنىڭ دىققەت مەركىزىمىزدە بولۇشى كېرەك. بۇلاردىن باشقا، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز تىللىرى بويىچە ئاپتوماتىك تەرجىمە ئەندازىلىرى، لۇغەتلىرى ۋە گرامماتىكىلىرىنى تۈزۈپ چىقىشمۇ دەۋرنىڭ ئېھتىياجى تەلەپ قىلىۋاتقان مۇھىم ۋەزىپىلەر.

يۇقىرىقى ئىلمىي تەتقىقات ۋەزىپىلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە، دىلىمىز چوڭقۇر ھاياجانغا تولىدۇ. بىر تەرەپتىن، ئىلمىي كۈچلىرىمىزنىڭ ئازلىقى، پەننىي سەۋىيىمىزنىڭ بىرقەدەر تۆۋەنلىكى ۋە شەرت - شارائىتىمىزنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى ئويلاپ، بۇ ئىلمىي تەتقىقات ۋەزىپىلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قېلىشتىن ئەنسىرەيمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدىكى 17 يىل ئىچىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇتۇقلارنى ئەسلەپ، ئىلگىرى قىلالمىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايمىز، دېگەن قەتئىي ئىشەنچ، تەۋرەنمەس ئىرادە پەيدا بولىدۇ. پارتىيىمىز "تۆت زامانىۋىلىشىش"نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قەتئىي بەل باغلىدى. مىللىي تىل - يېزىق خىزمىتى مىللىي رايونلاردا "تۆت زامانىۋىلىشىش"نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم خىزمەت. بۇ خىزمەت ياخشى ئىشلەنسە، زامانىۋىلىشىش چوقۇم ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەيلى.

## ئىلاۋە

چەت ئەللەردە تۈركىي تىللار ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەردىن مەملىكىتىمىزدىكى تۈركىي تىللارغا موناسىۋەتلىك بولغانلىرىنىڭ تىزىمى:

### ئۇيغۇر تىلىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر

1. ر. ب. شاۋ: «شەرقىي تۈركچە (تۈركىي) ھەققىدە گراماتىكا مەسىلىلىرى»، (1875 — 1880).
2. ھ. ۋىنتاكىر: «شىنجاڭدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلى»، (1909).
3. گ. راقۇۋىتتى: «شەرقىي تۈركچە گراماتىكىسى»، (1912 — 1914).
4. ئا. ك. بورۇۋكوۋ: «ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى»، (1925).
5. ۋ. م. ناسىلوۋ: «ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى»، (1940).
6. ل. ر. لىتونى، ر. س. رەشىد: «شەرقىي تۈرك تىلى دەستۈرى»، (1956).
7. ئا. شەمىۋا ۋە ئى. ئەخمەتوۋ: «ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى»، I. فونېتىكا ۋە مورفولوگىيە»
8. گ. ياررىڭ: «شەرقىي تۈرك تىلى ئۆرنەكلىرى»، (1941 — 1951).

I توم: خوتەن ۋە يەكەن تېكىستلىرى.

II توم: قەشقەر، تاشمىلىق ۋە كۇچا تېكىستلىرى.

III توم: گۇما تېكىستلىرى.

IV توم: ئېتنوگرافىيە ۋە تارىخقا ئائىت تېكىستلەر.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

9. ئى. كونوس: «يەكەن دىئالېكتى»، (1905).
10. گ. راقۇۋنتى: «يەكەن ۋە قەشقەر دىئالېكتلىرى»، (1909).
11. س. ي. مالوۋ: «شىنجاڭدىكى جانلىق شېۋىلەر ھەققىدە تەتقىقات» (1927).
12. س. ي. مالوۋ: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇمۇل شېۋىسى»، (1954).
13. س. ي. مالوۋ: «لوپنور تىلى»، (1954).
14. س. ي. مالوۋ: «سېرىق ئۇيغۇر تىلى»، (1957).
15. س. ف. ئولدىنبېرگ: «شىنجاڭ ئۇيغۇر شېۋىلىرى ماتېرىياللىرى»، (1934).
16. ن. ن. ياستوسوۋ: «تارانچى تىلىنى ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى»، (1897 — 1907)
17. ۋامبېرى. «چاغاتاي تىلى ئۈستىدە تەتقىقات»، (1867).
18. ن. يا. ۋىلادىمىرتسوۋ، ئا. ن. سامايلوۋىچ: «"خوتون" ناملىق تۈركىي خەلق توغرىسىدا»، (1915).
19. ن. ف. كاتانوۋ: «شىنجاڭدىكى تۈركىي شېۋىلەردە مانجۇچە، خەنزۇچە لى ھەققىدە»، (1902).
20. ئو. پىرىتساك: «يېڭى ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدا».
21. ي. بېرېزىن: «خرستوماتىيە، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن مەكتۇپلار»، (1867).
22. ك. تومسېن: «يېڭى ئۇيغۇر ۋە سالار تىللىرى توغرىسىدا».
23. ۋ. رادلوۋ: «تۈرك قەۋملىرىنىڭ خەلق ئەدەبىياتى مەنبەلىرى»، (تارانچى تىلى قسمى، VI توم، 1860 — 1910).
24. ئا. ۋون. گابايىن: «قەدىمكى تۈرك تىلى گراممانكىسى».
25. س. ن. موراتوۋ: «تۈركىي تىللاردا تۈراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى»، (1941 ـ يىل، موسكۋا).

## قازاق تىلىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر

1. ن. ئى. ئىلمىنسكى: «قىرغىز (قازاق) تىلى تەتقىقاتىغا ئائىت ماتېرىياللار»، (1860 — 1861).

2. ئى. پ. لاپتېيېۋ: «قازاق ـ قىرغىز تىلى ھەققىدە ماتېرىيال- لار»، (1900).

3. پ. م. مېلىئورانسكى: «قازاق ـ قىرغىز تىلىنىڭ قىسقىچە گراماتىكىسى»، ئىككى توم (1894 — 1897).

4. ۋ. كاتارىنسكى: «قىرغىز ـ قازاق تىلى گراماتىكىسى»، (1897 — 1898).

5. س. كېڭېسبايېۋ: «قازاق تىلى گراماتىكىسى»، (1944).

6. گ. بېرغالىيېۋ، م. ساۋرانبايېۋ: «قازاق تىلىنىڭ گراماتى- كىسى»، (1944).

7. غ. غ. مۇسابايېۋ: «ھازىرقى قازاق تىلى»، (1959).

8. س. ئامانجولوۋ: قازاق تىلىنىڭ دىئالېكتولوگىيىسى ۋە تارى- خىي مەسىلىلىرى»، (1959).

9. ئى. ك. كېڭېسبايېۋا: «قازاق تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، I توم (1959)، II توم (1963).

10. ئى. ك. كېڭېسبايېۋا: «قازاق تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، ئالتە توملۇق.

## قىرغىز تىلىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر

1. س. ۋ. كىسلېۋ: «يەنسەي قىرغىزلىرىنىڭ يېزىقى»، (1949).

2. ئى. ئا. باتمانوۋ: «يەنسەيدىكى قەدىمكى قىرغىزچە يادىكار- لىقلارنىڭ تىلى» (1959).

3. س. ي. مالوۋ: «قەدىمكى تۈرك يېزىقى يادىكارلىقلىرى»، (موڭغۇلىيە ۋە قىرغىزىيە، 1959).
4. ئى. ئا. باتمانوۋ: «قىرغىز تىلى گراممانتىكىسى»، ئۈچ قىسىم (1939 ـ 1940).
5. ئى. ئا. باتمانوۋ: «هازىرقى قىرغىز تىلىنىڭ فونېتكا سىستې-مىسى»، (1938).
6. ئى. ئا. باتمانوۋ: «قىرغىز تىلى تەتقىقاتىغا قىسقىچە مۇقەد-دىمە»، (1947).
7. ئى. ئا. باتمانوۋ: «هازىرقى قىرغىز تىلى»، I. فونېتكا (1953).
8. ئا. شەيدانوۋ، ئى. ئا. باتمانوۋ: «قىرغىز تىلى گرامما-تىكىسىنىڭ دەسلەپكى ئاساسلىرى»، (1938).
9. تىنىستان ئوۋلۇقاسىم: «ئېنە تىلىمىز»، (ئانا تىلىمىز، 1938).
10. ك. ك. يۇداخىن: «قىرغىزچە ـ رۇسچە سۆزلۈك».

## ئۆزبېك تىلىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر

### a. چاغاتايچىغا ئائىتلار:

1. ئا. ك. بوروپكوۋ: «ئۆزبېك تىلى تارىخىي ئوچېركى»، (1948 ـ 1949).
2. ئا، م. شرباك: «ئۆزبېك مىللىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش تارىخي»، (1954).
3. ئا. م. شېرباك: «كونا ئۆزبېك تىلى گرامماتىكىسى»، (1962).
4. ۋ. ۋ. رەشىدوۋ: «ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىنىڭ دىئالېكتىك ئاساسى توغرىسىدا»، (1955).
5. ن. ئا. باسكاكوۋ: «ئوتتۇرا تۈرك دەۋرى ياكى ئاساسي

تۈركىي خەلقلەر تىلىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى»، (1955 ـ يىل).
6. ن. ئا. باسكاكوۋ: «كونا ئۆزبېك تىلى».
7. ئا. ن. كانونوۋ: «هازىرقى زامان ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىنىڭ گرامماتىكىسى»، (1960 ـ يىل، موسكۋا ـ لېنىنگراد).

## B. يېڭى ئۆزبېك تىلىغا ئائىتلار:

8. ن. بودزىنسكى: «سارت تىلى گرامماتىكىسى»، (1910).
9. ئى. د. پولىۋانوۋ: «ئۆزبېك تىلىنىڭ قىسقىچە گرامماتىكىسى»، (1923 ـ 1927).
10. گ. د. گروموتوۋىچ: «ئۆزبېك تىلىنىڭ ئاساسىي دەرسلىكى»، (1930).
11. ئا. كىسىن: «ئۆزبېك تىلى گرامماتىكىسى»، 2 ـ قىسىم (1941).
12. ئو. ئوسمان، ب. ئا. ئاۋىزوۋ: «ئۆزبېك تىلى گرامماتىكىسى»، I. فونېتىكا (1941).
13. ئا. ك. بوروۋكوۋ: «ئۆزبېك تىلى گرامماتىكىسى»، II (1942 ـ 1944).
14. ئا. ك. بوروۋكوۋ: «ئۆزبېك تىلشۇناسلىقى»، (1942).
15. ۋ. ۋ. رەشىدوۋ: «هازىرقى ئۆزبېك تىلى»، I (1946).
16. ۋ. ۋ. رەشىدوۋ: »ئۆزبېك تىلى»، I (1959).
17. فەخرى كامال: «هازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى»، (1957).
18. ئا. ۋون. گابايىن: «ئۆزبېك تىلى گرامماتىكىسى»، (1948).
19. ئا. ك. بوروۋكوۋ: «ئۆزبېك شېۋىلىرىنى كلاسسىفىكاتسىيە قىلىش مەسىلىلىرى».
20. ۋ. ۋ. رەشىدوۋ: «ئۆزبېك دىئالېكتولوگىيىسىنىڭ ئەھۋالى ۋە ۋەزىپىلىرى»، (1954).

21. ئى. د. پولىۋانوۋ: «تاشكەنت شېۋىسىنىڭ تاۋۇش تەركىبى»، (1922 ـــ 1923).
22. ئى. د. پولىۋانوۋ: «تۈركستان شەھىرى شېۋىسى»، (1929).
23. ئى. د. پولىۋانوۋ: «ئىكان يېزىسى شېۋىسىنىڭ فونېما سىستېمىسى».
24. ئى. د. پولىۋانوۋ: «بېگدودى شەھىرىنىڭ قازاق نايمان ۋە كاشىن شېۋىلىرى»، (1928).
25. ئى. د. پولىۋانوۋ: «سەمەرقەند شېۋىسى»، «سەمەرقەند شېۋىسىدە ۋوكالىزم».
26. ك. ك. يۇداخىن: «قارا بۇلاق شېۋىسىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا»، (1927).
27. گ. ياررىڭ: «ئافغانىستان ئۆزبېك تىلى تېكىستلىرى»، (1937).
28. س. ۋورم: «قىزىل قۇياش ئۆزبېك دىئالېكتى»، (1945). ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# تۈركىي تىللار تەتقىقاتىدا ئالدىمىزدا تۇرغان ۋەزىپىلەر①

مەلۇمكى، كېيىنكى بىرنەچچە يىل جەريانىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈركىي تىللار تەتقىقاتى تەتقىقات ساھەلىرىنىڭ كەڭلىكى جەھەتتىن كىشىنى خۇرسەن قىلارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، ئىلگىرى كىشىلەر دىققەت قىلماي كېلىۋاتقان نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەر كۆتۈرۈپ چىقىلدى. ھەل قىلىنماي كېلىۋاتقان بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يوللىرى ئېچىلدى ۋە ئېچىلماقتا. بۇلار مەملىكىتىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى تۈركىي تىللار تەتقىقاتى ئۈچۈن مەلۇم ئىلمىي قىممەتكە ۋە ئاكتۇئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

تۆۋەندە مەن تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ مۇندىن كېيىنكى ئىلمىي پائالىيەتلىرىدە پايدىلىنىشى ئۈچۈن، تۈركىي تىللار تەتقىقاتىدا ئالدىمىزدا تۇرغان ۋەزىپىلەر ھەققىدە ئۆزەمنىڭ بەزى كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن:

---

① 1982 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ش. ئۇ. ئا. ر. نىلقا ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو تۈركىي تىللار ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن لېكسىيە

## I تىل تەكشۈرۈش بويىچە

1. تېخى تولۇق تەكشۈرۈلمىگەن تىللارنى تەكشۈرۈش كېرەك. مەملىكىتىمىزدە بىرقەدەر تەكشۈرۈلگەن ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار، يۇغۇر، سالار تىللىرىدىن باشقا يەنە توبا تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كەتكەن ئابدال، كەنجەك تىللىرىغا ئائىت ماتېرىياللار ئەتراپلىق تەكشۈرۈلمىدى. شىنجاڭدىكى سالارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىمۇ ماتېرىياللار كەمچىل، قالماق قىرغىزلارنىڭ تىل ئەھۋالىمۇ تىلشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغىنى يوق. شۇڭا، تۈركىي تىللار ئىچىدە ئاشۇنداق تېخى ئوبدان تەكشۈرۈلمىگەن تىللارنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، تىلشۇناسلىق ئىلمىنى يېڭى ماتېرىياللار بىلەن بېيىتىش بىزنىڭ تىل تەكشۈرۈش ساھەسىدە ئىشلەيدىغان خىزمەتلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇشى كېرەك. بۇ، يالغۇز تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىلا مۇھىم بولۇپ قالماستىن، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى نۇقتىسىدىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

2. دىئالېكتلارنى تەكشۈرۈش كېرەك. دىئالېكت تەكشۈرۈش مەسىلىسىدە ئىككى خىل ئەھۋال مەۋجۇت. بۇنىڭ بىرى، تۈركىي تىللارنىڭ دىئالېكتلىرى بىرنەچچە قېتىم تەكشۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىرمۇنچە ئاق قالغان نۇقتىلار بار. مەسىلەن، خوتەندىكى تاغلىق ئۇيغۇرلار تىلى، قۇمۇل تاغلىق-

لىرىنىڭ تىلى، قەشقەردىكى ئۇيغۇر-قىپچاقلارنىڭ تىلى دېگەنگە ئوخشاش بىرمۇنچە شېۋىلەر تېخى ئوبدان تەكشۈرۈلمىدى. ئىككىنچىسى، تۈركىي تىللارنىڭ دىئالېكتلىرى مەقسەتلىك ئىلگىرىكى تەكشۈرۈشلەردە شۇ دىئالېكتلاردىكى ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىق بولغان نۇقتىلارغا ئېتىبار بېرىلدى. ھەربىر دىئالېكتنىڭ فونېما سىستېمىسى، مورفولوگىيىسى، سىنتاكسىسى ۋە لېكسىكىسى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىلمىدى. شۇڭا، بۇ ھەقتىكى تەكشۈرۈشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. بۇ ھەقتە ئەتراپلىق مەلۇمات يىغىلسا، يالغۇز تىل تەتقىقاتى ئۈچۈنلا پايدىلىق بولۇپ قالماي، تۈركىي تىللارنى تۈرلەرگە بۆلۈش ئۈچۈنمۇ زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە چوڭ ئىش بولاتتى.

3. دېئالېكت رايونلىرىدا ئەدەبىي تىلنى ئومۇملاشتۇرۇش جەريانىدا يۈز بەرگەن مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ چىقىش كېرەك. مۇنداق تەكشۈرۈش مەكتەپلەردە تىل ئوقۇتۇش ئىشىنى ياخشىلاپ، دىئالېكت رايونلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەدەبىي تىل سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق.

4. دىئالېكتلارنى تەكشۈرۈش ئىشىنى ياخشىلاش، ماتېرىياللارنى مۇكەممەل ئىلمىي ئۇسۇلدا خاتىرىلىۋېلىش، دىئالېكتلارنىڭ ھەر خىل تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى يالغۇز مەزكۇر دىئالېكت تەۋە بولغان تىل بىلەن سېلىشتۇرۇپلا قالماستىن، باشقا تۈركىي تىللار بىلەنمۇ سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش كېرەك. زۆرۈر تېپىلغاندا، قەدىمكى تۈركىي تىللار بىلەنمۇ سېلىشتۇرۇپ تەتقىق

قىلىش كېرەك.

5. دىئالېكتلار خەرىتىسىنى تۈزۈپ چىقىش ئىشىغا ئېتىبار بېرىش كېرەك.

## II سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق بويىچە

1. ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش؛ تۈركىي تىللارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش؛ قەدىمكى تۈركىي تىللار (مەسىلەن، ئورخۇن - يەنسەي تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، خاقانىيە تىلى، چاغاتاي ئەدەبىي تىلى) بىلەن ھازىرقى زامان تۈركىي تىللارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى قولغا ئېلىش كېرەك.

2. تۈركىي تىللار بىلەن موڭغۇل تىللىرى، مانجۇ - تۇنگۇس تىللىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشمۇ تۈركىي تىللار ساھەسىدىكى تەتقىقات تېمىلىرىدىن بولۇشى كېرەك.

3. ھەر خىل سىستېمىدىكى تىللارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشمۇ بىز ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، خەنزۇ تىلى بىلەن تۈركىي تىللارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئىشى تېخى تۈزۈكرەك قولغا ئېلىنمىدى، بۇ خىل تەكشۈرۈش ئوبدان ئىشلەنسە نۇرغۇن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئىلمىي ئاساستا ھەل قىلىشىمىزغا كۆپ ياردەم بېرىدۇ. تۈركىي تىللار بىلەن ئىران تىللىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش، قەدىمكى ئىران

تىللىرىدىن بولغان سوغد تىلى، توخار تىلى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تىللار بىلەن تۈركىي تىللارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشمۇ تۈركىي تىللار ھەققىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، تۈركىي تىللارغا كىرگەن چەت سۆزلەر، بولۇپمۇ قوشنا تىللاردىن كىرگەن چەت سۆزلەرنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش تۈركىي تىلدا سۆزلەيدىغان خەلقلەرنىڭ باشقا خەلقلەر بىلەن بولغان تارىخىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي مۇناسىۋەتلىرىنى ئېنىقلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مۇنداق سېلىشتۇرۇشتا، بولۇپمۇ تۈركىي تىللار بىلەن خەنزۇ تىلى ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي مۇناسىۋەتلەرنى تەكشۈرۈشتە ئىككى تەرەپكە، يەنى خەنزۇ تىلىدىن تۈركىي تىللارغا ۋە تۈركىي تىللاردىن خەنزۇ تىلىغا كىرگەن سۆزلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئوخشاش ئېتىبار بېرىش كېرەك. بۇ چاغقىچە بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتتا، تۈركىي تىللاردىن خەنزۇ تىلىغا كىرگەن سۆزلەرگە تولۇق ئېتىبار بېرىلمەي كەلدى. بۇنىڭغا ھەر خىل پەرەزلەرنى ئاساس قىلماستىن، تولۇق ئىلمىي پاكىتلارنى ئاساس قىلىش كېرەك.

## III تۈركىي تىللارنىڭ فونېتىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە

تىل ــ فونېما، مورفېما، سۆز، سۆز بىرىكمىسى، ئىبارە،

بىقىندى جۈملە، جۈملە ۋە گەپلەردىن قۇرۇلغان، بۇلارنى تەتقىق قىلىش تىلشۇناسلىقنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ساھەلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. چەت ئەللەردە ۋە مەملىكىتىمىزدە تۈركىي تىللارنىڭ بۇ ساھەلىرى بويىچە نۇرغۇن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. بەزى تۈركىي تىللار (مەسىلەن، تۈرك تىلى، تاتار تىلى، قازاق تىلى، قىرغىز تىلى، ئۆزبېك تىلى ۋە باشقىلار) بويىچە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار خېلى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردىمۇ خېلى زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى.

ئىلگىرى بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار ئەنئەنىۋى گراماتىكا نەزەرىيىلىرى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغانىدى، كېيىنكى يىللاردا بولۇپمۇ 60 ـ يىللاردىن كېيىن دۇنيا تىلشۇناسلىق ئىلمىدا بىرمۇنچە ئىلگىرىلەشلەر بولدى. بولۇپمۇ، فونېتىكا جەھەتتىكى تەتقىقاتلاردا ئىلمىي تەجرىبە ئەسۋابلىرى قوللىنىلغاچقا، خېلى زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى. تىلنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ بىرمۇنچە يېڭى نەزەرىيىلەر مەيدانغا كېلىپ، ئەنئەنىۋى گراماتىكا ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭدا ئېلېكترونلۇق مېڭىدىن پايدىلىنىش خېلى زور ئۈنۈم بەرمەكتە. گراماتىكا ساھەسىدىكى بۇ خىل يېڭى نەزەرىيىلەر گەرچە ئەنئەنىۋى گراماتىكا رامكىلىرىدىن تولۇق بۆسۈپ ئۆتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما تىل تەتقىقاتىنى تەبىئىي پەنلەردىكىدەك ئىلمىي تەجرىبە دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، نۇرغۇن

تالاش ـ تارتىشلارنى ھەل قىلىشنى ئىلمىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلىدى، يەنى تىل ئېغىزدا ۋە قەغەز يۈزىدە تەتقىق قىلىنىدىغان ئىلىمدىن تەجرىبىخانىلاردا تەتقىق قىلىنىدىغان ئىلىم بولۇشقا باشلىدى. شۇڭا، تىلنىڭ فونېتىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق قۇرۇلۇشىنى تەتقىق قىلىشتا تىلشۇناسلىقنىڭ بۇ خىل يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن پايدىلىنىشقا، ئەنئەنىۋى گراماتىكا نەزەرىيەسىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن بەزى رامكىلىرىدىن ھالقىپ چىقىپ، نۇرغۇن گراماتىكىلىق بىرىكمىلەر ۋە كاتېگورىيىلەرگە يېڭىچە مۇئامىلىدە بولۇشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ.

بۇ ھەقتە مۇنۇ نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك:

(1) تۈركىي تىللارنىڭ فونېتىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى بايانلارنى قايتا قاراپ چىقىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش.

(2) تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلىنى تۈركىي تىللارغا ماسلاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش.

(3) فونېتىكا ۋە گراماتىكا تەتقىقاتىدا قۇرۇلما نەزەرىيىسى تەتقىقات ئۇسۇلىدىن ۋە ئۇنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن پايدىلىنىش.

(4) فونېتىكا ۋە گراماتىكا تەتقىقاتىنى سېزىش ئەزالىرى بىلەن تەتقىق قىلىش ۋە خەت يۈزىدە تەتقىق قىلىشتىن پەيدىنپەي ئىلمىي تەجرىبىخانىلاردا تەتقىق قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش.

كونكرېت ۋەزىپىلەرگە كەلسەك:

فونېتىكا جەھەتتە:

1. تۈركىي تىللارنىڭ فونېما سىستېمىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. بۇنىڭدا يالغۇز تۈركىي تىللارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنىلا نەزەردە تۇتۇش بىلەن قالماي، تۈركىي تىللار فونېما سىستېمىسىدىكى تۈپ قانۇنىيەتلەرنىڭ ئۆتمۈشتىكى، ھازىرقى ئەھۋالى ۋە بۇندىن كېيىنكى تەرەققىيات يۈنىلىشىنى تىل پاكىتلىرىغا تايىنىپ ئىلمىي ئاساستا يورۇتۇپ بېرىش كېرەك.

2. ئۇيغۇر تىلىدا بار، ئەمما باشقا تۈركىي تىللاردا بولمىغان فونېتىكىلىق ھادىسىلەر (مەسىلەن، ɵ، a لەرنىڭ ئاجىزلىششى)نى مەخسۇس قولغا ئېلىپ، بۇ ھەقتە يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىلمىي ئەسەرلەر يېزىپ چىقىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ تۈركىي تىللار تەتقىقاتىغا ھەسسە قوشۇشىمىز كېرەك.

3. يېزىق، ئىملا ۋە ئەدەبىي تەلەپپۇزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەققىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتنى قولغا ئېلىپ، ئەمەلىيەت بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇۋاتقان مەسىلىلەرگە ئىلمىي جاۋاب بېرىشىمىز لازىم.

گراماتىكا جەھەتتە:

1. گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەرنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم بىر مەسىلە ــ ھەممىگە ئورتاق بولغان پرىنسىپلارنى ئىشلەپ چىقىش، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى قولغا ئېلىش، چۈنكى

نەزەرىيىۋى پرىنسىپلاردا ئورتاق كۆز قاراش بولمىغاندا، كونكرېت مەسىلىلەردە بىرلىككە كېلىش تەس. بۇ جەھەتتە تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ھەممە تىللارغا ئورتاق تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىش كېرەك.

2. گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلەرنى تەتقىق قىلىشتا، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئورتاقلىق ۋە قارىمۇقارشىلىقلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ئېتىبار بېرىش كېرەك. چۈنكى تۈركىي تىللارنىڭ بىرمۇنچە كاتېگورىيىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئاشۇنداق ئىككى خىل مۇناسىۋەت مەۋجۇت.

3. گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلەرنى تەتقىق قىلىشتا قېرىنداش تىللارنىڭ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىش لازىم. بۇ بىزنىڭ بەزى گرامماتىكىلىق ھادىسىلەر ھەققىدە ئەتراپلىق چۈشەنچىگە كېلىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

4. تۈركىي تىللارنىڭ گرامماتىكا تەتقىقاتىدا ماتېماتىكا ئۇسۇلىمۇ ئوبدان ئۈنۈم بېرىدۇ. ئەگەر بىز بىر خىل گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىگە ئائىت ھەممە تىل پاكىتلىرىنى يىغساق، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ياردىمىدە ھەر خىل خۇسۇسىيەتلەرگە قاراپ، ئۇلارنى تۈرلەرگە ئايرىپ چىقساق، بىزنىڭ كەلگەن خۇلاسىلىرىمىز ئوبدان ماددىي ئاساسقا ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ قايىل قىلىش كۈچىمۇ زور بولىدۇ (چەت ئەللەردە ئېلىپ بېرىلغان بۇ ھەقتىكى تەجرىبىلەر ئۆتمۈشتە بىر پىكىرگە كېلەلمەي كېلىۋاتقان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئاسانلا ھەل قىلىپ

بەرگەنلكى بۇنى ئىسپاتلىماقتا).
5. گراماتىكا هادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا تارىخىي سېلىشـ
تۇرما ئۇسۇلىدىنمۇ پايدىلىنىش كېرەك. جۇڭگودىكى تۈركىي
تىللار بۇ جەھەتتە بىرمۇنچە ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە.
گراماتىكا تەتقىقاتىدا ئالدىمىزدا تۇرغان كونكرېت ۋەزىپە-
لەرگە كەلسەك:
(1) سۆزنىڭ مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى
تەتقىقاتنى قولغا ئېلىش.
(2) سۆز تۈرلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش.
(3) پېئىللارنىڭ راي ۋە تۈس كاتېگورىيىلىرى ھەققىدىكى
تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش.
(4) كېلىش كاتېگورىيىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى
چوڭقۇرلاشتۇرۇش.
(5) ياردەمچى پېئىللار ھەققىدىكى تەتقىقاتنى
چوڭقۇرلاشتۇرۇش.
(6) گراماتىكىلىق شەكىل بىلەن مەنە مۇناسىۋىتى
ھەققىدىكى تەتقىقاتنى قولغا ئېلىش.
(7) سۆزنىڭ كۆپ مەنىلىكلىكى مەسىلىسىمۇ تېخى ئوبدان
تەتقىق قىلىنمىغان مەسىلە، بۇ گەرچە لېكسىكولوگىيىگە ياتىدىغان
مەسىلە بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ سۆزنىڭ گراماتىكىلىق
تۈزۈلۈشى بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بار.
جۈملە تۈزۈلۈشى جەھەتتە:

بىرىنچىدىن، بىرىككەن سۆز، سۆز بىرىكمىسى (ئىبارىلەر) ھەققىدىكى تەتقىقاتنى قولغا ئېلىش، ئاددىي جۈملە، ئۇنىڭ تۈرلىرى ۋە ئاددىي جۈملىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى قولغا ئېلىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك.

تۈركىي تىللاردىكى قوشما جۈملە مەسىلىسى تېخى تولۇق ھەل بولمىغان مەسىلە، بەزى تىلچىلار تۈركىي تىللاردا قوشما جۈملە بارلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. تەڭداش ۋە بېقىندى مۇناسىۋەتلىك قوشما جۈملىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى تېخى تولۇق ئىلمىي ئاساستا يورۇتۇپ بېرىلمىگەن. بۇ خىل تەتقىقاتتا تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇلى ۋە قۇرۇلمىچىلىق ئۇسۇللىرىنى تەتبىق قىلىپ، بۇ ھەقتىكى گاجىرماشلىقنى تولۇق ھەل قىلىش، ھېچ بولمىغاندا، تۈپ نۇقتىلاردا بىر ئىلمىي خۇلاسىگە كېلىش كېرەك.

پرىكتاتسىيە مەسىلىسىمۇ بۇندىن كېيىن ئىلمىي ئاساستا يورۇتۇپ بېرىش زۆرۈر بولغان بىر مەسىلە.

بۇلاردىن باشقا يىراقراق كېلەچەكنى كۆزلەپ ئىشلەيدىغان ئىشلاردىن يەنە:

تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىي گرامماتىكىسىمۇ بىزدە تېخى قولغا ئېلىنمىدى. بۇنىڭدا، ئۇيغۇر تىلىنى ئالساق، ئورخۇن ـ يەنسەي ئابىدىلىرى تىلىنىڭ گرامماتىكىسى (بۇ ھەقتە گابايىنىنىڭ «قەدىمكى تۈركىي تىللار گرامماتىكىسى، كونونوۋنىڭ: «7 ـــ 9 ـ ئەسىردىكى ئورخۇن ـ يەنسەي ئابىدىلىرى تىلىنىڭ گرامماتى-

كىسى» قاتارلىق ئەسەرلەر بار) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى گرامما-
تىكىسى، خاقانىيە تىلى گراماتىكىسى، چاغاتاي ئەدەبىي تىلى
گراماتىكىسى دېگەنگە ئوخشاش تىلىمىزنىڭ ھەرقايسى تارىخىي
باسقۇچلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان گراماتىكىلارنى يېزىشىمۇ
بىزنىڭ نەزەر دائىرىمىز ئىچىگە كىرىشى كېرەك. بىرىنچى
قەدەمدە مۇشۇ ھەقتە چەت ئەللەردە يېزىلغان گراماتىكىلار
بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىمىز، مۇمكىن بولسا ئۇلارنى ئۇيغۇر
تىلىغا تەرجىمە قىلىشىمىز لازىم.

ئىككىنچىدىن، تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىي گراماتىكىسىنى
تەتقىق قىلىش جەريانىدا ھەربىر كونكرېت تۈركىي تىلدا،
گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر ئۆزگىرىشىنىمۇ تەتقىق قىلىش
كېرەك. بۇ مەسىلە بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىدا ئالاھىدە روشەن
كۆرۈلمەكتە. ئومۇمەن تۈركىي تىللاردا بىرمۇنچە گراماتىكىلىق
شەكىللەر بارغانسېرى ئاددىيلىشىۋاتقان بىر يۈزلىنىش مەۋجۇت.
بىز بۇ ھادىسىگە تېخى ئوبدان دىققەت قىلماي كېلىۋاتىمىز.

ئۈچىنچىدىن، گراماتىكا تەتقىقاتىدا باشقا تىللارنىڭ تۈركىي
تىللارغا بولغان تەسىرىنى تەتقىق قىلىشىمۇ دىققەت نەزەرىمىزدىن
چەتتە قالماسلىقى كېرەك. بۇنىڭدا بەزى گراماتىكىلىق ھادى-
سىلەر تۈركىي تىللارغا ئىجابىي تەسىر بەرسە، بەزىلىرى سەلبىي
تەسىر بەرمەكتە، بولۇپمۇ تەرجىمە تىلىدا بۇ خىل سەلبىي
تەسىر (مەسىلەن، بەزى گراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەرنى
بۇزۇش، تىل قائىدىلىرىدىن چەتنەپ كېتىش. تۈركىي تىللارغا

يات ئىبارىلەر، جۈملە شەكىللىرى ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى ئىشلە-
تىش دېگەنگە ئوخشاش) مەۋجۇت. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى
تەتقىق قىلىش كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇلارغا توغرا مۇئامىلىدە
بولۇش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگىلى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي
تىلشۇناسلىقتا تەنقىد قىلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەرگە تۈركىي
تىللاردىن ئېلىنغان پاكىتلار ئاساسىدا ئىلمىي جاۋاب بەرگىلى
بولىدۇ.

لېكسىكولوگىيە جەھەتتە:

1. سۆز ياساش ۋاستىلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات.

2. سۆز مەنىلىرىنى ئېنىقلاش ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى
تەتقىقات.

3. ئاتالغۇلار ھەققىدىكى تەتقىقات.

4. چەتتىن كىرگەن سۆزلەر ھەققىدىكى تەتقىقات (بۇ قەدىمكى
زامانلاردىن تارتىپ ھازىرقى كۈنگىچە تۈركىي تىللارغا باشقا
تىللاردىن كىرگەن ھەممە چەت سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.)

5. لۇغەتشۇناسلىق ھەققىدىكى تەتقىقات.

(1) بىر تىللىق لۇغەتنى قانداق تۈزۈش ھەققىدىكى
تەتقىقات.

(2) ئىككى تىللىق ۋە كۆپ تىللىق لۇغەتلەر ھەققىدىكى
تەتقىقات (ئۇيغۇر تىلىدا بۇلارنىڭ ئوبدان نەمۇنىلىرى بار).

(3) ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەت تۈزۈش ئۇسۇللىرى، شۇ
جۈملىدىن ھەرقايسى پەنلەر بويىچە ئىزاھلىق لۇغەتلەرنى

تـۈزۈش ئۇسۇلـى ھەقـقىدىـكى تەتقىقاتـلارمۇ بۇنىڭ ئىـچىگە كىرىدۇ.

بۇ خىل تەتقىقاتلار ھازىر تۈركىي تىللار بويىچە تۈزۈلۈۋاتقان ھەر خىل لۇغەتلەرنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

## IV قەدىمكى تۈركىي تىللار يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە نەشر قىلىـش

تۈركىي تىللارنى تەتقىق قىلىشـتا قەدىمـكى تۈركىي تىللار يادىكارلىقلىرى بولماي مۇمكىن ئەمەس، بۇ خىل يادىكارلىقلار:

1. ئورخۇن ـ يەنسەي يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار.

2. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقـىدىـكى يادىـكارلىقـلار (بۇ، ئۆز ئىچىگە سوغد يېزىقى، مانى يېزىقى، بىراخما يېزىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يېزىقلار بىلەن يېزىلغان يادىكارلىقلارنىمۇ ئالىدۇ).

3. ئەرەب يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار. بۇ بىرنەچـچە يىلـدىن بېرى: بۇ خىل يادىكارلىقلارنى رەتلەش، نەشر قىلىش بويىچە بىرمۇنچە ئوبـدان ئىشلار قىلىندى. مەسىلەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «ئوغۇزنامە»، «مايتىرسىمىت» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەسەرلەرنىڭ بەزىسى نەشر قىلىندى، بەزىسى نەشرگە تەييارلانـماقتا. بۇ، مەملىكتىـمىزدە تۈركىي تىللار تەتقىقاتىدا ئېرىشىلگەن خېلى زور مۇۋەپپەقىـيەت.

لەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىزمەتنى يەنە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. شۇنىڭدەك تۈركىي تىللار يادىكارلىقلىرىنى مۇمكىنقەدەر تولۇقراق توپلاپ نەشر قىلىپ، تىل تەتقىقاتچىلىرىنى بۇ قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش ئىشىغىمۇ ئېتىبار بېرىش كېرەك.

بۇ جەھەتتە يەنە نەشر قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ تىلىنى ھەر جەھەتتىن تەتقىق قىلىش ئىشىنى قولغا ئېلىش كېرەك. مەسىلەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى فونېتىكا، گراماتىكا ۋە لېكسىكا مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تېمىلار بويىچە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىپ ئىلمىي ئەسەرلەر يېزىپ چىقىش كېرەك.

بۇ ساھەدە دىققەت-ئېتىبارىمىزنى قوزغايدىغان يەنە بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ، مەملىكىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان، لېكىن ئىلىم دۇنياسىغا تېخى مەلۇم بولمىغان قەدىمكى تىل يادىكارلىقلىرى، مەڭگۈ تاشلار، سىنتاشلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار. بۇلارنى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى بىلەن بىللە تەكشۈرۈپ ئوتتۇرغا چىقىرىش ۋە تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلىش كېرەك. بۇ خىزمەت تىل تەتقىقاتى خادىملىرى بىلەن ئارخېئولوگىيە ۋە تارىخ خادىملىرى ھەمكارلىشىپ ئىشلەيدىغان مۇھىم بىر خىزمەت. بۇ يادىكارلىقلارنى ئوبدان تەتقىق قىلىش — مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر تارىخىنى، مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي مۇناسىۋەتلەر تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشتە بەك زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

## V ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق بۆلىكى

1. تىلنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش.

2. قوش تىللىق ۋە كۆپ تىللىق مەسىلىنى تەتقىق قىلىش.

بۇنىڭدا ئاپتونوم رايونىمىزدا تۈركىي تىللار ئىچىدىكى قوش تىللىق ھادىسىسى، كۆپ تىللىق ھادىسىسى، تۈركىي تىللار بىلەن باشقا تىللار ئوتتۇرىسىدىكى قوش تىللىق ھادىسىسى مەۋجۇت. بۇ مەسىلە ھازىر نۇرغۇن مەملىكەتلەردە تىلشۇناسلار دىققەت قىلىۋاتقان مۇھىم بىر مەسىلە.

بۇ ھەقتە يولداش فۇ ماۋجى چىقىدۇ يىغىنىدا مۇنداق تەتقىقات ماۋزۇلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان: (1) قوش تىللىق ھادىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي شارائىت ۋە سەۋەبلەر؛ (2) قوش تىللىق خەلقلەرنىڭ نوپۇس تەركىبى، كەسپى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ئولتۇراقلىشىش شارائىتى، يېشى (باللار، ياشلار، قېرىلار)، جىنسى؛ (3) قوش تىل ئىشلىتىۋاتقان ئىجتىمائىي شارائىت ۋە مۇھىت؛ (4) يېزىقى بار ۋە يېزىقى يوق تىللاردىكى قوش تىللىق ھادىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى؛ (5) قوش تىللىق ھادىسىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى؛ (6) قوش تىللىق كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر لوگىكىسىدىكى ئالاھىدىلىك؛ (7) قوش تىللىق ھادىسىنىڭ مەكتەپ مائارىپىغا بولغان تەسىرى؛ (8) قىسمەن ئادەملەردىكى

قوش تىللىق ھادىسىنىڭ مىللىي ئەدەبىي تىلغا بولغان تەسىرى؛
(9) قوش تىللىق كىشىلەرنىڭ ئۆز ئانا تىلى بولمىغان تىلنى ئۆزلەشتۈرۈش دەرىجىسى (ئىككى تىلدا بىردەك سۆزلەمدۇ، ئۆز ئانا تىلىنىڭ تەلەپپۇزىغا تەسىر بېرەمدۇ).

مانا مۇشۇ مەسىلىلەرنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، باي ماتېرىيال توپلىغاندىلا، تىلنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن خۇلاسىلەرنى چىقارغىلى بولىدۇ.

## VI ئالتايشۇناسلىق ھەققىدىكى تەتقىقات

ئالتاي تىللىرى نەزەرىيىسى تىل تەتقىقاتىدا نۇرغۇن تىلچىلار قىزىقىپ تەتقىق قىلىۋاتقان بىر مەسىلە.

بۇ ھەقتە يېقىندىن بېرى بەزى ئەسەرلەر ۋە ماقالىلەر تونۇشتۇرۇلدى. مەسىلەن، رامستېتنىڭ «ئالتايشۇناسلىققا مۇقەددىمە» دېگەن مۇھىم بىر ئەسىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى.

بىزنىڭ تىلشۇناسلىرىمىز ۋە موڭغۇلشۇناس، مانجۇشۇناسلىرىمىز بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى.

بىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ ئەڭ ئوبدان ئورۇنلىرىدىن بىرى، بىزدە نۇرغۇن تۈركىي تىللار بولغاندىن باشقا، موڭغۇل، شىبە، مانجۇ، داغۇر تىللىرى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت. شۇڭا ئالتايشۇناسلىق ھەققىدىكى تەتقى-

قاتمۇ تىلشۇناسلىرىمىزنىڭ نەزەر دائىرىسى ئىچىدە بولۇشى كېرەك.

يۇقىرىقى ساھەلەردىن قارىغاندا، تۈركىي تىللار تەتقىقاتى ساھەسىدە بىز ئىشلەيدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ. مېنىڭ بۇلارنى بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتۈشتىكى مەقسىتىم—تىلشۇناسلىرىمىزنىڭ دىققىتىنى قوزغاش. شەرت-شارائىتى بارلارنى ھازىردىن باشلاپ قولغا ئېلىش، شەرت-شارائىتى تېخى بولمىغانلارنى شەرت-شارائىت (ئىلمىي كۈچ، ماددىي ئاساس، ماتېرىيال، پايدىلىنىدىغان كىتاب، چەت تىل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار) تەييارلاپ قولغا ئېلىش، بۇ يەردىكى مەسىلە، بۇلارنى قولغا ئېلىشنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىكى مەسىلىسىلا، ھەرگىز قولغا ئالماسلىق مەسىلىسى ئەمەس، چۈنكى بۇ ساھەلەردە مەلۇم تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش مەملىكىتىمىزگە ئوخشاش بىرمۇنچە تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر بولغان مەملىكەت ئۈچۈن ئىنتىقاندا زۆرۈر، بۇ، ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىدىن بولغان ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ شان-شەرىپىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. تۈركىي تىللار تەتقىقاتى ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان ھەر مىللەت تىلچىلىرى بۇ ۋەزىپىلەرنى ئوبدان ئورۇنداپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ شان-شۆھرىتىنى ئاشۇرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

www.uyghurkitap.com

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئاساس قىلىنغان ئەدەبىي تىل — خاقانىيە تىلى ھەققىدە[1]

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئۇيغۇرچە ئۈچ تومى تولۇق نەشردىن چىقىپ بولدى. مەملىكىتىمىزنىڭ تۈركىي تىللار تەتقىقاتىدا ئالغا قاراپ زور بىر قەدەم تاشلىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولغان بۇ زور مۇۋەپپەقىيەت مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا زور قىزىقىش قوزغىدى ۋە قوزغىماقتا. «دىۋان»نىڭ نەشردىن چىقىشى مەملىكىتىمىزدە بۇ ئۇلۇغ ئەسەر ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى مەھمۇت قەشقەرى ھەققىدىكى تەتقىقاتقا زور تۈرتكە بولدى. مەسىلەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ بىرىنچى تومى نەشر-دىن چىقىش بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدا ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە قاراخانىلار تارىخىغا ئېتىبار بېرىش كۈچەيدى، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى، ھاياتى ۋە مازىرى ھەققىدە بىرمۇنچە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، كىشىنى خۇشال قىلارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلدى. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھەقتىكى تەتقىقات يەنىمۇ

---

① تۈركىي تىللار دىۋانىنىڭ نەشردىن چىقىشى مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭ داشۆدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز.

كەڭ كۆلەمدە ئەۋج ئالغۇسى.

تۆۋەنـدە، مەن «دىـۋان»دا ئاساس قىلـنـغان ئەدەبىـي تىل ــ خاقانىيە تىلى ھەققىدە ئۆزەمنىڭ بەزى كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يولداشلار بىلەن پىكىر ئالماشـتۇرماقچىمەن.

1. ئالدى بىلەن شۇنى كۆرستىپ ئۆتۈش كېرەك: تۈركىـي تىللار ئۆزىنىڭ گراماتىكىـلىق قۇرۇلۇشـىنىڭ ئاساسى ۋە لۇغەت فوندىنىڭ جەۋھىرى جەھەتتىن ئورتاقلىـققا ئىـگە. چۈنـكى بۇ تىللار تارىخىي جەھەتتىن تۇغقان بولۇپ، قەبىلىلەر تىللىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى ئىپىدائىي ئۇرۇقداشـلىق تۈزۈلمىـسى تىللىرىـنىڭ ئورتاق ئامىللىـرى ئاساسـىدا كېلىـپ چىـققان ۋە تەرەقـقىي قىلـغان. شۇڭا بۇ تىلـلار بىر ئورتاق ئۇلـغا ئىـگە دىيىـلىـدۇ. شۇنـداق بولغاچـقا، بۇ تىلـلار تـۈركىـي تىلـلار گـۇرۇپـپىسى ياكـى ئائىـلىسى دەپ ئاتىـلىدىـغان بىر ئورتاق تۈركۈمگە كىرگۈزۈلىدۇ.

2. لېكىن، بۇ تىللارنىڭ گراماتىكا قۇرۇلۇشىنىڭ ۋە لۇغەت تەركىبىنىڭ نۇرغۇنلىغان نازۇك تەركىبىي قىسىملىرىدا تىللارنىڭ شەكىللىنىـش داۋامىدىـكى ئوخشـاشمىغان شارائىتلار (تۈرلۈك قەبىلە ئىتتىپاقلىرىـنىڭ شەكىللىنىـشى، ھەر خىل قەبىلـلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەت بىلـلە ياشـىشى ياكـى بىر-بىرىدىن يىراقـلاپ كېتىشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش) تۈپەيـلـىدىن، شۇنـداقلا باشـقا تىللار بىلەن بولغان ئۆزئارا تەسىـر تۈپەيلىـدىن، بۇ تىلـلاردا تارىـخىي تەرەقـقـىيات جەريانـىدا خېـلى چـوڭ پەرقـلەر ۋە

بۆلۈنۈشلەر پەيدا بولغان.

3. «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىر تەرەپتىن، تۈركىي تىللاردىكى ھەممىگە ئورتاق بولغان گرامماتىكىلىق قۇرۇلۇش ۋە لۇغەت فوندىنى يورۇتۇپ بېرىشنى ئاساس قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، شۇ ئورتاقلىقلارنى بايان قىلىش داۋامىدا ھەممە تۈركىي قەبىلىلەر تىلىدىكى نازۇك پەرقلەرنىمۇ ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەممە تۈركىي تىللارنىڭ ئورتاق خەزىنىسى. ئۇنىڭدىن ھەممە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئۆز تىللىرى ھەققىدە قىممەتلىك جەۋھەرلەرنى تاپالايدۇ.

4. مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا دۇنيادا بىرىنچى بولۇپ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئىلمىگە ئاساس سېلىپ بەردى. ئۇ، ئۆز ئەسرىدە تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە كىرىدىغان ھەممە تىللارنى بىر پۈتۈن تۈركىي تىللار گورۇپپىسىغا كىرگۈزىدىغان ئورتاق خۇسۇسىيەتلەرنىڭ (ئوخشاشلىقلارنىڭ) يىغىندىسىغا ئاساسەن ۋە كونكرېت تىللارنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان پەرقلەرگە (ئوخشىماسلىقلارغا) ئاساسەن، تۈركىي تىللارنى بىرمۇنچە تارماقلارغا ئايرىيدۇ.

بۇ ھەقتە A.H باسكاكوۋ مۇنداق دەيدۇ: ”مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ لۇغىتىدە قىپچاقلار بىلەن ئوغۇزلارنىڭ تىللىرىنى ئۆزئارا يېقىنلاشتۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى بىر قاتار فونېتىكىلىق ئالامەتلەرگە ئاساسەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە (تۈركىيلەرگە)

www.uyghurkitap.com

قارشى قويىدۇ".

"مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قىپچاق ۋە ئوغۇز تىللىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا قارشى قويۇپ سېلىشتۇرغانلىقى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئالدىنقى دەۋردە بۇ تىللار تېخى رەسمىي بۆلۈنۈپ كەتمىگەندى ۋە بىر پۈتۈن ئوغۇز ـ قارلۇق ـ قىپچاق ئومۇمىيلىقىنى تەشكىل قىلاتتى. بۇ ئومۇمىيلىق كېيىنچە، بىر تەرەپتىن، قارلۇق (ئۇيغۇر) ئومۇمىيلىقىغا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوغۇز ـ قىپچاق ئومۇمىيلىقىغا بۆلۈنۈپ كەتتى. كېيىنكى ئومۇمىيلىق ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى مەزگىلگە بارغاندا، ئوغۇز ۋە قىپچاق دەپ ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ كەتتى." (A · H. باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، 72 ـ بەت)

5. باسكاكوۋ يەنە مۇنداق دەيدۇ: "«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا شۇ دەۋردىكى ئوغۇز تىلىنىڭ نەمۇنىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن خاقانىيە تۈركىلىرىنىڭ ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ تونۇشتۇرۇلغان". مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تەبىرىگە قارىغاندا، 10 ـــ 11 ـ ئەسىرلەردىكى ئوغۇز ـ قىپچاق تىللىرى كۆپ جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە ئوخشاش بولۇپ، خاقانىيە تۈركىلىرىنىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ) تىلىدىن تۆۋەندىكىدەك فونېتىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ:

1) ئۇيغۇرچە y > ئوغۇزچە ـ قىپچاقچە j بولىدۇ ياكى پۈتۈنلەي چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرچە yinjü > ئوغۇزچە ـ قىپچاقچە jinjü؛ ئۇيغۇرچە yïlïq suw > ئوغۇزچە ـ

قىپچاقچە šuw iiioq.

2) ئۇيغۇرچە سۆز بېشىدا t>ئوغۇزچە ـ قىپچاقچە d: مەسىلەن، ئۇيغۇرچە tәwә>ئوغۇزچە ـ قىپچاقچە dәwә (تۆگە).

3) ئۇيغۇرچە سۆز بېشىدا m>ئوغۇزچە ـ قىپچاقچە b: مەسىلەن، ئۇيغۇرچە mәn>ئوغۇزچە ـ قىپچاقچە bәn، ئۇيغۇرچە mün>ئوغۇزچە ـ قىپچاقچە bün.

4) ھەرىكەتنىڭ بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈردىغان ئۇيغۇرچە كېلىدىغان زامان سۈپەتدىشى baroqu yәr>، ئوغۇزچە ـ قىپچاقچە barasi yәr>.

5) ئۇيغۇرچە ئۆتكەن زامان سۈپەتدىشى baroqan> ئوغۇزچە ـ قىپچاقچە baran (ياكى waran).

6) ئۇيغۇرچە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە oqak/ ـ gәk — ئوغۇزچە ـ قىپچاقچە ـak/ ـәk، مەسىلەن، ئۇيغۇرچە tamoqak>، ئوغۇزچە ـ قىپچاقچە tamak. (A.H باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار». ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 44 ـ ، 245 ـ بەتلەر)

(بۇ ھەقتە «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 41 ـ ، 42 ـ بەتلەرگە قارالسۇن)

دېمەك، ئوغۇز ـ قىپچاق قەبىلىلىرىنىڭ تىللىرى بىلەن خاقانىيلىكلەرنىڭ (باسكاكوۋنىڭ ئىزاھلىشى بويىچە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تىللىرى خېلى بۇرۇنقى زامانلاردىن تارتىپلا بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىپ، تۈركىي تىللارنىڭ ئىككى چوڭ تارمىقىنى، يەنى قارلۇق ـ ئۇيغۇر تىل ئومۇمىيلىقى ۋە ئوغۇز ـ

قىپچاق تىل ئومۇمىيلىقىنى شەكىللەندۇرگەن.

6. ئەدەبىي تىل نۇقتىسىدىن ئالغاندا، تۈركىي تىللار مۇنداق ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنۈشتىن ئىلگىرىكى ئەدەبىي تىل ئوغۇز ـ قارلۇق ـ قىپچاق تىل ئومۇمىيلىقى ئاساسىدا شەكىللەنـ گەن ئورخون ـ يەنىسەي ئابىدىلىرىنىڭ تىلى ئىدى. بۇ تىل تىنىشىپۇنىڭ يېقىندا ئېلان قىلىنغان بىر ئەسىرىدە ئېيتىلغانىدەك، دىئالېكتلاردىن ئۈستۈن تىل ئىدى، يەنى ئۇنىڭدا ئوغۇز ـ قىپچاق تىل ئامىللىرىمۇ، ئۇيغۇر ـ قارلۇق تىل ئامىللىرىمۇ بار ئىدى.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە كەلگەندە، ئەرەب مەنبەـ لىرىدە توققۇز ئوغۇزلار ياكى توققۇز غۇزلار دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ۋە ئۇيغۇر، خەنزۇ مەنبەلىرىدە ئۇيغۇر (خۇيگۇلار) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تىلى ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ، بۇ تىلدا نۇرغۇن يېزىق يادىكارلىقلىرى يارىتىلدى. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ زور كۆپچىلىكىدە y دىئالېكتى ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەيدۇ. ئاز بىر قىسىم بۇددا نوملىرى ۋە مانى يېزىقى ھۆججەتلىرىدە بولسا n دىئالېكتى بېسىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ تىل ئۆز تەركىبىدە ئوغۇز ـ قىپچاق تىللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنىمۇ خېلى ساقلىغان. بۇ خۇسۇسىيەتلەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىۋاسىتە ۋارىسلىرى بولغان قۇمۇل ـ تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدىمۇ ئۆز ئىزىنى قالدۇرغان. مەھمۇت قەشقەرى بۇ ئۇيغۇر تىلىنى "ساپ تۈركچە" دەپ باھالايدۇ ۋە

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئۆز ئىچىدە ئايرىم شىۋىلەرگە بۆلۈنىدىغانلىقىنىمۇ ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ ھەم «دىۋان»دا شۇ شىۋىلەرگە خاس بولغان ئايرىم سۆزلەرنى "ئۇيغۇرچە" دەپ ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ («دىۋان»، 1 ـ توم، 39 ـ . 40 ـ بەتلەر)، مانا شۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدا كېيىنكى دەۋرلەردە شەكىللەنگەن نۇرغۇن ئەدەبىي تىللارغا ئاساس بولۇپ قالدى.

7. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا ئىسلام مۇھىتىدا شەكىللەنگەن ئەدەبىي تىل خاقانىيە ئەدەبىي تىلى بولۇپ، بۇ تىلنى تۈركولوگلار قاراخانىي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە قاراخانىيدىن كېيىنكى ئۇيغۇر تىلى دەپ ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ كۆرسىتىدۇ ۋە «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئەدەبىي تىلنى مۇشۇ تىلنىڭ كونكرېت ۋەكىلى قىلىپ ئالىدۇ.

8. خاقانىيە تىلى ياكى قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى تۈركىي تىللار كلاسسىفىكاتسىيىسىدە تۈركىي تىللارنىڭ قارلۇق ـ ئۇيغۇر تارماق گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزۈلىدۇ. بۇ تىل ئۇيغۇر، تۈرگەش، ياغما ۋە قارلۇق قەبىلىلىرى ئاساسىدا تەركىب تاپقان قاراخانىي دۆلىتىنىڭ ئەدەبىي تىلى ئىدى.

قارلۇق ـ ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسى غەربىي تۈرك ۋە شەرقىي تۈرك تىل ئومۇمىيلىقلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇننى ئىگەللەيدۇ، بۇ گۇرۇپپىدىكى ئەدەبىي تىل 9 ـــ 10 ـ ئەسىرلەردە، بىر تەرەپتىن، غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىي تىللارنىڭ، يەنە بىر

تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئىران تىللىرىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن.

قارلۇق ـ ئۇيغۇر تىل گۇرۇپپىسىدىكى تىللار مۇنداق ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1) فونېتىكىلىق جەھەتتە:

a. سوزۇق تاۋۇشلار سەككىز ـ توققۇز ئەتراپىدا.

b. ئۈزۈك تاۋۇش "ك" ھەر خىل دەرىجىدە يۇمشاقلىنىدۇ.

c. سۆز بېشىدا ۋە ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئوتتۇرىسىدا كەلگەن "پ، ت، ك، ق" ئۈزۈك تاۋۇشلىرى جاراڭلىقلاشمايدۇ.

d. سۆز ئاخىرىسىدا "غ، گ" ئۈزۈك تاۋۇشلىرى ساقلىنىدۇ ياكى "ك، ق"غا ئالمىشىدۇ.

2) گراماتىكىلىق تۈزۈلۈش جەھەتتە:

a. aɋu – /əgü – بىلەن ئاياغلىشىدىغان جەملىگۈچى سان شەكىللىرى بار. بۇنداق سانلار ئوغۇزچىدا īla – /ilə –، قىپچاق ـ چىدا aw/əw بىلەن ئىپادىلىنىدۇ (مەسىلەن، قارلۇقچە: ئىككەگۈ؛ ئوغۇزچە: ئىكلە؛ قىپچاقچە: ئىككەۋ).

b. unq/üng بىلەن كېلىدىغان مەستەر شەكىللىرى بار. مەسىلەن: قورغۇنچ، يۈكۈنچ.

c. 3 ـ شەخس ئالماشنىڭ "u" شەكلى بار (كونا تۈركىي تىللاردا "ئول").

d. ɋan/kan بىلەن كېلىدىغان سۈپەتداش شەكلى كەڭ تارقالغان. ئوغۇز تىللىرىدا بۇ قوشۇمچىنىڭ بىر بولسا an/ən

شەكلى (مەسىلەن: baran)بىر بولسا dik/dik بىلەن كېلىدىغان شەكلى ئىشلىتىلىدۇ.

e. ئىگىلىك كېلىشىنىڭ nïn/nin بىلەن كېلىدىغان تولۇق شەكلى بار. بۇنىڭ ئۆزلۈك تاۋۇشلارنىڭ باشقا ۋارىيانتلىرى بىلەن كېلىدىغان شەكىللىرى (مەسىلەن، din/tin) يوق.

f. چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى din/tin دىنلا ئىبارەت. بۇنىڭ dan/-dən شەكلى ئىشلىتىلمەيدۇ.

3) لۇغەت تەركىبىدە: بۇ تىللاردا ئوغۇز-قىپچاق تىللىرىغا نىسبەتەن ئۆزگىچە تۈپ سۆزلەر بار. مەسىلەن، تولا (ئوغۇزچە-قىپچاقچە: كۆپ). ئۇستۇن (ئوغۇزچە: ئۈزرە)، باشقا (ئوغۇزچە: ئۆزگە). لۇغەت تەركىبىگە ئەرەبچە-ئىرانچە سۆزلەر كۆپ ئارىلاشقان.

بۇ خۇسۇسىيەتلەر قارلۇق-ئۇيغۇر تارماق گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان كونا، يېڭى تىللار (مەسىلەن، خاقانىيە تىلى، قاراخانىلاردىن كېيىنكى ئۇيغۇر تىلى، چاغاتاي ئەدەبىي تىلى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر، ئۆزبېك تىللىرى)نىڭ ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرى.

لېكىن، بۇ تارماق گۇرۇپپىغا كىرىدىغان كونا ۋە يېڭى تىللارنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئۆزگىچىلىكلىرىمۇ بار، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، خاقانىيە تىلىدا ي/ذ/d تولۇق ئايرىلىپ بولمىغان، ئۆتكەن زامان سۈپەتداشنىڭ "مىش" شەكلى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. "غان، قان" سۈپەتدىشى ئۇ چاغدا بىر

ھەرىكەتنى كۆپ تەكرارلاش مەنىسنى بىلدۈرەتتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

چاغاتاي تىلى بىلەن ئۆزبېك تىلىدا (بولۇپمۇ ئۇنىڭ قىپچاق دىئالېكتلىرىدا) ئوغۇز- قىپچاق ئېلېمېنتلىرى بىرقەدەر كۆپ ساقلانغان، شۇڭا ئۆزبېك تىلى قارلۇق- ئۇيغۇر تارماق گۇرۇپپىسىنىڭ قارلۇق- خارەزم بۆلۈمىگە كىرگۈزۈلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلاردا a – ə لەرنىڭ e ياكى i غا ئۆزگىرىش ھادىسىسى پەيدا بولغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

ئەمما بۇ پەرقلەر بۇ تىللارنىڭ قارلۇق- ئۇيغۇر تارماق گۇرۇپپىسى ئىچىدىكى كىچىك ئايرىملىقلارنىڭ ئىپادىسى. بۇ تىللاردا قارلۇق- ئۇيغۇر تارماق گۇرۇپپىسىغا خاس چوڭ ئورتاقلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ ۋە بۇ تىللارنى ئوغۇز- قىپچاق تىللىرىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ.

9. قارلۇق- ئۇيغۇر تارماق گۇرۇپپىسىدىكى تىللار ئىچىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى (بولۇپمۇ ئۇنىڭ قەشقەر، خوتەن دىئالېكتلىرى) خاقانىيە تىلىغا ئەڭ يېقىن تىل ھېسابلىنىدۇ. بۇنى نۇرغۇن ئالىملار (شۇ جۈملىدىن باسكاكوۋمۇ) ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

1) سوزۇق تاۋۇشلاردا:

a. ئۇيغۇر تىلىدا a تاۋۇشى o لاشمايدۇ. (ئۆزبېك تىلىدا o لىشىدۇ). ئۇيغۇر تىلىدا بۇ تاۋۇشنىڭ تەلەپپۇزى خاقانىيە

تىلىدىكىگە ئوخشاش.

b. ئۇيغۇر تىلىدا بىر بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق تۈپ سۆزلەردە ۋە قوشۇمچىلاردا خاقانىيە تىلىدىكى ə/ā لەر ئەيىنەن ساقلانغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرچىدا ۋە خاقانىيە تىلىدا ət، əl، yər؛ باشقا تۈركىي تىللاردا et، el، yər، jer؛ خاقانىيە تىلىدا tərək، kərək // kərgək ؛ ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر دىئالېكتىدا (ئاتۇش ۋە يېڭىسار) tərek، kərgək (قىپچاق تىللىرىدا، مەسىلەن، قازاقچىدا، kerek، terek).

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تۈپ سۆزلەردىكى a، ə لەرنىڭ تار سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار قوشۇلغان ئۇرغۇسىز بوغۇملاردا e ياكى i گە ئايلىنىشى كېيىن پەيدا بولغان ھادىسە. بۇ ھادىسىنىڭ خاقانىيە تىلى دەۋرىدىنلا شۇ چاغدىكى جانلىق تىلدا كۆرۈلۈشكە باشلىغانلىقىنى «دىۋان»دىكى ئايرىم سۆزلەر ئىملاسىدىن بايقىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، قَندَي- قانىدي، اۋْذي («دىۋان»، 1- توم، 225- بەت). - أيقكْ، أرالادي - أريلَادي («دىۋان». 1- توم، 405- بەت).

c. خاقانىيە تىلىدا لەۋ ئاھاڭداشلىقى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ شۇنداق (مەسىلەن، قىرغىز ۋە تۈرك تىللىرىغا سېلىشتۇرۇڭ).

2) ئۈزۈك تاۋۇشلاردا:

a. "ك، ق" تاۋۇشلىرى ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىلىقىدا كەلگەندە جاراڭلىقلاشمايدۇ. بۇ قارلۇق تىللىرىنىڭ، شۇ جۈملە-

دىن خاقانىيە تىلىنىڭ بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتى. بۇ خۇسۇسىيەت ھازىرقى زامان تۈركىي تىللىرى ئىچىدە پەقەت ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر، خوتەن دىئالېكتلىرىدىلا ساقلانغان. مەسىلەن، «دىۋان»دا "مَنِكْ تُرْدُقْم تُرْماُدُقْم بِيْزْ" مۇنداق ئورۇندا "غ" كەلمەسلىكى ھەققىدە مەھمۇت قەشقەرى ئالاھىدە ئىزاھات بېرىپ ئۆتكەن. (2 ـ توم، 55 ـ بەت)

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر، خوتەن شېۋىلىرىدە: يۇرۇكۇم، قۇلۇقۇم، ئاتىقى، ياتىقى.

b. "غ، گ" تاۋۇشلىرى خاقانىيە تىلىدا سۆز ئاخىرىسىدا ساقلىنىدۇ (ئاساسەن سۇپەتلەردە) ياكى "ك، ق" تاۋۇشلىرى بىلەن (ئاساسەن ئىسىملاردا) ئالمىشىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ خوتەن دىئالېكتىدا بۇ خۇسۇسىيەت ئاساسەن ساقلانغان. باشقا تۈركىي تىللاردا مۇنداق "غ، گ"لار ياكى "ي، ۋ" تاۋۇشلىرىغا ئۆزگىرىدۇ ياكى چۈشۈپ قالىدۇ.

bəg (خاقانىيە ۋە ئۇيغۇر تىلىدا)؛ biy ،bey (باشقىلاردا).

taɑq (خاقانىيە ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا)؛ too ،taw (باشقىلاردا).

tatlïɑq (خاقانىيە ۋە خوتەن تىلىدا)؛ ətli (باشقىلاردا).

tirig (خاقانىيە ۋە خوتەن تىلىدا)؛ tiri (باشقىلاردا).

3) گراماتىكىلىق تۈزۈلۈش جەھەتتە:

a. كېلىش قوشۇمچىلىرى

(1) خاقانىيە تىلىغا چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى ھەممە

يەردە din- / tin- ئۇيغۇر تىلىدىمۇ شۇنداق. باشقا تۈركىي تىللاردا dan- / dən- باشقىلار.

(2) يۆنىلىش كېلىش: خاقانىيە تىلىدا -qa/-gə، -ka/-kə. ئۇيغۇرچىدىمۇ شۇنداق. باشقا تۈركىي تىللاردا بۇ كېلىش قوشۇمچىسى ياكى پۈتۈنلەي ə-/a- بولۇپ كەتكەن ياكى ə-/a- بىلەن -qa- ،-ka -gə/-kə لەر ئارىلاش ئىشلىتىلىدۇ (ئورنىغا قاراپ).

(3) چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى خاقانىيە تىلىدا -ni، -ig، -iq بۇنىڭ بىرىنچىسى خاقانىيە تىلىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن. ئۇيغۇر تىلىدا بۇنىڭ بىرلا خىل شەكلى مۇقىملاشقان. بۇ جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلى خاقانىيە تىلىنىڭ ۋارىسى. باشقا تۈركىي تىللاردا ni دىن باشقا يەنە -n شەكلىمۇ ئىشلىتىلىدۇ (مەسىلەن، balasïn).

(4) ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى خاقانىيە تىلىدا -nin، -nïn دېگەن بىرلا خىل شەكىلدە (يەنى تولۇق شەكىلدە) ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇرچىدىمۇ شۇنداق. باشقا تۈركىي تىللاردا بۇنىڭ -in شەكلى (مەسىلەن، تۈركچىدە) ياكى ni شەكلى (مەسىلەن، ئۆزبېكچىدە) ئىشلىتىلىدۇ،

b. "لىغ، لىگ، لىق، لىك" قوشۇمچىسى خاقانىيە تىلىدا مۇشۇ ئىككى يۈرۈش شەكىلدىلا ئىگە. ئۇيغۇر تىلىدا، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ خوتەن دىئالېكتىدا بۇ ئىككى يۈرۈش شەكىل ئەينەن ساقلانغان. باشقا تۈركىي تىللاردا بۇ قوشۇمچىنىڭ "لىغ-لىگ"

www.uyghurkitap.com

شەكلى "غ، گ" چۈشۈرۈلۈپ "لى" هالىتىگە كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىپچاق تىللىرىدا بۇ قوشۇمچىنىڭ باش تەرىپىدىكى ل تاۋۇشى d غا ياكى t غا ئالماشقان. مەسىلەن، ئاتاقلى (خاقانىيە تىلىدا ئاتاغلىق)، sezdik (سۆزلىك)، tüstük (چۈشلۈك).

c. پېئىلنىڭ گراماتىكىلىق تۈرلىرى ئىچىدە خاقانىيە تىلىدا بىر ئىشنى قىلىش ئىشلىگۈچىنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردىغان gülük، quluk شەكلى بار. بۇ شەكىل هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ خوتەن دىئالېكتىدا ئەينەن ساقلانغان. بۇ شەكىل باشقا تۈركىي تىللاردا ئاساسەن. ساقلانمىغان. پېئىللارنىڭ باشقا قوشۇمچىلىرىدىمۇ خاقانىيە تىلىدا ۋە ئۇيغۇر تىلىدا بولۇپ، باشقا تۈركىي تىللاردا بولمىغان ياكى باشقا شەكىلگە كىرگەن فورمىلىرى مەۋجۇت. بۇ يەردە بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالمايمىز. باراسى، بارداچى، بارۇچى، باردىغان، بارغۇچى ۋە باشقىلار).

d. تۈركىي تىللار ياردەمچى پېئىللارنى ئىشلىتىش ئەنئەنىسى بويىچىمۇ بىر-بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. مەسىلەن، قارلۇق تىللىرىدا "قىلماق" ياردەمچى پېئىلى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرسا، ئوغۇز-قىپچاق تىللىرىدا "ئەتمەك" ياردەمچى پېئىلى ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەيدۇ.

"بولماق" ياردەمچى پېئىلىنىڭ تەلەپپۇزىمۇ خاقانىيە تىلىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى. ئوغۇز تىللىرىدا بۇ ياردەمچى

پېتىلىنىڭ "ئولماپ" شەكلى ئىشلىتىلىدۇ.

«دىۋان»دىكى ناھايىتى كۆپ سۆزلەر، ھەتتا باشقا تۈركىي تىللاردا ھازىر ئۇنتۇلغان نۇرغۇن سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر، خوتەن دىئالېكتلىرىدا ياكى لوپنۇر دىئالېكتىدا ساقلانغان. بۇ جەھەتتە مەخسۇس تەتقىقات ماقالىلىرى يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالمايمىز.

9. خاقانىيە تىلى بۇنىڭدىن سەل كەم 1000 يىل ئاۋۋالقى ئەدەبىي تىل. بۇ 1000 يىل جەريانىدا تۈركىي تىللار فونېتىكىلىق، گراماتىكىلىق تۈزۈلۈش ۋە لۇغەت سوستاۋى جەھەتتە زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. شۇڭا خۇددى نۇرغۇن تۈركىي تىللاردىكىگە ئوخشاش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن خاقانىيە تىلى ئوتتۇرىسىدىمۇ نۇرغۇن پەرقلەر مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا خاقانىيە تىلىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن تۈركىي قەبىلە تىللىرىنىڭ لۇغەت بايلىقىنى جەملىگەن. مۇنداق سۆزلەرنىڭ قارلۇق تىللىرىدا، شۇ جۈملىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن پەرقلىنىدىغانلىقى تۇرغان گەپ (بۇنى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆزىمۇ زۆرۈر تاپقان ھەربىر ئورۇندا كۆرسىتىپ ئۆتكەن) شۇنىڭ ئۈچۈن خاقانىيە تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدىكى فونېتىكىلىق، گراماتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق جەھەتتىكى ئاساسىي ئورتاقلىقلارنى نەزەرگە ئېلىش

بىلەن بىرلىكتە، بۇ تىللاردا تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن پەرقلەرنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. ئۇنداق قىلمىساق، تارىخىي رېئاللىقنى چەتنەپ كەتكەن بولىمىز. خاقانىيە تىلى بىلەن هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدىكى مۇشۇنداق ئورتاقلىق ۋە پەرقلەرنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئىلمىي ئاساستا هەل قىلىشتا ناهايىتى زور ئەهمىيەتكە ئىگە. شۇڭا بۇ جەهەتلەردىكى تەتقىقاتنى هەر جەهەتتىن كەڭ قانات يايدۇرۇش بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى ئالدىدا تۇرغان ئاكتۇئال ۋەزىپىلەردىندۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى مەھمۇت قەشقەرى

9 ــ 11 ـ ئەسىرلەر ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىدە زور يۈكسە-لىش يۈز بەرگەن بىر دەۋر. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇرلار ئىچىدىن 11 ـ ئەسىردە يېتىشىپ چىققان ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىم مەھمۇت قەشقەرى تەرىپىدىن يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەنە شۇ دەۋردە ئۇيغۇر خەلقى ياراتقان يۈكسەك مەدەنىيەتنىڭ پارلاق نامايەندىلىرىدىن بىرى. شۇڭا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيە-تىگە قوشقان تۆھپىلىرىگە قىزىققان ھەربىر كىشى بۇ مەشھۇر ئەسەرگە قىزىقماي قالمايدۇ.

## I

«تۈركىي تىللار دىۋانى» تۈركىي تىلنى ئوتتۇرا ئەسىردە ئىلىم-پەن تىلى بولۇپ خىزمەت قىلغان ئەرەب تىلى بىلەن ئىزاھلاش ئارقىلىق قارا خانىلار دەۋرىدىكى تۈركىي خەلقلەر-نىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ۋە مەدەنىي ھاياتىنى باي

تىل ماتېرىياللىرى (تەخمىنەن 7500 سۆزلەم) ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىزاھلىق لۇغەت. ئۇنىڭدا تۈركىي تىللارنىڭ فونېتىكىسى، گراماتىكىسى، لېكسىكولوگىيىسى، دىئالېكتولوگىيىسى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن ۋە تۈركىي تىلنىڭ دىئالېكتلىرى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلغاندىن تاشقىرى تۈركىي تىللار بىلەن ئەرەب، پارس تىللىرىمۇ سېلىشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇندىن باشقا، ئۇنىڭدا يەنە:

1. تۈركىي قەبىلىلەر ۋە بۇ قەبىلىلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت مەلۇماتلار بېرىلگەن.

2. تۈركىي قەبىلىلەر ياشىغان جايلار، شەھەرلەر، مۇھىم يېزىلار، قاتناش تۈگۈنلىرى، تاغ-سۇلار تونۇشتۇرۇلغان. بۇلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى مەخسۇس دۈگىلەك خەرىتىدە كۆرسىتىلگەن. (بۇ خەرىتە ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمكى خەرىتىلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ)،

3. سۆزلەملەرنىڭ مەنىسىنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن تۈرلۈك ئېيمدا 242 كۇپلېت ئەدەبىي پارچە، 200 دىن ئارتۇق ماقال-تەمسىل بېرىلگەن ۋە بۇ ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى يازما ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى كۆرسىتىلگەن ھەم شۇ دەۋردىكى پەلسەپىۋى ۋە ئەخلاقىي كۆز قاراشلار يورۇتۇپ بېرىلگەن.

4. يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىققا ئائىت سۆزلەر، ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھايۋاناتنىڭناملىرى بېرىلگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ

خۇسۇسىيەتلىرى چۈشەندۈرۈلگەن.

5. ھاكىمىيەت تۈزۈلۈشى ۋە ھەربىي ئىشلارغا ئائىت ئاتالغۇلار، ئۇنىڭ ئانلار چۈشەندۈرۈلگەن.

6. كالېندارچىلىق ۋە ئاسترونومىيىگە دائىر مەلۇماتلار، پەلەك بۇرجلىرى ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ناملىرى بايان قىلىنغان.

7. تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا دائىر مەلۇماتلار، مەسلەن، ياخشى كۆرىدىغان غىزالىرى، ئىچىملىك-لەر ۋە ئۇلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى، چالغۇ ئەسۋابلىرى، كىيىم-كېچەكلەر، زىننەت بۇيۇملىرى، كىشىلەرنىڭ ئولتۇرۇش-قوپۇشلىرىغا ئائىت ئەدەب قائىدىلەر تونۇشتۇرۇلغان. تىببىي دورىلار ۋە كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

شۇڭا «تۈركىي تىللار دىۋانى» تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن ئىلمىي ئەسەر بولغان-دەك، مەزمۇنىنىڭ بايلىقى جەھەتتىنمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئېنسىكلوپېدىيىسى ھېسابلىنىدۇ.

مۇشۇنداق زور ئىلمىي ئەسەر، 14-ئەسىرگىچە بەزى ئەرەب-ئىسلام ئالىملىرىغا مەلۇم بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، (بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن كەلتۈرگەن نەقىللەردىن كۆرگىلى بولىدۇ) لېكىن كەڭ ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولماي كەلگەنىدى. 1914-يىلى ئىستانبۇلدا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن نازىب

بىيىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن بولغان بىر ئايال تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ھازىر ئىستانبۇل كۇتۇپخا- نىسىدا ساقلىنىۋاتقان بىردىنبىر قول يازما نۇسخىسىنى (بۇ قول يازما مەزكۇر ئەسەر يېزىلىپ 190 يىل ئۆتكەندىن كېيىن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆز قول يازمىسىدىن كۆچۈرۈلگەن) بىر كىتابپۇرۇش ئارقىلىق ئەلى ئەمرى دېگەن ئىلىم ھەۋەسكارىغا 32 ئالتۇن لىراغا ساتىدۇ. تۈركىيىلىك ئالىملاردىن كىلىسلى رىفئەت بۇ قول يازمىنى كۆچۈرۈپ مىخ مەتبەدە باستۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇلۇغ ئەسەر ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولىدۇ.

«دىۋان» دۇنياغا مەلۇم بولغاندىن كېيىن، چەت ئەللەردە نۇرغۇن تۈركولوگلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ ھەقتە ھەر خىل ياۋروپا تىللىرىدا نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلەر يېزىلدى. گېرمانىيە ئالىمى كارل بىروكلمان 1928 ـ يىلى بىرىنچى بولۇپ بۇ ئەسەرنىڭ نېمىسچىگە تەرجىمە قىلىنغان ئىندېكسىنى ئېلان قىلدى. كېيىن «دىۋان»دىكى شېئىر ـ قوشاقلار ۋە ماقال- تەمسىللەرنى ئايرىم بىراشۇرا قىلىپ ئېلان قىلدى.

1939 ـ يىلدىن 1941 ـ يىلغىچە تۈركىيىلىك ئالىم بېسىم ئاتالاي «دىۋان»نىڭ ئۈچ جىلدىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسىنى ۋە بىر ئىندېكسىنى ئېلان قىلدى، شۇنىڭدەك «دىۋان» قول يازمى- سىنىڭ فاكسىملىنى (فوتو نۇسخىسىنى) ئېلان قىلدى.

1960 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا «دىۋان»نىڭ ئۆزبېكچە تەرجىمىسى ئېلان قىلىندى. بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، «دىۋان»

www.uyghurkitap.com

نىڭ رۇسچە تەرجىمىسمۇ ئىشلىنىپ نەشرگە بېرىلگەن.

بۇلاردىن باشقا ئەنگلىيە ۋە ياپونىيىلەردىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىق قىلىنىپ، ھەر خىل شەكىللەردە ئېلان قىلىنماقتا. مەسىلەن «دىۋان»دىكى سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەرەبچە ئىزاھاتى كىلاۋسۇننىڭ تۈركىي تىللار لۇغىتىگە كىرگۈزۈلگەن).

شۇنىڭ بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تەتقىق قىلىش نۇرغۇن ئالىملارنىڭ تەتقىقات تېمىسىغا ئايلاندى. بۇ ھەقتە نۇرغۇن مەخسۇس ئەسەرلەر ۋە ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىندى.

مەملىكىتىمىزدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھەققىدىكى تەتقىقات ئازادلىقتىن كېيىن قولغا ئېلىندى. 50 ـ يىللاردا قەدىردان جۇڭگولىنىڭ قوللىشى بىلەن «دىۋان»نى ئۇيغۇرچە نەشر قىلىش ئىشى باشلانغان ۋە بۇ ھەقتە بەزى ماقالىلەر ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، بىرمەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن ئىنتايىن سول لۇشيەن تۈپەيلىدىن بۇ ئىش توختاپ قالغانىدى. ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مەملىكىتىمىزنىڭ بۇ ئېسىل مەدەنىي يادىكارلىقىنى تەرجىمە قىلىش ئىشىنى دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات پىلانىغا كىرگۈزدى ۋە مۇۋاپىق ئىلمىي كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى نەشرگە تەييارلىنىپ 1 ـ تومى 1981 ـ يىلى نەشردىن چىقىپ بولدى، 2 — 3 ـ توملىرى بېسىلىۋاتىدۇ. خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭمۇ 1 ـ تومى

ئىشلىنىپ بولدى، پات ئارىدا نەشرگە بېرىلىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئاپتورىنىڭ ئۆز ۋەتىنى بولغان جۇڭگودا ئۆز ئانا تىلىدا (ئۇيغۇرچە) ۋە خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنىشى ئىنتايىن زور ئىلمىي ۋە سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ ئىلىم دۇنياسىدا بارغانسېرى زور ئابروي قازىنىشى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىگە ھۆرمەت قىلغۇچى دوستلارنى خۇرسەن قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇلۇغ مەدەنىي يادىكارلىققا نىسبەتەن بەزى كىشىلەر غەرەزلىك ھالدا ھەر خىل نامۇۋاپىق كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا.

ئەنە شۇنداق بىر مەزگىلدە «دىۋان»نىڭ مەملىكىتىمىزدە نەشر قىلىنىشى ۋە بۇ ئۇلۇغ مەدەنىي يادىكارلىقنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىي مىراسى دەپ ئاشكارا جاكارلىنىشى، بىر تەرەپتىن، جۇڭگو خەلقىنىڭ شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشقا قوشقان شانلىق تۆھپىسىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلاپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئابرويىنى قوغدىغانلىق بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئىش سىياسىي جەھەتتىنمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

## II

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دەك مەدەنىي يادىكارلىقنى

ياراتقان مەھمۇت قەشقەرى ئۆزى ھەققىدە «دىۋان» دىكى ئايرىم ئىشارەتلەردىن باشقا ھېچقانداق مەلۇمات قالدۇرمىغان. شۇڭا ئىلىم دۇنياسىدا بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ھاياتى بىر خىل تېپىشماق بولۇپ كەلمەكتە.

چەت ئەل ئالىملىرىدىن كۆپچىلىكى مەھمۇت قەشقەرىنى ئۇنىڭ «قەشقەرى» دېگەن تەخەللۇسىغا قاراپ ھەقلىق تۇردە قەشقەرلىق ئالىم دەپ تونۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بەزىلەر ئۇنى باغدات ئالىمى دېيىشمەكتە. يېقىندىن بۇيان، بەزىلەر بۇ ئۇلۇغ مەدەنىي يادىكارلىقتا ۋارىس بولۇۋېلىش نىيىتىدە ئۇنى ئۆزبېك ئالىمى دەپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنماقتا. بەزىلەر بولسا، ئۇنى بارسغانلىق، بارسغان شەھىرىدىن قەشقەرگە كۆچۈپ بېرىپ، قەشقەردە ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان، شۇڭا ئۆزىگە «قەشقەرى» دېگەن تەخەللۇسنى قويغان دېمەكتە.

مەملىكىتىمىزدىمۇ بەزى كىشىلەر مەھمۇت قەشقەرىنى ھازىرقى ئۇيغۇر خەلقىگە مەنسۇپ ئالىم دېيىشتىن ئېھتىيات قىلىپ كەلمەكتە.

بىز مۇشۇنداق مۇجمەل كۆز قاراشلارنى ئىنقىلاپ بۇ ھەقتە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىلمىي خۇلاسىگە كېلىش ئۈچۈن «دىۋان»نى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا بۇ ھەقتە بەزى تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردۇق. بىز بۇنىڭدا ئالدى بىلەن «دىۋان»نىڭ ئۆزىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسلاندۇق.

1. مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»دا ئۆزىنىڭ ئىسمى ۋە

نەسەبى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بېرىپ، ئۆز ئىسمىنىڭ مەھمۇت، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ھۈسەيىن، بوۋىسىنىڭ ئىسمى مۇھەممەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

2. ئاتىسى ھۈسەيىن بارسغان ئەمرى بولغانلىقىنى، بۇ شەھەر مەھمۇتنىڭ ئاتا جەمەتىگە تەۋە شەھەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

3. مەھمۇت قەشقەرى ئۆز ئاتا جەمەتىنىڭ قاراخانىلار سۇلالىسىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى، سەمەرقەنت بىلەن بۇخارانى سامانى ئوغۇللىرىدىن ئالغان كىشى ئۆزلىرىنىڭ چوڭ بوۋىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

4. مەھمۇت قەشقەرى قەشقەرنىڭ ھازىرقى كوناشەھەر ناھىيىسىگە تەۋە ئوپال رايونى ۋە بۇ رايوندىكى ئازىق يېزىسىنى ئۆز يۇرتۇم دەپ ئوچۇق كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

5. مەھمۇت قەشقەرى قەشقەردە قاراخانىلار زامانىسىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئالىم ھۈسەيىن ئىبنى خەلەف قەشقەرىنى ئۇستازىم دەپ ئوچۇق كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

چەت ئەل ئالىملىرىدىن بىرىنىڭ مەھمۇت قەشقەرى ھەققىدە يازغان بىر ماقالىسىدە، ئەرەب تارىخچىلىرىنىڭ مەلۇماتلىرىغا ئاساسلىنىپ، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن ھەققەتەن بارسغان ئەمرى بولغانلىقىنى، ھۈسەيىننىڭ ئاتىسى مۇھەممەت قاراخانىلارنىڭ خۇتەننى ئالغان خاقانى يۈسۈپ قىدىرخاننىڭ 2 ـ ئوغلى ئىكەنلىكىنى، يۈسۈپ قىدىرخان ئۆلگەندىن كېيىن

شەرقىي قاراخانىلار زېمىنىنى خان جەمەتى قورۇلتايىنىڭ قارارى بويىچە ئۈچ ئوغۇلغا تەقسىم قىلغاندا، بارسغان ۋە شۇ ئەتراپ-تىكى جايلار مۇھەممەتكە تەقسىم قىلىپ بېرىلىپ، مۇھەممەت شۇ يەرلەرگە كىچىك خان بولغانلىقىنى، كېيىن چوڭ خان بىلەن بولغان بىر ئۇرۇشتا مۇھەممەت يېڭىلىپ چىقىپ قەشقەرگە كېلىپ چوڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغانلىقىنى، لېكىن، خانلىقتا ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەي ئوردىدا بولغان بىر سىياسىي ئۆزگە-رىشتە ئوغلى ھۈسەيىن بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان ۋە مەھمۇت قەشقەرى مۇشۇ سىياسىي ئۆزگىرىشتىن كېيىن چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن (بۇ ھەقتە بىرتاساكىنىڭ مەھمۇت قەشقەرى كىم؛ دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن).

بىز بۇ قېتىم مۇشۇ يىپ ئۇچلىرىغا ئاساسەن قەشقەردە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. بىز خەلق ئىچىدىن ئىگەللىگەن يازما ۋە ئېغىزچە ماتېرىياللار، تارىخىي ئاسار-ئەتىقىلەر ۋە يادنامىلار، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ھەقىقەتەن قاراخانىلار جەمەتىگە مەنسۇپ شاھزادە ئىكەنلىكىنى، قەشقەردە قاراخانىلار جەمەتىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئوپال رايونى-دىكى ئازىق يېزىسىدا تۇغۇلغانلىقىنى ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، ئوپالدا ۋاپات بولۇپ ئوپالنىڭ ئازىق كەنتى يېنىدىكى گۈزەل مەنزىرىلىك تاغ باغرىغا دەپنە، قىلىنغان-لىقىنى، ئۇنىڭ مازىرى ئوپال ۋە قەشقەر خەلقى قەلبىدە ئەۋلاد-

تىن ئەۋلادقىچە "ھەرزىتى مەۋلام (ھۆرمەتلىك ئالىم) مازىرى" دەپ ھۆرمەتلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتۇق.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازار تەزكىرىسىدىن (بۇ تەزكىرە ئىلگىرى مازاردا ساقلىنىپ مازارنى زىيارەت قىلىشقا كەلگەن كىشىلەر تەرىپىدىن تەكرار - تەكرار ئوقۇلۇپ خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغانىكەن. كېيىن يازما تەزكىرە تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن يوقالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇنى يات بىلىدىكەن، بۇ كىشىلەردىن، بۇ تەزكىرىنىڭ بىر - بىرىدىن ئۇنچە پەرق قىلمايدىغان بىرقانچە ۋارىيانتىنى يېزىۋالدۇق) مەلۇم بولۇشىچە:

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بوۋىسى مۇھەممەت مەھمۇت قەشقەرى تۇغۇلغان چاغلاردا قاراخانىلارنىڭ بۈيۈك خاقانىغا تەۋە خانلاردىن بىرى بولۇپ ئۇنىڭ ئوردىسى ئوپالنىڭ يېنىدىكى بىر قەلئەگە جايلاشقان. (ھازىر بۇ ئەتراپتا قاراخانىلار دەۋرىگە ئائىت بىرمۇنچە مازارلار ۋە ساراي خارابىلىرىنىڭ قالدۇق ئىزلىرى بار). ئۇنىڭ ئوغلى شاھزادە ھۇسەيىن ئوۋ قىلىپ يۈرگەندە ئازىق كەنتىدە تۇرغۇچى بىر ئالىمنىڭ يېگانە قىزى بۈۋى رابىيىگە تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان ۋە كېيىن بۇ ئۇقۇمۇشلۇق قىزغا ئۆيلەنگەن. (تەزكىرىدە بۇلارنىڭ مۇھەببىتى ۋە تويى، بۈۋى (بۈبى) رابىيىنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە بەك تەسىرلىك رىۋايەتلەر بار).

مەھمۇت قەشقەرى تۇغۇلغانىدا ئۇنىڭغا خان تەرىپىدىن

خەلقنى مەمنۇن قىلغۇچى، ياخشىلىقنى مەدھىيىلىگۈچى، ئىلىم - پەنگە ۋارىسلىق قىلغۇچى، ئىلىم - ھۈنەر بىلەن ماختال- غۇچى دېگەن مەنىلەردىكى سۆزلەرنىڭ قىسقارتىلمىسىدىن تەركىب تاپقان "مەھمۇت" دېگەن ئىسىم قويۇلغان. بۇ پاكىت ئۇنىڭ ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىدىغان مەدەنىيەتلىك بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مەھمۇتنىڭ تەربىيىسىدە بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئانىسى بۇۋى رابىيە بەك چوڭ رول ئوينايدۇ. خەلق ئىچىدىن چىقىپ كىچىكىدىن تارتىپ ئۆز ئاتىسىدىن ياخشى تەربىيە كۆرگەن، ئىلىم - تەھسىل قىلغان بۇ ئايال، ياش مەھمۇتقا كىچىكىدىن تارتىپلا، ئىلىم - پەنگە بولغان مۇھەببەت تۇيغۇسىنى سىڭدۈرىدۇ، ئۇنىڭغا گۈزەل ئەخلاق تەربىيىسى بېرىپ، ئۇنى ياخشى پەزىلەتلىك يىگىت قىلىپ يېتىش- تۈرىدۇ. شاھزادىلەرگە خاس كۆرەڭلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بەتقىلىقلاردىن ساقلايدۇ. مەھمۇتنىڭ پۈتۈن «دىۋان»غا سىڭدۈرگەن ئەخلاقىي كۆز قاراشلىرىنى ئەنە شۇنداق ئائىلە تەربىيىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

مەھمۇت باللىق ۋاقتىدىن تارتىپلا ئۆز ئەتراپىدىكى ھەربىر نەرسىگە، تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن تارتىپ ئۆسۈملۈك، ھايۋانات- لارنىڭ ئىسىملىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغىچە قىزىقىدۇ، ئۇنىڭ بۇ ھەقتە كەينى - كەينىدىن بەرگەن سوئاللىرى ئۆز ۋاقتىدا چوڭلارنى ھەيران قالدۇرغان.

مەھمۇت ئاۋۋال ئائىلىسىدە، كېيىن ئوردا يېنىدىكى مەكتەپتە

ئوبدان باشلانغۇچ تەربىيە ئالغاندىن كېيىن، قەشقەردە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان زامانىسىدە تەسىس قىلىنغان «ساجىيە» ۋە «ھەمىدىيە» مەدرىسىلىرىدە شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرىدىن بولغان ھۈسەيىن پەيزۇللا غوجامدىن («دىۋان»دا بۇ كىشى ھۈسەيىن ئىبىن خەلەپ قەشقەرى دېگەن نام بىلەن قەيت قىلىنغان بولۇپ، بۇ كىشى سۈرىيىدىن قەشقەرگە كۆچۈپ كەلگەن ئەرەب ئالىمى خەلەفنىڭ قەشقەر دۆلەتباغلىق ئايالى بۈۋى سەلىمىدىن تۇغۇلغان). تەلىم ئېلىپ، شۇ دەۋردە ئىسلام دۇنياسىدا ئىلىم تىلى دەپ تونۇلغان ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىيات تىلى دەپ تونۇلغان پارس تىللىرىنى مۇكەممەل ئۆگىنىدۇ.

مەھمۇت قەشقەردە ئالىي ئىلىم تەھسىل كۆرۈپ شۇ دەۋردە ئىسلام ئالىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇتۇلىدىغان ھەممە پەنلەردىن، بولۇپمۇ ئەرەب فىلولوگىيىسىنىڭ ھەممە ئۇتۇقلىرىدىن تولۇق بىلىمگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ھىجرىيە 450 ـ يىلى قەشقەردىن ئايرىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇزاق مۇددەت ساياھەت قىلىدۇ، خۇددى ئۆزى «دىۋان» مۇقەددىمىسىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان شەھەر ۋە يېزىلارنى بىردىن ـ بىردىن كېزىپ چىقىدۇ. ئۇ يەرلەردە ياشىغۇچى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىللىرىدىن بىرىنچى قول ماتېرىيال توپلايدۇ. ئۇنىڭ «دىۋان»دا بەرگەن جۇغراپىيە مەلۇماتلىرىنىڭ كەڭ ۋە ئەتراپلىقلىقىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئۇزۇن يىللىق (بەزىلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە 15 يىللىق) ئىلمىي ساياھىتى

داۋامىدا شۇ زاماندا تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان جايلارنىڭ تولىسىنى كېزىپ چىققان، بەزى جايلارغا ئۆزى بارمىسىمۇ، شۇ جايلارغا بارغان كىشىلەردىن ماتېرىيال ئالغان. شۇڭا «دىۋان»دىكى مەلۇماتلار پۇختا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق توپلانغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتى بەك يۇقىرى. بۇنى «دىۋان» دىن پايدىلانغان نۇرغۇن ئالىملار (مەسىلەن، بارتولد، جاك گۇاڭدا ۋە باشقىلار) تەكىتلەپ ئۆتكەن.

مەھمۇت قەشقەرى ھىجرىيە 464 ـ يىلى (مىلادى 1072 ـ يىلى) ئەتراپىدا باغداتقا بېرىپ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىشقا كىرىشكەن. بىزگە مەلۇم، بۇ دەۋردە ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقى سەلجۇقلار ھۆكۈمدارى سۇلتان مەلىكشاھ قولىدا ئىدى. مەلىكشاھنىڭ ئايالى توركان خاتۇن قاراخانىلار جەمەتىدىن بولۇپ، بۇ ئايال مەلىكشاھنىڭ ھاكىمىيىتىگە 25 يىل پەردە ئارقىسىدىن يېتەكچىلىك قىلغانىدى. بۇ ئايالغا پاناھ تارتىپ نۇرغۇن قەشقەرلىق ئالىملار ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان باغداتقا توپلانغان ۋە توركان خاتۇننىڭ ھامىيلىقىدا نۇرغۇن سىياسىي، ئىلمىي ئىشلارغا قاتناشقان. مەھمۇت قەشقەرىمۇ ئەنە شۇ توركان خاتۇننىڭ ھامىيلىقىدا ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇشى مۇمكىن، «دىۋان»دا مىسال قىلىپ كەلتۈرۈلگەن "توركان قاتۇن قاتىڭا تەگۈر مەندىن. قوشۇغ، ئايغىل سىزىڭ تاپۇغچى ئۆتۈنۈر ياگى تاپۇغ" دېگەن شېئىر ئەنە شۇ ئەھۋال-

دىن دالالەت بېرىدۇ.

مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»نى مىلادى 1072 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى يېزىشقا كىرىشىپ 1074 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاماملىغان ۋە 1076 ـ 1077 ـ يىللىرى تەكرار تۈزىتىپ، شۇ چاغلاردا خەلىپىلىك تەختىگە ئولتۇرغان خەلىپە ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بى ئەمىدۇللاغا تەقدىم قىلغان.

مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»دا بۇ كىتاب مېنىڭ ئۆمرۈمنى ئاخىرىغا يەتكۈزدى دېگىنىگە قارىغاندا «دىۋان» يېزىلىپ بولغاندا مەھمۇت قەشقەرى 60 ياش ئۆپچۆرىسىدە بولسا كېرەك.

بىز خەلق ئىچىدىن توپلىغان تەزكىرە ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان» يېزىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزۇن مۇددەت باغداتتا تۇرۇپ، ئىلمىي خىزمەتنى داۋاملاشتۇرغان، ئۇنىڭ «دىۋان»دا زىكىر قىلىپ ئۆتكەن «كىتاب جەۋھەرول نەھوى فى لوغەتىت تۈرك» دېگەن تېخى تېپىلمىغان ئەسىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ «دىۋان»دىن باشقا ئەسەرلەرنىمۇ يازغانلىقى ئېنىق. قەشقەردە مەھمۇت قەشقەرى مازىرىنىڭ يېنىدىن مۇندىن 60 يىللار ئىلگىرى بىر دېھقان تېپىۋالغان ئالتۇن، پەتنۇس ئاستىغا، كىتاب تاختىسى ئۈستىگە قويۇپ كۆمۈلگەن قول يازمىلار (ئەپسۇسكى بۇ قول يازمىلار يوقىلىپ كەتكەن) بەلكى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئەنە شۇنداق ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىلىرى بولۇشى مۇمكىن.

تەزكىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە مەھمۇت قەشقەرى ئۇزۇن

مۇددەتكچە يۇرتقا قايتىماي ئانىسى ئۇنىڭ يولغا تەلمۈرۈپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن (بۇۋى رابىيەم ئوغلىنىڭ يولغا قاراپ يىغلاپ، پامىرغا بارىدىغان كارۋان يولىنىڭ بويىدىكى يىلكچى مەھەللىسىدە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ مازىرى ھازىر شۇ يەردە) ئوپالدىن باغداتقا مەخسۇس سودا كارۋىنى ئەۋەتىلىپ، بۇ كارۋان ئون نەچچە يىلدىن كېيىن مەھمۇت قەشقەرىنى 89 يېشىدا باغداتتىن تۆگە چومى ئۇستىگە شۇۋەلىك (كارىۋات ئۆي) ياساپ گاھى ئولتۇرغۇزۇپ، گاھى ياتقۇزۇپ، تاغ قاپتاللىرى ۋە قىستاڭ يوللاردىن ئۆتكەندە ھاپاش قىلىپ ئوپالغا ئېلىپ قايتقان.

مەھمۇت قەشقەرى ئوپالغا قايتقاندىن كېيىن، يۇرتنىڭ ساپ ھاۋاسىدا سالامەتلىكى ياخشىلىنىپ يەنە سەككىز يىل مۇدەررىسلىك قىلىپ نۇرغۇن تالىپلارنى تەربىيىلىگەن. ئۇنىڭ تالىپلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىملىرى «نۇرۇز بۇلاق» ناملىق بۇلاق (بۇ بۇلاق ھازىرمۇ بار) بويىدا ئۆتكۈزۈلگەن.

مەھمۇت قەشقەرى 97 يېشىدا ۋاپات بولغان بولۇپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تاغ باغرىدىكى «چەشمە زۇلال» ناملىق بۇلاق ئۇستىدىكى سەيناغا دەپنە قىلىنغان. «ھەزرىتى مەۋلام شەمسىدىن (بىن) مىسىن مەخمۇدولكاشغەرى» مازىرى (قىسقىچە ھەزرىتى مەۋلام مازىرى) دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ مازار 900 يىلدىن بېرى قەشقەر خەلقى، بولۇپمۇ ئوپال خەلقى زور ئېھتىرام بىلەن ھۆرمەتلەيدىغان مۇقەددەس جايغا ئايلانغان. قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇلاردىن كەلگەن نۇرغۇن ئۆلىمالار ۋە تالىپلار

ئوقۇش پۇتتۇرگەندە ئالاھىدە بۇ مازارغا كېلىپ، ئۇنى ئىلمگە ھۆددىگار پىرىمىز دەپ تاۋاپ قىلىپ، مەھمۇت قەشقەرىدىن ئىجازەت ئالغان. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بۇ مازارغا ئۆزلىرىنىڭ ياخشى كۆرگەن كىتاب ۋە ئەسەرلىرىنى ۋەخپە قىلىشقان. بۇ كىتابلاردىن مازارغا زىيارەتكە كەلگەن كىشىلەر پايدىلىنىپ، ھەل قىلالمىغان ئىلمىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلغان. بىزگە بۇ قېتىم قەشقەرىنىڭ مۆتىۋەر ئۆلىمالىرىدىن ئىمىر ھەسەن قازى تەقدىم قىلغان بۇندىن 150 يىل ئىلگىرى مەزكۇر مازارغا ۋەخپە قىلىنغان «مەسنىۋى شېرىف» ناملىق كىتاب ۋە ئۇنىڭغا ئىلاۋە قىلىنغان «ۋەخپنامە» بۇنىڭدىن دالالەت بېرىدۇ. قەشقەرىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئاتاقلىق زىيالىيلىرى گۇۋاھ بولۇپ مۆھۈر باسقان بۇ ھۆججەت قەشقەر خەلقىنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئالىمنى ئۇنتۇماي ئەسلەپ كەلگەنلىكىنىڭ بىر دەلىلى.

ھازىرمۇ قەشقەردە دىنىي ئىلىم تەلەپ قىلغان ئۆلىمالار ھەر يىلى نورۇز ئېيىدا (ئۇيغۇرلارنىڭ كونىچە يېڭى يىل ۋاقتىدا) مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرىغا كېلىپ تۈرلۈك دىنىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بارىدۇ، ھەتتا ئۆزلىرى ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەرگە جاۋاب ئېلىش ئۈچۈن بۇ مازاردا ئىستىقامەتتە ئولتۇرىدۇ.

قەشقەر ئاياللىرىمۇ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئانىسىنى ئۆزلىرىنىڭ پىرى ھېسابلاپ، تۈرلۈك دىنىي پائالىيەتلەردە ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەيدۇ.

مەھمۇت قەشقەرىگە ۋە ئۇنىڭ ئالىيجاناب ئانىسى بۇۋى

رابىيگە (شۇ جۇملىدىن بۇۋى رابىيەنىڭ ئاتىسى خوجا سەيفى-
دىن بۇزرۇكۋارغا) بولغان ھۆرمەت گەرچە بارا-بارا دىنىي
خۇراپات چۈمپەردىسىگە ئورالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تېگىدە
ئىلىمگە ۋە ئالىملارغا ھۆرمەت قىلىش تۇيغۇسى يوشۇرۇنغان.

بىز بۇ قېتىم شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل
تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ قەدىمكى تىللار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى
يولداش مىرسۇلتان ئوسمانوۋ بىلەن بىللە ئېلىپ بارغان
تەكشۈرۈشتە خەلق ئىچىدىن توپلىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللار
ئىچىدە يۇقىرىقىدەك دىنىي خۇراپات ئامىللىرى خېلى كۆپ
بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مۇنداق خۇراپىي شاكىلىنى چىقىرىۋې-
تىپ ئەسلى جەۋھىرىنى ئايرىپ چىققاندا، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت
قەشقەرى ھاياتىنىڭ بىر مۇنچە مۇجمەل تەرەپلىرى روشەنلىشىدۇ.
شۇڭا، بىز بۇ ماتېرىياللارغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىدۇق.
ئۇلارنى «دىۋان»دىكى پاكىتلار، قاراخانىلار تارىخىدىكى ئەمەلىي
ئەھۋاللار، ۋە ئوپالدىن تېپىلغان تارىخى ئاسارئەتىقىلەر
بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش نەتىجىسىدە بۇ ئۇلۇغ
ئالىمنىڭ يۇرتى ھەققەتەن ئوپال ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئۆمرىنىڭ
ئاخىرىدا ئوپالدا ۋاپات بولۇپ، بۈگۈن ھەزرىتى موللام
تېغى دەپ ئاتالغان تاغ تۈۋىگە دەپنە قىلىنغانلىقىنى
مۇئەييەنلەشتۈردۇق.

بۇ بىزنىڭ دەسلەپكى تەتقىقات نەتىجىمىز.

بۇنىڭدا تولۇق بولمىغان جايلار بولۇشى مۇمكىن. لېكىن

هەرقايسى ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بۇندىن كېيىن ئىلىپ بارىدىغان تەتقىقات نەتىجىسىدە بۇ مەسىلىلەر تولۇقلىنىپ ۋە تۈزىتىلىپ ئوتتۇرا ئەسىردە ئىلىم دۇنياسىغا شۇنچە زور تۆھپىلەرنى قوشقان بۇ ئۇلۇغ ئالىم ھەققىدىكى بىلىمىمىز يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

1983 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مەمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى، ھاياتى ۋە مازىرى توغرىسىدا[1]

مەملىكىتىمىزنىڭ 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى، ھاياتى ھەم قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى ئىلىم دۇنياسىدا ھازىرغىچە تولۇق ئېنىقلانمىغان بىر مەسىلە ئىدى. بۇ ھەقتە تۈرلۈك كۆز قاراش ۋە پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا كەڭ جامائەتچىلىكنى قانائەتلەندۈرەلمەي كەلدى. ھەتتا بەزى كۆز قاراشلار رېئاللىقتىن ناھايىتى يىراقلىشىپ كەتتى.

بىز ئالىمنىڭ «دىۋان»دا ئۆز يۇرتى ۋە ھاياتى ھەققىدە بەرگەن ماتېرىياللىرى ئاساسىدا، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزدىنىش كۆرۈش مەقسىتى بىلەن 1982 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1983 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە قەشقەردە، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ 3 ـ تومىنى ئۇيغۇرچە نەشرگە تەييارلاش خىزمىتى جەريانىدا قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسىنى نۇقتا قىلغان ھالدا بىر نۆۋەت مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن (1982 ـ يىلى

---

[1] بۇ دوكلات «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

12 ـ ئاينىڭ 18 ـ، 19 ـ كۈنلىرى) ئوپالدىكى «ھەزرىتى موللام» مازىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تارىخىي ئورۇنلارنى كۆزدىن كەچۈردۇق. ئاندىن ئوپال ۋە قەشقەردىكى پېشقەدەم ئۆلىمالار، زىيالىيلار ۋە مۇناسىۋەتلىك ئادەملەردىن ئۇلار بىلىدىغان ئەھۋاللارنى ھەم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئىگەللىدۇق. شۇنىڭ بىلەن 1982 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئوپالدىكى «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىرىنچى قېتىملىق دوكلاتىمىزنى ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىگە ئەۋەتتۇق①. شۇ ئاساستا قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە مەسئۇللىرىدىن يولداش مامۇتوۋ ۋە ئەيسا شاكىرلارنىڭ قىزغىن قوللىشى بىلەن 1983 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى قەشقەردىكى ئۆلىمالار، زىيالىيلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، جامائەتچىلىكتىن پىكىر ئالدۇق. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە يەنىمۇ كۆپ ئادەملەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىلىپ، بىزنى بىرمۇنچە قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەرىنىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن ئىمىر ھەسەن قازى ئاخۇنۇم تەقدىم قىلغان، مۇندىن 150 ـ يىلچە ئاۋۋال يېزىلغان

---

① بۇ دوكلات «قەشقەر ئەدەبىياتى»نىڭ 1983 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا بېسىلغان.

بىر كىتاب ۋەخپىنامىسى تولىمۇ قىممەتلىك ھۆججەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇپالدىكى «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ ھەققىدەن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرى ئىكەنلىكى ئوچۇق بايان قىلىنغان. بۇ ھۆججەت بىزنىڭ ئاغزاكى ماتېرىياللار ئاساسىدا يېزىلغان بىرىنچى قېتىملىق دوكلاتىمىزدا ئالغا سۈرۈلگەن كۆز قاراشلىرىمىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئەستىقلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز تولۇپ تاشقان ئىشەنچكە ئىگە بولۇپ، ئىككىنچى قېتىملىق دوكلاتىمىزنى يېزىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق ۋە ئۇنى 1983 ـ يىل 4 ـ ئايدا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىلمىي ھەيئەتلىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىغا قويدۇق.

ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىز قەشقەر ۋە ئوپالدا دەسلەپتە سۆزلەشكەن كىشىلەرنىڭ تولىسى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئۇيغۇرچە 1 ـ تومى نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنى كۆرگەن ياكى كۆرەلەيدىغان كىشىلەر ئەمەس، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئەزەلدىن «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ شەيخلىقىنى قىلىپ كېلىۋاتقان ئاددىي خەلق، بىر قىسمى كونىچە ئوقۇغان بولىسمۇ، ئىلىم دۇنياسىدا مەھمۇت قەشقەرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردىن بىخەۋەر كىشىلەر. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «ھەزرىتى موللام»نىڭ مەھمۇت قەشقەرى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ھەر خىل رىۋايەتلەر بىزگە خەلقىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ بۇ مۇنەۋۋەر پەرزەنتىنى بىر قانچە ئەسىر داۋامىدا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن

ياد ئېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنى ئۇنتۇپ كەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. بىز بۇ ماقالىمىز ئارقىلىق بۇ ماتېرىياللارنى ئۆز ئەينى بويىچە جامائەتچىلىككە مەلۇم قىلماقچىمىز ۋە ئۆزىمىزنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى قېتىملىق دوكلاتىمىزدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراشلىرىمىزنى تەپسىلىي بايان قىلماقچىمىز. بىز بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە ئىگەللىگەن ماتېرىياللارنى ئېلان قىلىشتا ئۇلارنىڭ مېغىزىدىن پايدىلىنىپ شاكىلىنى تاشلىدۇق، يەنى بۇ مەسىلىگە ئالاقىدار بىر قىسىم رىۋايەتلەر ئىچىدىكى ئەسىرلەر داۋامىدا قوشۇلۇپ قالغان بەزى ئەپسانىۋى يىپىنچىلارنى نەزەردىن ساقىت قىلدۇق.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى، ھاياتى ۋە مازىرى ھەققىدە بىز ئىگەللىگەن ماتېرىياللار تۆۋەندىكىچە:

## 1. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قەشقەرلىق ئىكەنلىكى ئۇنىڭ تەخەللۇسىدىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئىلىم دۇنياسىدا چىنلىققا ھۆرمەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسى بۇنىڭدىن قىلچە گۇمانلانمايدۇ.

ئالىمنىڭ قەشقەرنىڭ قايسى يېرىدىن ئىكەنلىكىگە كەلسەك، بۇ ھەقتە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى مۇنداق بىر نەچچە پاكىت بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئۆزىگە تارتىدۇ:

مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»دا قەشقەر ئەتراپىدىكى 20 دىن ئارتۇق يەر ئىسمىنى ئىزاھلىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنى «اِسْمِ بِلْدَةِ كانَتْ قُرْب كاشْغَرْ» (قەشقەر يېنىدىكى بىر شەھەرنىڭ ئىسمى)، «اِسْمِ قَرِيَةاَلْكاشْغَرْ» (قەشقەردىكى بىر يېزا ئىسمى) دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن ئىزاھلىغان بولسىمۇ، لېكىن «ئاغ aẑïoq» سۆزىنى① ۋە «اُبَلْ opal» سۆزىنى② «اِسْمِ قَرِيَةَلَنا» (بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى) دەپ ئىزاھلىغان. "قَسِيْ kasï» سۆزىنى③ «اِسْمِ مَوْضِعِ لنا» (بىزدىكى بىر يەر ئىسمى) دەپ ئىزاھلىغان.

توغرىسىنى ئېيتقاندا، بىزنىڭ قەشقەر ئوپال يېزىسىدىكى تەكشۈرۈشىمىز مانا مۇشۇ يىپ ئۇچى ئاساسىدا، يەنى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ئوپال، ئوپالنىڭ «ئازىق» مەھەللىسى دېگەن ئاساستا ئېلىپ بېرىلدى.

ئوپال قاتناش لىنىيىسى ھېسابىدا، قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان 45 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جاي بولۇپ، ھازىر قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» يازما نۇسخا، 44 ـ بەت، 1 ـ، 2 ـ قۇرلارغا قاراڭ.

② «تۈركىي تىللار دىۋانى» يازما نۇسخا، 49 ـ بەت، 7 ـ قۇرغا قاراڭ.

③ «تۈركىي تىللار دىۋانى» يازما نۇسخا، 544 ـ بەت، 5 ـ قۇرغا قاراڭ.



www.uyghurkitap.com

يېزا، ئۇ پامىر تاغلىرىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىن ئورۇن ئالغان، ھاۋاسى ساپ، تەبىئىي مەنزىرىسى گۈزەل بىر جاي، مەھمۇت قەشقەرى "قەشقەر — خان تۇرىدىغان جاي، قەشقەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، خاقان ئەفراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان"① دېگەندە، قەشقەرنىڭ، شۇ جۈملىدىن، ئوپالنىڭ مۇشۇنداق ساپ ھاۋاسىنى ۋە گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك.

«أَذِغْ qżïoq» دېگەن يەر ئىسمىغا كەلسەك، مەھمۇت قەشقەرى "بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى" دەپ ئىزاھلىغان بۇ مەھەللىمۇ خۇددى شۇ ئوپالنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ تەخمىنەن 300 ـ 400 مېتىر جەنۇبىدىكى «ئازىق تىكەن دارىسى» (ھازىرقى ئاتىلىشى «سۆسەر ئاغزى») دېگەن ئېقىننىڭ ئاغزىغا جايلاشقان.

«قَسِي ķasï» ئازىق مەھەللىسىگە تۇتاش بىر جاي ئىسمى، ھازىر بۇ سۆزدىكى "س" تاۋۇشىدا فونېتىك ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ جايدىن ئۆتكەن ئۆستەڭ «قاچى ئۆستەڭ» دېيىلىدۇ.

ئازىق مەھەللىسىدىن 92 ياشلىق داۋۇت زۇنۇننىڭ ئۆز دادىسىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ مەھەللىنىڭ ئەسلى ئىسمى «ئازىق» بولۇپ، بۇرۇن سۆسەر ئاغزىدىن بىر قېتىم سەل كېلىپ قۇم سىلىقۋەتكەنلىكتىن «قۇمباغ» دەپمۇ

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» يازما نوسخا، 173 ـ بەت، ئۇيغۇرچە I ـ توم، 447 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

ئاتىلىدىغان بولغان. مۇندىن 50 يىللار ئىلگىرىكى ۋاقىتقىچە خەلق «ئازىق» دېگەن ئىسمىنىمۇ تەك قوللىنىپ كەلگەن. يەرلىك خەلقنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، "ئازىق تىكەن دارىسى" دېگەن سۆز "ئاق تىكەن دارىسى"مۇ دېيىلىدىكەن. چۈنكى "ئازىق تىكەن" بىلەن "ئاق تىكەن" بىرلا خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئىككى خىل ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇششاق قىزىل مېۋىسى بولىدىكەن بۇ مېۋىنى ئېيىق يەيدىكەن.

بىزگە مەلۇم، "ئېيىق" سۆزى خاقانىيە تىلىدا «aẑïoq» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. شۇڭا «دىۋان»دا «اَذِغْ aẑïoq» دەپ تىلغا ئېلىنغان ۋە ھازىر «ئازىق» دېيىلىۋاتقان بۇ مەھەللىنىڭ ئىسمى ئەنە شۇ «ئازىق تىكەن دارىسى» دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ.

11 ـ ئەسىردىكى خاقانىيە تىلىنىڭ ئاساسەن "ز ـ z"لىق تىل ئىكەنلىكى، كېيىنچە بۇ تاۋۇشنىڭ "ي ـ y"غا ئۆزگەرگەنلىكى، لېكىن بەزى يەر ئىسمىلىرىدا، مەسىلەن، ئوپالدىكى «ئازىق» ۋە ئاتۇشتىكى «ئازاق» سۆزلىرىدە "ي ـ y"غا ئۆزگەرمەي (جوغرا ـ پىيىۋى ئىسىملار ئومۇمەن تۇراقلىق بولغاچقا، مۇنداق ئۆزگىرىش ئاز بولىدۇ)، ئەسلى تەلەپپۇزى ساقلىنىپ قالغانلىقىغا دىققەت قىلىنسا، يۇقىرىقى قاراشنىڭ ئاساسسىز ئەمەسلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.

مانا بۇ بىزنىڭ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى قەشقەر، قەشقەردىكى ئوپال يېزىسى ۋە ئوپالدىكى «ئازىق» مەھەللىسى

دېيىشىمىزدىكى بىرىنچى ئاساس.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەھمۇت قەشقەرى "بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى" دەپ ئىزاھلىغان بۇ ئىككى يەر ئىسمى ئىنقىلابتىن كېيىن، بىز بىرىنچىدىن، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ بىزدىن ئاۋۋالقى تەرجىمىلىرىنى نەشر قىلدۇرغان بوركېلمان، بېسىم ئاتالاي ۋە سالىھ مۇتەللىپوۋلارنىڭ "ابلُ" سۆزىدە يېزىلىشتىكى سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن "ا- ئېلىف" بىلەن "ب- b" ئۆتتۈرىسىغا قويۇلۇپ قالغان دىئاكرىتىك بەلگە — زەممىنى "ب- b"غا تارتىپ "aobul" دەپ ئوقۇغانلىقىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى، بىزنىڭ زەممىنى "ا- ئېلىف"قا تارتىپ «opal» دەپ ئوقۇغانلىقىمىزنىڭ پۈتۈنلەي توغرا بولغانلىقىنى ھېس قىلدۇق؛ ئىككىنچىدىن، بىز 1980-يىل 6-ئايدا «دىۋان»نىڭ 1-تومىنىڭ تەرجىمە خىزمىتىگە ئالاقىدار تىل تەكشۈرۈش بىلەن قەشقەرگە بارغان ۋاقتىمىزدا، يېڭىسار ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر يىلى ئالدى بىلەن يېڭىساردىكى «ھەزرىتى بېگىم»، ئاندىن «ئوردا خېنىم»، ئاندىن ئاتۇشتىكى ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، ئاندىن قەشقەر پانىياپتىكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ — يۈسۈپ قادىرخان، ئاندىن ئوپالدىكى «ھەزرىتى موللام» مازارلىرىنى تاۋاپ قىلىپ قايتىدىغانلىقىغا بىنائەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى قاراخانىلار جەمەتىگە ئائىت شەخسلەرنىڭ مازارلىرى بولغاچقا، «ھەزرىتى موللام»نىمۇ قاراخانىلار جەمەتىدىن دەپ تونۇغان ۋە "ئېھتىمال، مەھمۇت

قەشقەرى بولسا كىرەك" دەپ «دىۋان»نىڭ ئۇيغۇرچە 1- تومىدا ئاز- تولا بىشارەت بېرىپ ئۆتكەنىدۇق. بىراق، بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمىزدا (بۇ بەزى ئىزاھلاردا ۋە كىرىش قىسمىدا كۆرۈلىدۇ) مۇجمەللىك بولدى، ئاتۇشتىكى «ئازاق» بىلەن ئوپالدىكى «ئازىق»نى ئايرىلاشتۇرۇپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈن، بەزى سەۋەنلىكلەرگە يول قويۇلۇپ قالدى.

بىز «دىۋان»نىڭ 1- تومنى ئۇيغۇرچە نەشرگە تەييارلاش خىزمىتىنىڭ قاتناشقۇچىلىرىدىن بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن مۇنداق مۇھىم بىر ئىلمىي مەسىلىدە يەكگىلتەكلىك قىلغانلىقىمىزنى ۋە شۇنىڭ بىلەن سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلىمىز.

ئوپال ئازىقتىكى «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ تەزكىرىسى ۋە مۇشۇ تەزكىرىدىكى بايانلارغا ياندىشقان ھالدا، بۇ مازارنىڭ تا مۇشۇ كۈنگىچە خەلقىمىز تەرىپىدىن "ئىلىمگە ھۆددىگار پىرىم" دەپ، سۆيۈپ، ئاسرىلىپ كېلىۋاتقانلىقى، "ھەزرىتى موللام" مازىرى شەيخلىرىنىڭ مازار ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىرى (بۇ ھەقتە ئايرىم توختىلىمىز.) ۋە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ۋەخپىنامە — مانا بۇلار بىزنىڭ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ئوپال، ئۇ ھەققەتەن ئوپال ئازىقتا تۇغۇلغان ۋە ئوپال ئازىقتا دەپنە قىلىنغان دەپ تونۇشىمىزغا ئىككىنچى ئاساس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ھازىرقى ئوپالدا "خان بېغى" ياكى "سۇلتانباغ"، "تەكيەگاھ" (خانلارنىڭ چەت ئەل ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋالىدىغان مەخسۇس مېھمانخانىسى) دېگەن جاي

ئىسىملىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى، شۇنىڭدەك، "قاراخان پاشايىم" مازىرى، "ھەزرىتى پاشايىم" مازىرى، "سوپ تېكىن (سەبۈك تېگىن؟)" مازىرى، "ئوپ تېكىن (ئالپ تېگىن؟)" مازىرى، "قىلىچ بۇغراخان" (ئېھتىمال يۈسۈپ قادىرخاننىڭ دادىسى ئوبۇل-ھەسەن ھارۇن ئىبنى سۇلايمان بولسا كېرەك) مازىرى دېگەندەك مازارلارنىڭ بولۇشى ۋە تىل ئالاھىدىلىكى جەھەتتە، مەھمۇت قەشقەرى "دىۋان"دا ئېيتىپ ئۆتكەن ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ سۆز بېشىدا "ھ-h"نى كۆپەيتىش ھادىسىنىڭ ھازىرقى ئوپال جانلىق تىلىدا قويۇق ساقلىنىپ كېلىۋېتىشى ئومۇمەن، ئوپالنىڭ قاراخانىلار جەمەتى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك جاي ئىكەن-لىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بولۇپمۇ، تەزكىرىدە نامى تىلغا ئېلىنغان "بۇزرۇكۋارلىرىم" دېگەن نام ئاستىدىكى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بوۋىسى مۇھەممەت ۋە ئاتىسى ھۈسەيىنلەرنىڭ مازىرى؛ "سەيپىدىن بۇزرۇكۋار" دېگەن نام بىلەن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئانا تەرەپ بوۋىسى خوجا سەيپىدىننىڭ مازىرى (تەزكىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ كىشىگە "بۇزرۇكۋار" دېگەن ئۇلۇغلاش ئۇنۋانى مەھمۇت قەشقەرى دۇنياغا كېلىش بىلەن خان تەرىپى-دىن بېرىلگەن)؛ "بۈۋى رابىيە خېنىكەم" دېگەن نام ئاستىدا ھۆرمەتلىنىپ كېلىۋاتقان مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئانىسىنىڭ مازىرى؛ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولغان ئىمام ئەكبەر (ياكى ئىمام ئەزدەر)، ئىمام ئەسقەرلەرنىڭ مازارلىرى،

مەھمۇت قەشقەرى باغداتتىن قايتقاندىن كېيىن، سەككىز يىل دەرس ئۆتكەن "مەھمۇدىيە" مەدرىسىسىنىڭ خارابىسى؛ ئالىمنىڭ ئۆز تالىپلىرى بىلەن ھەر پەيشەنبە كۈنى سەيلە قىلىدىغان ۋە ھەر يىلى نورۇز ئېيىدا تالىپلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارغا ئىلمىي ئۇنۋانلار بېرىدىغان تارىخىي ئورۇن — ئالىمنىڭ تىرىك گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە مازىرمۇ بولىدۇقلاپ قايناپ تۇرغان "نورۇز بۇلاق" قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ھەققەتەنمۇ ئوپال يېزىسى، ئوپالنىڭ "ئازىق" مەھەللىسى ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

## 2. «ھەزرىتى موللام» مازىرى — مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرى

"ھەزرىتى موللام" (بۇ سۆز ئەسلى ئەرەبچە "مولى — maula — ئىگە، خوجايىن" دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، ئاخىرىدا ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇيغۇر تىلى بويىچە بىرىنچى شەخس بىرلىكتىكى تەۋەلىك قوشۇمچىسى قوشۇلغان) مازىرى ئوپالنىڭ غەربىي شىمالىي بۇرجىكىدىكى "ھەزرىتى موللام تېغى" دەپ ئاتالغان تاغ باغرىدا①. بۇ تاغدا ئىسلامىيەتتىن

① ئوپالنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان «ئوپال ئارت» گۆر جىلغا بويىدىكى خارابە «تاشبالىق» دېيىلىدۇ. تۆۋەندىكى شېئىردىن

ئىلگىرىكى بۇدىست ئۇيغۇرلارغا ئائىت خارابىلەرنىڭ ئىزلىرى
هازىرمۇ تولۇق يوقىلىپ كەتمىگەن①. كىشى لەۋلىك ئېيتىشىچە،
مۇندىن 60 يىللار ئىلگىرى بۇ تاغدا بىر بۇددا ئىبادەتخانىسىمۇ
بولغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەردىكى مانجۇ ئەمەل-
دارلىرى ۋە ئەسكەرلىرى هەر يىلى بۇ بۇتخانىغا چىقىپ ئىبادەت
قىلىپ تۇرغان. هازىر بۇ تاغدىن قەدىمكى دەۋرلەردىن قالغان
دەپىنىلەر دائىم چىقىپ تۇرىدۇ. ئومۇمەن، بۇ جايدا تاش
دەۋرىدىن تارتىپ تاكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان
هەرقايسى دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت ئەكس ئەتكەن②. بۇ

قارىغاندا، تاغمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ، كېيىن "هەزرىتى
موللام تېغى" دەپ ئاتالغان. ئوپال دۆڭ ئۆستەڭ لەڭگەرلىك
"خوجا قونداق ئاتام" مازىرىنىڭ خەتىبى سۇلايمان ئىمىن
(72 ياش)نىڭ رىۋايىتىچە، مەهمۇت قەشقەرىگە ئاتاپ
تۆۋەندىكىدەك مەرسىيەلەر يېزىلغان:
تاشبالىق بولسۇن ئەبەد هەزرىتى موللامنىڭ تاغى،
..........
نامى ئۆچمەس گۈل چېچەكلەپ مېۋە بولغاي موللام باغى.

① ئوپالدىن يەنە غەربىي شىمالغا ماڭسا «ئۇيغۇر قەلئە» دېگەن بىر خارابە بار.

② «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1983 ـ يىللىق، 6 ـ سان، 18 ـ بەتتىكى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى يادىكارلىقلار باشقارمىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ئورنى ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلاتى»غا قاراڭ.

يەردىن تېپىلغان قاراخانىلار دەۋرىگە ئائىت يارماقلار ھازىر قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلانماقتا.

"ھەزرىتى موللام" مازىرى ئەنە شۇ تاغ باغرىدىكى "مارجان بۇلاق" ("چەشمە زۇلال"مۇ دېيىلىدۇ) سەھنىسىگە جايلاشقان. بۇ بۇلاقنىڭ شىمال تەرىپىدە يەنە بىر بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭ تۆۋىدە "ھەزرىتى موللام" جامەسى جايلاشقان. "مارجان بۇلاق" تۆۋىدە خەلقنىڭ ئېيتىشىچە، سەل كەم مىڭ يىلدىن بۇيان قايتا ـ قايتا كۆكلەپ كېلىۋاتقان" «ھاي ـ ھاي تېرەك» دېگەن تېرەك بار. مەسچىتتىن تۆۋەن چۇشكەندە «ئۈجمىلىك كوچا» دېگەن كوچا باشلىنىدۇ. مازاردىن 30 ـ 40 مېترچە جەنۇبتىكى دۆڭلۈكتە "مەھمۇدىيە" مەدرىسىنىڭ خارابە ئىزلىرى بار. مازارنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى پەستە "موللام بېغى" دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان مەھەللە بولۇپ، بۇ مەھەللىدە "ھەزرىتى موللام" مازىرىنىڭ شەيخلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جەددى ـ جەمەتى ئولتۇراقلاشقان. تاھازىرغىچە نورۇز بايرىمىدا ياكى ئۈجمە پىشقاندا، ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىن خەلقلەر كېلىپ تاۋاپ ۋە سەيلە قىلىشىدۇ. ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر بولسا، بۇ مازاردا ياتقان شەخسنى "ئىلمگە هوددىگار پىرىم" دەپ ھۆرمەتلەپ، دۇئا ـ تەكبىر قىلىشىپ، ھەتتا بىرمەزگىل تۇرۇپ يېنىشىدۇ.

بىز بۇ مازاردا خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان بىر زاتنىڭ ياتقانلىقىنى مۆلچەرلەپ، ئۇنىڭ كىملىكىنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق.

1) مازارنىڭ شەيخلىرىدىن تەكشۈرۈش:

"ھەزرىتى موللام" مازىرىنىڭ ھازىرقى شەيخلىرىدىن باۋۇدۇن قارى، ئوسمان قارى ۋە مۇھەممەت رىھىم شەيخلەرنىڭ ئاغزاكى گۇۋاھلىقىچە «ھەزرىتى موللام» مازىرىغا دەپنە قىلىنغان زاتنىڭ تولۇق ئىسمى «ھەزرىتى مەۋلام شەمسىددىن مەھمۇدىيە ئىبنى ھۇسەيىن» ئىكەن. ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە: مەۋلام — ئالىملىقىغا قارىتىلغان، شەمسىددىن — دىنىنىڭ قۇياشى، ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن ئۇنۋان، مەھمۇدىيە — بۇ زاتنىڭ ئىسمى (بىرنەچچە ئەسىر ئۆتكەنلىكتىن، مەدرىسىگە بېرىلگەن "مەھ- مۇدىيە" دېگەن نامنى ئۇلار دەپنە قىلىنغان زاتنىڭ ئىسمى دەپ ئادەتلىنىپ قالغان)، شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ ئەخلاقلىقلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھۇسەيىن — دادىسىنىڭ ئىسمى. "ھەزرىتى موللام" شەيخلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ زات ئالىم كىشىكەن، ئەرەب، پارسى، تۈركىي، رومانى... قاتارلىق سەككىز-توققۇز تىلنى بىلىدىكەن، ئىران، ئىراق تەرەپلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە مۇدەررىس بولغان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا "مەن يۇرتۇمغا قايتسام" دەپ مۇشۇ يەرگە قايتىپ كېلىپ، مۇشۇ مازارنىڭ يېنىدىكى مەدرىس (يەنى مەدرەسەئى مەھمۇدىيە)تە مۇدەررىس بولغان ۋە تۆت ئەتراپقا ئىلىمنى شۇ كىشى تاراتقان، قايتىپ كېلىپ سەككىز يىلدىن كېيىن 97 يېشىدا ۋاپات بولغان، ئالىم كىشى بولغاچقا، ئۇلۇغلاپ «ھەزرىتى مەۋلام» دېيىلىدىكەن...

قاراخانىلار دەۋرىدىكى قائىدە بويىچە، خان جەمەتىدىن

بولغان شەخسلەرنىڭ مازارلىرىغا خان تەرىپىدىن مەخسۇس شەيخ، جارۇپكەش (قەبىر سۈپۈرگۈچى)، سۇپارىخان، ياتاقچى، مۆتىۋەللى تەيىنلىنىپ، ئۇلار شۇ مازارنىڭ ۋەخپىلىرى بىلەن تەمىنلىنىپ تۇرغان، مۇنداق شەيخلىق ئاتىدىن بالىغا مىراس قالغان.

"ھەزرىتى موللام" مازىرىنىڭ شەيخلىقىمۇ مۇشۇ قائىدە بويىچە داۋاملاشقان. يەنى بۇ مازارنىڭ شەيخلىقى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى "موللام بېغى" دېگەن كىچىك مەھەللىنىڭ ھەممە يېرى تاكى 1949 - يىلغىچە بۇ ئەۋلادقا مىراس ۋە ئەۋلادى ۋەخپ (ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە پايدىلىنىدىغان، لېكىن ساتقىلى بولمايدىغان ۋەخپ) بولۇپ كەلگەن. شۇڭا، 1942 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئوپال مەھكىمەئى شەرئىيەسى بىرمەزگىل باشقىلار تەرىپىدىن قانۇنسىز ھالدا تارتىۋېلىنغان شەيخلىقنى "ھەزرىتى موللام" شەيخلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان قۇددۇس قارى ھاجىم (ھازىرقى شەيخ - ئوسمان قارىنىڭ دادىسى)غا قايتىدىن ئېلىپ بېرىش ھەققىدە ھۆكۈم چىقارغان①.

بۇنىڭدىن شۇ نەرسە ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ شەيخلىرى بىرمەزگىللىك شەيخلەر بولماستىن، بەلكى بۇ مازار تىكلەنگەن ۋاقىتتىن ئېتىبارەن قانۇنىي

① بۇ ھۆكۈم «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ ھازىرقى شەيخى ئوسمان قارىنىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

هالدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا شەيخ بولۇپ كېلىۋاتقان كىشىلەر. ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ يەتتىنچى، سەككىزىنچى ئەجدادىنى خاتىرىسىدە ساقلاپ كەلگەن، شۇنىڭدەك، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئىشلىتىپ كەلگەن مەخسۇس مۆھۈرىمۇ بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ شەيخلەردىن بەزىلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرى بولغان. مەسىلەن، بىزگە ئاغزاكى مەلۇمات بەرگەن باۋۇدۇن قارىنىڭ بوۋىسى تۇردى ھاجىم شەيخ (تەخمىنەن 1793 ــ 1923 ـ يىللار) قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق ئۆلىمالىرىدىن بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئۆلىمالىرىدىن موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم، ئەلىنەزەر ئاخۇنۇم، ئابدۇرەھىم نازارى، تۇردۇش كاتىپ (غەرىبى)، نورۇز كاتىپقا ئوخشاش كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان. تۇردى ھاجىم شەيخ يازغان ئەسەرلەردىن «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى» ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراش ئىدارىسىدە ساقلانماقتا.

شۇڭا، بىز بۇ شەيخلەرنىڭ "ھەزرىتى موللام" مازىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلىرىنى ئۇلار ئەنە شۇنداق مەشھۇر كىشىلەردىن ئاڭلىغان بولغاچقا، مەلۇم ئاساسقا ئىگە دەپ قارايمىز.

تۆۋەندە "ھەزرىتى موللام" شەيخلىرىنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئىسمىلىكى سىخېما بويىچە كۆرسىتىلدى:

موللا زوھورىددىن شەيخ
↓
ئابدۇكېرىم شەيخ
↓
ئابدۇراخمان شەيخ
↓
موللا نىياز شەيخ
↓
مۇھەممەت رېھىم شەيخ
↓

- 1 تۆردى ھاجىم شەيخ (1793 — 1923)
  - 1 ئابدۇرېشىت ئاخۇن
  - 2 مامۇتخان
    - 1 تەۋەككۇل
    - 2 باۋدۇن قارى (ھازىر 75 ياش)
- 2 موللا نىيازھاجىم شەيخ مۇھەممەت رېھىم شەيخ (ھازىر 60 ياش)
- 3 قادىر ئاخۇن
- 4 قۇددۇس قارى ھاجىم شەيخ
  - 1 پەيزۇللا قارى
  - 2 ھىدايەتۇللا
  - 3 رەخمان ئاخۇن
  - 4 قۇدرەت ئاخۇن
  - 5 ئوسمان قارى (ھازىر 80 ياش)
- 5 قايىم ھاجىم
- 6 سەيدۇللا ھاجىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2) "ھەزرىتى موللام" مازىرىنىڭ تەزكىرىسىنى تەكشۈرۈش:

بۇ مازارنىڭ تەزكىرىلىرىدىن بىرى ياقۇپ بەگ زامانىسىدە يېڭىسارغا ئېلىپ كېتىلگەن، يەنە بىرسىنى ئوپال لىق مۇھەممەت چوڭسا دېگەن كىشى ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، 1956- يىلىدىن كېيىن قولدىن- قولغا ئۆتۈپ يۈرۈپ يوقالغان. گەرچە بۇ تەزكىرە قولىمىزدا بولمىسىمۇ، ئەمما، ئۆز دەۋرىدە مازارنى تاۋاپ قىلىشقا كەلگەنلەر ئوتتۇرىسىدا دائىم ئوقۇلۇپ كەلگەن بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەرگە ياد بولۇپ كەتكەن. بىز ئۆتمۈشتە ئۆمەر داموللا، قۇناخۇن خەلپەت قاتارلىق كىشىلەردىن بۇ تەزكىرىنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغان مەمتىمىن ئەخمەت، قاسىم قازى ئاخۇنۇم (بۇ كىشى ئالىمنىڭ ئانىسى بۇۋى رابىيە مازىرىنىڭ شەيخلىرىنىڭ ئەۋلادى، ھازىر 93 ياش)، مۇھەممەت ئوسمان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆز خاتىرىسى ئاساسىدا رەتلەپ چىققان ماتېرىياللىرى (بۇ ماتېرىياللار «قەشقەر ئەدەبىياتى»نىڭ 1983- يىللىق 1- سانىدا بېرىلدى) ئارقىلىق ئۇنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدۇق.

بۇ تەزكىرىدە "ھەزرىتى موللام" مازىرىغا دەپنە قىلىنغۇچى زاتنىڭ تولۇق ئىسمى — ھەزرىتى مەۋلام شەمسىددىن مەھمۇت ئىبىن ھۇسەيىن بولۇپ، ئازىق مەھەللىسىدە تۇغۇلغانلىقى، خان ئەۋلادى ئىكەنلىكى، ھۇسەيىنىڭ دەسلەپ «ئەمىرى شەب» بولۇپ، كېيىن "ئەمىرى سۇلتان"لىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

بىزگە مەلۇم، مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۆزىنىڭ خانزادىلىكىنى، تۈرك ئۆلكىلىرىنى (تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەر ئولتۇراقلاشقان يەرلەرنى) سامانى ئوغۇللىرىدىن قايتۇرۇۋالغان كىشى ئۆزىنىڭ بوۋىلىرىدىن ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن①.

قاراخانىلار تارىخىنى تەتقىق قىلغان ئالىم ئو. پرىتساكنىڭ تەھلىلىگە قارىغاندا، سامانى ئوغۇللىرىدىن بىرىنچى قېتىم ھىجرى 382 (مىلادى 992)-يىلى بۇخارانى ئالغان كىشى شەرقىي قاراخانىلارنىڭ ھۆكۈمدارى ئوبۇلھەسەن ھارۇن بىننى سۇلايمان (قىلىچ بۇغراخان) ئىدى، خوتەننى ئالغان يۇسۇپ قادىرخان ئەنە شۇ ئوبۇلھەسەن ھارۇننىڭ ئوغلى ئىدى.

ئەرەب تارىخچىسى ئىبنۇلئەسىردىن مەلۇم بولۇشىچە، يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەت بىن يۇسۇپنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ھۇسەيىن بىن مۇھەممەت "ئارسلان ئىلىك" دېگەن ئۇنۋان بىلەن ھىجرى 448 — 449 (مىلادى 1056 — 1057)-يىللىرى بارسغان ئەمىرى بولۇپ تۇرغان ۋە ئۆز نامىدىن ئاقچىلار سوقتۇرغان. 1048 — 1058-يىللاردا "شەمسىددەۋلە ئارسلان ئىلىك" دېگەن نام بىلەن سوقۇلغان ئاقچىلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

دېمەك، مەھمۇت قەشقەرى يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئەۋرىسى،

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە، 1-توم، 152-بەتكە قاراڭ.

ئوبۇلھەسەن ھارۇنـنىڭ پەيغەمبەر ئەۋلادلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئالىمنىڭ "تۈرك ئۆلكىلىرىنى سامانى ئوغۇللىرىدىن قايتۇرۇۋالـغان كىشى بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز" دېگەن بايانلىرى مۇشۇ تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن.

ئىبنۇلئەسىر يەنە بۇغراخان مۇھەممەت بىن يۇسۇپ ئۆزىنىڭ ئاكىسى سۇلايمان بىن يۇسۇپ بىلەن بولغان توقۇنۇشتا غەلىبە قىلىپ، شەرقىي قاراخانىلارنىڭ بۈيۈك خانى بولۇپ 11 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، تەختنى ئوغلى ھۈسەيىن بىننى مۇھەممەتكە ئۆتۈنۈپ بەرگەن، دەيدۇ. تەزكىرىدىكى "ئۇنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن ئاۋۋال 'ئەمىرى شەب' بولغان، كېيىن 'ئەمىرى سۇلتان' بولغان'" دېگەن سۆزلەر مۇشۇ تارىخىي ئەمەلىيەت بىلەن ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدۇ.

يەنە شۇ پىرىتساكنىڭ ئىبنۇلئەسىردىن نەقىل كەلتۈرۈشىچە، ھىجرى 448 ــ 449 (مىلادى 1056 ــ 1057) - يىللىرى قەشقەردىكى قاراخانىلار ئوردىسىدا بىر پاجىئەلىك ۋەقە يۈز بەرگەن، يەنى، بۇغراخان مۇھەممەت بىن يۇسۇپ تەختنى ئوغلى ھۈسەيىنگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولغاندا، مۇھەممەتنىڭ كىچىك خوتۇنى ئۆز ئوغلى ئىبراھىمنى خان قىلىش مەقسىتىدە، تەختنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمىدا زىياپەتتە مۇھەممەتكە ۋە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ھۈسەيىنگە زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرىدۇ، مۇھەممەت بۇغراخاننىڭ قېرىندىشى ئارسلانخان بىن يۇسۇپنى بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم بىن مۇھەممەت

تەختكە چىقىرىلىدۇ.

تەزكىرىدە مۇھەممەت بىن يۈسۈپ بۇغراخاننىڭ ئىسمى زىكىر قىلىنماي، ”شاھى ئېھرام“ دېگەن نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. بىزچە بۇ مۇشۇ پاجىئەلىك ۋەقەنى ئەسلىتىشتىن ئېھتىيات قىلغانلىق بولسا كېرەك.

تەزكىرىدە مەھمۇت قەشقەرى ”مۇق يولى“ ئارقىلىق چەتكە چىقىپ كەتكەن دېيىلىدۇ. دېمەك، ئالىم قانداقتۇر مۇشۇ پاجىئەلىك قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغان ۋە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ مېڭىشى ئىنتايىن خەتەرلىك بولغان ”مۇق يولى“ ئارقىلىق چەتكە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى سىرتتا ئۆتكۈزگەن. ئاخىرى، ئۆز ئانا يۇرتىغا بولغان چەكسىز مۇھەببەت ئۇنى ياشانغىنىدا بولسىمۇ، شۇنچە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ”ئازىق“قا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر قىلغان.

ئالىمنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۆزىنىڭ قاراخانىلار ئوردىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئارتۇق بىرنېمە دېمىگەنلىكىمۇ ئۆز ئائىلىسىدە يۈز بەرگەن بۇ پاجىئەلەر ئۈستىدە ئېغىز ئېچىشتىن ساقلانغانلىقى بولسا كېرەك. شۇنىڭدەك، ئوپالدا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئەجدادلىرىدىن ئانا تەرەپ بوۋىسى خوجا سەييىدىن بۇزرۇكۋارنىڭ مازىرى تىلغا ئېلىنىپ، مۇھەممەت بۇغراخان ۋە ھۈسەيىنلەرنىڭ مازارلىرى ئوچۇق تىلغا ئېلىنماي ئومۇمەن ”بۇزرۇكۋارلىرىم“ دەپلا ئاتىلىشى يەنە

شۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قانلىق ۋەقە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

تەزكىرىدە مەھمۇت قەشقەرى "شەمسىددىن ــ دىنىنىڭ قۇياشى" دەپ ئۇلۇغلىنىدۇ. ئالىمنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىنىنىڭ بارسغان ھاكىمى بولۇپ تۇرغىنىدا "شەمسىددەۋلە (دۆلەتنىڭ قۇياشى) ئارسلان ئىلىك" دېگەن نام بىلەن ئاتالغانلىقى نەزەرde تۇتۇلسا، ئۇنىڭ ئالىم ئوغلىنىڭ "شەمسىددىن ــ دىنىنىڭ قۇياشى" دەپ ئاتىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسلىكى، شۇ دەۋر-نىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇنلۇقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.

دېمەك، تەزكىرىدە بايان قىلىنغانلار "ھەزرىتى موللام" مازىرىغا دەپنە قىلىنغان زاتنىڭ خانىزادە ھەزرىتى مەۋلام شەمسىددىن ھۈسەيىن ئوغلى مەھمۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بايانلار بىزدىن ئىلگىرى ئالىمنىڭ ھاياتى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان پەرەزلەرگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

3) "ھەزرىتى موللام" مازىرىغا تەقدىم قىلىنغان كىتابىتىكى ۋەخپىنامىدىن تەكشۈرۈش:

1983 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى سۆھبەت يىغىنىدىن كېيىن، قەشقەرنىڭ ئۆلىمالىرىدىن ئېمىر ھەسەن قازى ئاخۇنۇم ئىچىدىكى بىر ئاق بەتكە كىتابنى مازارغا ۋەخپ قىلىش ھەققىدىكى ۋەخپنامە يېزىلغان بىر «مەسنەۋى شېرىپ»نى تەقدىم قىلدى. بۇ كىتاب مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرىدا قۇرۇلغان كىتابخانىغا كىشىلەرنىڭ بۇ زاتنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن تەقدىم

قىلغان كىتابلىرىنىڭ بىرى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقلاردا بۇ مازارغا توپلانغان كىتابلار تالان ـ تاراج بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ «مەسنەۋى شېرىپ» بەختكە يارىشا ئىمىر ھەسەن قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئاتىسى مەرھۇم قۇتلۇق ھاجىم (شەۋقى)نىڭ قولىدا ساقلىنىپ قالغان.

تۆۋەندە بىز بۇ ۋەخپىنامىنىڭ ئەسلى تېكىستى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## (1) ۋەخپىنامىنىڭ ئەسلى:



تاریخ بیر مینگ ایکی یوز آلتمش ایکی ماه رجب المرجب نینگ ... حضرت ... صفا قات کاشغر محکمه دار القضا

مسند شریعت ملا صادق اعلم بن شاه اعلم آخوند خاتم فی التزئیل ... حالیم بر یوز ادون

تورت باش سالیم ... علم حسابات ... کیفیات ... علوم ... مشتمل ...

معرفت شمس دفتری مثنوی علم عرفان معنوی قلم اجتهاد ... اوراق صحیفه ... زینت ...

قیمت بهالیک ... کاشغر ... موضع ... چشمه ... صحیفه ...

مصنف عرفان حضرت مولانا شمس الدین حسین صاحب قلم محمود الکاشغری ...

مطلق و تصدیق ... معرفت ... علم ارباب ... شمس الدین

حسین صاحب قلم محمود الکاشغری نینگ ... صحیفه ... چشمه ...

مذکور کتابنی مطالعه قیلیب صاحب قلم حضرت مولانا شمس الدین حسین محمود الکاشغری

... دعا قیلیب ... قومی ملت ... تعلیم علم قیلیب فضل کمال ... علمای

بو مذکور وقف کیناب ... شاگردیم ... خلفت بن ... عوض ... متولی نصب قیلدیم

دیب خاتم فی التزئیل ملا صادق اعلم ... مهر ... باسدیم

مذکور اقراریم ... علمای ... مدرس ... النظر آخوند ... شاهان ملا عبد الرحیم بظاری

... کاتب ... آخوند ... تورولیکی قد

... شاهد ...

(2) مەزمۇنى:

ھىجرى 1252-(كالا) يىلى ئۇلۇغ رەجەپ ئېيىنىڭ 14-كۈنى شەرىئەتنىڭ تۈۋرۈكى بولغان قەشقەر ۋىلايىتى قازى مەھكىمىسىنىڭ قازىسى، تۆۋەندە مۆھرۈمنى باسقۇچى مەنكى موللا سادىق ئەلەم شاھ ئەلا ئاخۇن ئوغلى بىر يۈز ئون تۆت ياشقا كىرگەن تەندۇرۇسلۇق ھالىتىم، ئىلىمگە بولغان ھېسسىياتىم، ئىشتىياقىم ۋە ئەدەبلىك كەيپىياتىم بىلەن ئىلىم-مەرىپەتنى مەزمۇن قىلغان، ئالتە دەپتەرنى بىر مۇقاۋىغا تۈپلەپ، ۋاراقلىرىغا ئىجتىھات قەلىمى بىلەن زىننەت بېرىپ يېزىلغان قىممەت باھالىق، ئالتۇنغا سېتىۋالغان مۈلكۈم بولغان «مەسنەۋى شېرىپ» ناملىق كىتابىمنى قەشقەرنىڭ ئوپال رايونى تاغ باغرىدا، سۈزۈك بۇلاق سەھنىسىدە دەپنە قىلىنغان ھەزرىتى مەۋلام، دىنىنىڭ قۇياشى، ھۈسەيىن (ئوغلى) قەلەم ئىگىسى بولغان مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرىغا مۇتلەق ۋەخپ ئەبەدىي سەدىقە (قىلدىم).

بۇ ئۇلۇغ ئەدىبكە (مۇتلەق ۋەخپ قىلغان) ئىلىم-مەرىپەت مەزمۇنىدىكى بۇ كىتابىمنى ئەدىبلەر بىلەن ئىلىم ئەربابلىرىنىڭ دىنىنىڭ قۇياشى، ھۈسەيىن (ئوغلى) قەلەم ئىگىسى بولغان مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مۇبارەك قەبرى ئۈستىدە، سۈزۈك بۇلاق ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ مۇتالىئە قىلىپ، قەلەم ئىگىسى بولغان ھەزرىتى مەۋلام، دىنىنىڭ قۇياشى، ھۈسەيىن (ئوغلى) مەھمۇت قەشقەرى ھەققىدە دۇئا قىلىپ، مۇسۇلمان ئەۋلادلىرى

ۋە مىللىتىمىزنىڭ خەلق ئاممىسىغا ئىسلىم ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ تولۇق پەزىلەتلىك بولۇشىغا تىرىششىنى ئۈمىد قىلىمەن. ۋەخپ قىلغان مەزكۇر كىتابىمغا باش شاگىرتىم موللا ئەيد خەلپەت موللا ئېۋەز ئوغلىنى باشقۇرغۇچى قىلىپ تەيىنلىدىم، دەپ تىۋۋەندە موللا سادىق ئەلەم ئۆز مۆھرۈمنى باستىم.

مەزكۇر ئىقرارىمنىڭ راستلىقىغا مۇدەررىس ئۆلىما ئەلنەزەر ئاخۇنۇم، باش كاتىپ موللا ئابدۇرەھىم نازارى، نورۇز كاتىپ، تۇردۇش كاتىپ، تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم، موللا غوجىلاق، ئوپالدىن زەيدىن قورۇلبېگى قاتارلىقلار گۇۋاھتۇر.

مۆھۈر:

داڭلىق ئۆلىما، دەۋرىنىڭ ئالىمى موللا سادىق شاھ ئەلا ئوغلى.

(مۆھۈر ھىجرى 1208 ـ يىلى ئويۇلغان)

(3) ۋەخپنامىدە ئىسمى چىققان شەخسلەر توغرىسىدا:

موللا سادىق ئەلەم ئىبىن شاھ ئەلا: قەشقەر شەھرىدىن، قەشقەر دۆلەتباغ يېزىسىدىكى مەدرەسەئى ھامىدىيەدە ئوقۇپ، كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە مۇدەررىس بولغان، قەشقەر قازىلار مەھكىمىسىنىڭ قازىسى، ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئالىمى.

ئەلنەزەر ئاخۇنۇم: ئەسلى لۈكچۈندىن، ئۆز دەۋرىدىكى قەشقەرنىڭ چوڭ دىنىي ئۆلىمالىرىدىن، ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ مەدرىسىگە مۇدەررىس بولغان.

www.uyghurkitap.com

ئابدۇرەھىم نازارى: قەشقەر ئوپالىدىن، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن، قەشقەر ھاكىمى زوھورىددىنىنىڭ ئوردا كاتىپى.

نورۇز كاتىپ: قەشقەر ھاكىمى زوھورىددىنىنىڭ ئورداكاتىپى.

تۇردۇش كاتىپ: قەشقەر ھاكىمى زوھورىددىنىنىڭ ئوردا كاتىپى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن شەخسلەرنىڭ بىرى، ئەدەبىي تەخەللۇسى — غەرىبى.

تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم: شۇ يىللاردا "ھەزرىتى موللام" مازىرىنىڭ شەيخى، «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى» نىڭ ئاپتورى، بىزنى بۇ نۆۋەت ئاغزاكى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن باۋۇدۇن قارىنىڭ بوۋىسى.

موللا غوجىلاق: ئاتۇش مەشھەتتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ شەيخى.

زەيدىن قورۇلبېگى: شۇ دەۋردە ئوپالدا قورۇلبېگى (چېگرا بېگى) بولۇپ تۇرغان شەخس.

(4) ۋەخپىنامىنىڭ تەكشۈرۈلۈشى:

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ۋە مازىرى توغرىسىدا بىزدىن ئىلگىرى باشقىلاردىمۇ ئىزدىنىشلەر بولغان، مەسىلەن، ئابلىمىت روزى ئۆزىنىڭ «ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› ناملىق كىتابى» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

"...مەشھۇر ئەدىب ئابدۇرەھىم نازارىنىڭ:
...يەنە ھەزرىتى شەيخ ھەببى ئەجەم،
كى قايراغىدا قىلمىش ۋۇجۇدى ئەدەم.
ئوپالدا يېتىبدۇر ھەزرىتى مەۋلىۋى،
كى موللام ئاتاب ھەر زەئىپۇقەۋى.

دېگەن بېشارەتلىرىدىن ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئاتىسى ياكى ئۆزىنىڭ قەبرىگاھلىقى خەلق تەرىپىدىن ئوپال يېزىسىدا "ھەزرىتى موللام" نامىنى ئالغان بولۇشى كېرەك، دەپ قىياس قىلىش مۇمكىن"①.

ماقالىدە "ھەزرىتى موللام" مازىرىنىڭ مەھمۇت قەشقەرى بىلەن ئۇنىڭ ئاتىسى ھۇسەيىندىن باشقا زادى كىمگە مەنسۇپلۇقى-نى ئېنىق بايان قىلىنمىغان. بۇ ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئوپالنىڭ پېشقەدەم مائارىپچىسى مەرھۇم قاسىم رېھىم «ئازىق مەھەللىسى توغرىسىدا» دېگەن بىر ماقالىسىدە، ئالىمنىڭ يۇرتى ئاتۇشتىكى "ئازاق" بولماستىن، ئوپالدىكى "ئازىق" مەھەللىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى كۆز قاراشنى ئىلگىرى سۈردى②.

مەرھۇم قاسىم رېھىمنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن يازما مەلۇماتىچە، 1928 ـ يىللىرىدىلا ئوپالدىن ئۆمەر زاھىرى (ئۆمەر دامۇللا)،

① «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى ‹ئىجتىمائىي پەن قىسمى›»، 1981 ـ يىل 1 ـ سان، 17 ـ بەتكە قاراڭ.

② «قەشقەر كونىشەھەر ئەدەبىياتى»، 1981 ـ يىل، 2 ـ سان، 92 ـ بەتكە قاراڭ.

ئۆزبېك ئالىملىرىدىن ئابدۇرۇسۇل داموللا، دوختۇر ئابدۇلئەزىم ۋە ئابدۇرۇپ قارى داموللىلار مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قەشقەر ئوپالدا تۇغۇلغانلىقى توغرىسىدا، شۇنىڭدەك، بۇخارا شەھىرىدىمۇ بۇ ھەقتە بىرمەزگىل بەس- مۇنازىرىلەر بولۇپ، نەتىجىدە، ئوپال ئازىقتا تۇغۇلغانلىقى ئىسپاتلانغانلىقى توغرىسىدا ئۆزئارا سۆھبەتلەر قىلىشقان.

بىز بۇ قېتىم، ئاغزاكى رىۋايەتلەر، تەزكىرە خاتىرىسى قاتارلىقلار ئارقىلىق مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرى ھەققىدىكى ئېنىق كۆز قارىشىمىز ئىپادىلەنگەن بىرىنچى قېتىملىق دوكلاتىمىزنى يازغان بولساقمۇ، لېكىن ھەرقانداق بىر ئىلمىي ھۆكۈم ياكى بىر ئىلمىي قاراش ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىنىشى لازىم بولغاچقا، بىز بۇنى پەقەت مەسىلىنىڭ باشلىنىشى، دەپلا قارىغانىدۇق. بىز گەرچە، ئۆز قارىشىمىزغا خېلى زور دەرىجىدە ئىشەنچىدە بولساقمۇ، ئۇنى تەستىقلايدىغان بىرەر ئەمەلىي پاكىتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتۇق. ئېمىر ھەسەن قازى ئاخۇنۇم مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە مەزكۇر ۋەخپنامىسىنى تەقدىم قىلدى. بىز 1983- يىل 5- ئايدا بۇ ۋەخپنامىنى ئاپتونوم رايونىمىز ۋە مەركەزدىكى مەخسۇس ئىلمىي ئورگانلارنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا قەلىمى، ئىشلەتكەن سىياھى ۋە قەغىزى قاتارلىق جەھەتلەردىن تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزدۇق. نەتىجىدە، ۋەخپنامە يېزىلغان بەتتىكى ئىككى خىل قەغەز (يەنى، بىرسى ئەسلى «مەسنەۋى شېرىپ» كۆچۈرۈلگەن

سىرىق رەڭدىكى قەغەز، يەنە بىرسى «مەسنەۋى شىرىپ»نىڭ ئەسلى بەتلىرى تىككەن جايىدىن يىرتىلىپ كەتكەچكە، ئۇنى قايتا توپلەش ئۈچۈن تىكىلىدىغان جايغا چاپلانغان هال رەڭلىك قەغەز)نىڭ هەر ئىككىلىسى يۈز يىلدىن ئاشقان قەغەز ئىكەنـ لىكى، خەتنىڭ قومۇش قەلەم بىلەن يېزىلغانلىقى، ئىشلەتكەن سىياهنىڭ هازىرقى زاماندىكى كاربونلۇق قارا سىياه بولماستىن، قەدىمدە ئىشلىتىلىدىغان قارا سىياه ئىكەنلىكى، ۋەخپىنامىنىڭ هەقىقەتەن مىلادى 1836 - يىللىرى ئەتراپىدا يېزىلغانلىقى ئېنىقلاندى.

ۋەخپىنامىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئالىمنىڭ نامى خەلقىمىز ئارىسىدا تاكى يېقىنقى ئەسىرلەرگىچە ئۆچمىگەن، ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە هەر خىل يوللار بىلەن يادلىنىپ كەلگەن. نامەلۇم بىر ئاپتور تەرىپىدىن مەھمۇت قەشقەرىگە ئاتاپ يېزىلغان:

"ئەلۋىدا ئەي شەيخ مەۋلانايى شەمسىددىن پىرىم،
ئەلۋىدا ئەي مەھمۇد ئىسمىڭ هەمىد ئۇرگەتتىڭ بىزىم."

دەپ باشلانغان مەرسىيىدىنمۇ بۇنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، بۇ مازارنىڭ هىجرى 1245 - (يولۋاس) يىلى ۋە هىجرى 1315 - يىللىرى قايتا - قايتا رېمونت قىلىنىپ تۇرۇلغانلىقىمۇ ئۇنى خەلقىمىزنىڭ يادلاپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ دەلىلى.

گەرچە ئالىمنى ئۇلۇغلاپ ئېيتىلغان "مەۋلام" سۆزى هازىر

”موللام“ دېيىلىپ كەتكەن بولسىمۇ ۋە ئالىمنىڭ ئىسمى مازار شەيخلىرىنىڭ خاتىرىسىدە «مەھمۇدىيە ئىبىن ھەسەنىيە» ياكى «مەھمۇدىيە ئىبىن ھۈسەيىن» دېگەندەك شەكىللەردە كۆرۈلىسىمۇ، لېكىن بۇ ۋەخپىنامىدە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ «ھەزرىتى مەۋلام شەمسىددىن ھۈسەيىن ساھىب قەلەم مەھمۇدىلكاشغەرى» دېيىلگەن.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، بۇ ۋەخپىنامىدە ”ھۈسەيىن“ دېگەن ئىسمىدىن ئاۋۋال كېلىۋاتقان ”ئىبىن“ (ئوغلى) دېگەن سۆز چۈشۈپ قالغان. بۇ بەلكىم بىرقانچە ئەسىرلىك ئۇزاق جەرياندا ئالىمنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئالىمنىڭ سۈپىتى تەرىقىسىدە چۈشىنىلىپ ۋە شۇنداق قوللىنىلىپ كەتكەنلىكتىن بولسا كېرەك. چۈنكى، ئەرەب تىلىدا ”ھۈسەيىن“ سۆزى ”ھەسەن — گۈزەل، چىرايلىق، ياخشى“ سۆزىنىڭ كىچىكلىتىپ (ئەركىلىتىپ) ئېيتىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، ”ئوپال“ سۆزىنىڭ ”ئويپال“ شەكلىدە ئېلىنىشى بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى ”ئوي“ (ئوي يەر) دەپ چۈشەندۈرىدىغان خەلق ئېتىمولوگىيىسى ئاساسىدا بولغان بولسا كېرەك.

## 3. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ھاياتىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر

ئالىمنىڭ خانزادە بولۇپ تۇرۇقلۇق، بىر ھەربىي سەركەردە ئەمەس، بەلكى بىر ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۇنىڭ ھاياتى

توغرىسىدا بولغان تەتقىقاتتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بۇ ئەلۋەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتى ۋە شۇ جۇملىدىن، ئالىمنىڭ ئائىلىۋى ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئىجتىمائىي شارائىتتىن ئالغاندا، بۇ دەۋر قاراخانىلاردا ئىلىم - مەرىپەت يۈكسەلگەن دەۋر بولۇپ، ئالىمنىڭ بوۋىسى مۇھەممەت بىن يۇسۇپ، بولۇپمۇ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەسەن بىن سۇلايمان قاتارلىقلار قاراخانىلار ھاكىمىيىتىدە ئىلىم - مەرىپەتنىڭ ھامىيسى بولغان شەخسلەر ئىدى، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىلىم ھاسىل قىلىشى ئۈچۈن شارائىت تولۇق يار بەرگەنىدى. بۇ ئەھۋال تەزكىرىدە «شاھى ئىبرام»نىڭ ئۆز ئوغلى ھەۋەسىنگە ئىلىم ھۈنەر ئۆگىتىش ئۈچۈن بولغان ئىزدىنىشلىرى ۋە پۇقراغا ئىلىم - ھۈنەر ئۆگىنىش توغرىسىدا چىقارغان يارلىقى قاتارلىقلار ئارقىلىق بايان قىلىنىدۇ. ئائىلىۋى ھاياتىدىن ئالغاندا، ئالىمنىڭ ئانا تەرەپ بوۋىسى خوجا سەيپىدىن ئۇقۇمۇشلۇق كىشى بولغان. شۇڭا ئۇ، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر پەرزەنتى بولغان بۇۋى رابىيىنى كىچىكىدىن ئۇقۇمۇشلۇق، ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلىگەن. مۇنداق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن مەھمۇت كىچىكىدىن تارتىپ ھەم ئەلەم، ھەم قەلەم تەربىيىسى كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇ بىر سەركەردە بولۇش ئىستىكىدە بولغان ئەمەس، بەلكى ئۇ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى مۇشۇنداق ئەبەدىي ئۆچمەس ئىلمىي ئىشقا سەرپ قىلغان.

ئالىمنىڭ ئون نەچچە يىل قىر ـ سەھرالارنى كېزىپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ تەتقىق قىلىش روھى، «دىۋان»دا كەلتۈرۈلگەن خەلق قوشاقلىرى بىلەن خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن گۈزەل ئىنسانىي خىسلىتى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلىتى، ئەلۋەتتە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن بولۇپمۇ ئانىسى بۇۋى رابىيەدىن سىڭگەن تەربىيىنىڭ نەتىجىسى.

ئالىم باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئوپال ئازىقتا، يۇقىرى مەلۇماتنى قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق مەدرىسلىرىدە ئالغان. قەشقەر دۆلەتباغ ـ دىكى "ھۇسەيىن پەيزۇللا غوجام" مازىرىنىڭ شەيخلىرىدىن ئىگەللىگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا ①، ھۇسەيىن پەيزۇللا غوجامنىڭ ئانىسى سۇرىيە شاملىق بولۇپ، تەخەللۇسى "مىرى مۇئەللا" دېيىلىدىكەن. ئانىسى قەشقەر گۈلباغلىق بۇۋى سەلىمە ئىكەن. بۇ كىشىنىڭ قاراخانىلار جەمەتىيىتىدە ئابرويى چوڭ بولۇپ، سەيد ئەلى ئارسلانخان (سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى، بۇۋى ئەلانۇر خېنىمنىڭ ئوغلى) ئۇ كىشىنى "دۇئاگۇيۇم" دەيدىكەن. ھۇسەيىن پەيزۇللا غوجام سەيد ئەلى ئارسلانخان دەۋرىدە دۆلەتباغدىكى "مەدرەسەئى ھامىدىيە"دە مۇدەررىس بولۇپ تۇرغان، سەيد ئەلى ئارسلان ـ

---

① بىزگە بۇ ھەقتە ئاغراكى مەلۇمات بەرگۈچىلەر: مەزكۇر مازارنىڭ ھازىرقى شەيخى تۇرسۇن شەيخ (60 ياش، ئۆز ئەجدادلىرىنى 5 ـ ئەجدادىغىچە بىلىدۇ) ۋە ھۇسەيىن پەيزۇللا غوجام مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابلىز ئابدۇقادىرلار.

خاننىڭ ئۆلۈمىدىكى ۋەقەلەرگە ئارىلاشقان. بۇ كىشى ئۇزۇن ياشىغان بولۇپ، يۇسۇپ قادىرخان ئۆلگەندىمۇ هايات ئىكەن... بىزنىڭ قارىشىمىزچە، مەهمۇت قەشقەرى "دىۋان"دا بايان قىلغان "شەيخ ئىمام زاهىد هۈسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرى" نەق مۇشۇ زاتتۇر. مەهمۇت قەشقەرىنىڭ ئۇنى "ئۇستاز" دەپ تىلغا ئېلىشىمۇ شۇنىڭدىن بېشارەت بېرىدۇ. م. شاكىر ئۈلكۈ-تاشىرنىڭ «قەشقەرلى مەهمۇت» دېگەن كىتابىدا كۆرسىتىلىشىچە، نېمىس شەرقشۇناسلىرىدىن مارتىن هارتمان «دىۋان»نىڭ 1-تومى بېسىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلغان بىر ماقالىسىدە (هىجرى 1331-يىلى) «دىۋان»دا مەهمۇتنىڭ ئۇستازى سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن قەشقەرلىق خەلەف ئوغلى هۈسەيىن ئاتلىق بىر ئالىم هەققىدە تاجۇلئىسلام سەمئانىنىڭ «كىتابۇلئەنساب»دا مەلۇمات بارلىقىنى بىلدۈرگەن. سەمئانى قەشقەردە يېتىشكەن ئالىملارنى بايان قىلغاندا، هۈسەيىننىمۇ تىلغا ئالغان ۋە ئۇنىڭ پەزىلەتلىك، تەقۋادار بىر شەيخ بولۇش بىلەن بىللە ئۇنىڭ سۆزلىگەن رىۋايەتلىرىگە ۋە ۋەقەلىكلىرىگە ئىشىنىشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان①.

بۇلاردىن باشقا، يەنە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، جامال قارشىنىڭ كانپوردا قەبۇلى مەتبەسىدە بېسىلغان «سۇرراھ»

① قاراڭ: م. شاكىر ئۈلكۈناشىر: «قەشقەرلى مەهمۇت» 15-بەت، 1972-يىل، ئەنقەرە، «دىۋان»، ئۇيغۇرچە، 1-توم، 456-بەت.

www.uyghurkitap.com

دېگەن كىتابىدا (يېزىلغان ۋاقتى 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى) بۇ كىتابنىڭ قەشقەردىكى "مەدرەسەئى ساجىيە" كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان تىببىي قامۇس «سۇھاھ جەۋھەرى» (مىلادى 1002 ـ يىلى فارابلىق ئىسمائىل جەۋھەرى تەرىپىدىن يېزىلغان)دىن تاللاپ ئېلىنغانلىقى ئېيتىلغان. بۇ ئەھۋال ئۇ دەۋردە قەشقەردە ھەرقايسى پەنلەر بويىچە يۇقىرى بىلىملەر بېرەلەيـدىغان مەدرىسلەرنىڭ بارلىقىنى ۋە بۇلاردا يېتەرلىك ماتېرىياللار توپلانغانلىقىنى، يۇقىرى بىلىم ئېلىش شەرت ـ شارائىتىنىڭ تولۇقلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئالىمنىڭ ئەرەب تىلىنى پۈتۈن تۈركىي تىللارنىڭ گراماتىـكىسىنى ۋە لۇغىتىنى يېزىپ چىقالىغۇدەك دەرىجىدە ئىگەللىشى ئۇنىڭ مۇشۇنداق مەشھۇر ئالىملاردىن تەربىيە كۆرگەنلىكىدىن دېگىلى بولىدۇ.

## 4. خۇلاسە

يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىزغا بىنائەن تۆۋەندىكى خۇلاسىگە كېلىمىز:

1. ئالىم قەشقەر ئوپالنىڭ ئازىق مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

2. ئالىم ئاتا تەرەپتىن ئالغانىدا، قاراخانىلار جەمەتىدىن بولغان يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەتنىڭ نەۋرىسى؛ ئانا

تەرەپتىن ئالغاندا، ئازىق مەھەللىسىدىن دەۋرىنىڭ ئۇقۇمۇشلۇق كىشىسى خوجا سەيپىدىن بۇزرۇكۋارنىڭ قىزى بۇۋى رابىيىنىڭ ئوغلى.

3. ئالىم ئىپتىدائىي مەلۇماتنى ئوپالدا ئالىدە، يۇقىرى مەلۇماتنى قەشقەردە ھۇسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرى قاتارلىق ئالىملاردىن ئالغان.

4. ئالىمنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشى تەزكىرىدىكى "ھىجرى 450-يىلدىن باشلاپ ئىلىم نۇرىنى ئالەمگە يايغان" دېگەن ئىبارىلەرگە قارىغاندا، مىلادى 1058 — 1059-يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، پىرىتساكنىڭ مۆلچىرىچە، مۇھەممەت بىن يۈسۈپ مىلادى 991 — 999-يىللىرى، ھۇسەيىن بىن مۇھەممەت 1010 — 1019-يىللىرى تۇغۇلغان دېيىلسە، ئۇ چاغدا تازا توغرا بولمىسىمۇ، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تەخمىنەن مىلادى 1028 — 1037-يىللىرى ئارىلىقىدا تۇغۇلغانلىقىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. دېمەك ئالىمنىڭ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن پاجىئەلىك ۋەقەلەردىن كېيىن، سىرتقا چىقىپ كەتكەن ۋاقتى ئۇنىڭ 20 ياكى 29 ياش ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭچە، 29 ياش ۋاقتى ئەقىلغە تېخىمۇ سىغىدۇ. چۈنكى، ئالىم ئون نەچچە يىل جەرياندا تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ ماتېرىيال توپلىغان، ئاندىن بۇ ئەسەرنى يېزىشقا كىرىشكەن. «دىۋان»دىكى بايانلاردىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، ئالىم ئالدى بىلەن «كِتابُ جَواهِرِ النَّحْوِفي لُغاتِ التُّرْكْ» (تۈركىي

تىللارنىڭ نەھۋىگە ئائىت جەۋھەرلەر)نى، ئاندىن بۇ «دىۋان»نى يازغان. شۇنداق بولغاندا، «دىۋان» يېزىلغان ۋاقىتلاردا ئالىم ئومۇمەن 50 ياشلار ئەتراپىدا بولغان بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ «دىۋان» ئۆمرىنى ئاخىرغا يەتكۈزدى، دېگەنلىرىگە ئاساسەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

5. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ باغداتقا قانداق بارغانلىقى مەلۇم بولمىسمۇ، ئەمما ئۇ باغداتتا قالغان ئەمەس. مەيلى تەزكىرىدىن، مەيلى خەلق ئاغزىدىكى رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، ئۇ، 89 يېشىدا قايتىپ كەلگەن ۋە ئوپالدا سەككىز يىل مۇدەررىسلىك قىلىپ، ئەتراپقا ئىلىم ـ مەرىپەت تارقىتىپ، 97 يېشىدا ۋاپات بولغان. شۇڭا، ئالىمنىڭ ۋاپاتىغا گەرچە 900 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، خەلق ئۇنى ئەنئەنە بويىچە "ئىلىمگە ھۆددىگار پىرىم" دەپ ھۆرمەتلەپ كەلمەكتە.

ئالىمنىڭ قانداق قايتقانلىقىغا كەلسەك، خەلق رىۋايىتىدە، باغداتقا مەخسۇس سودا كارۋىنى ئەۋەتىلگەن ۋە بۇ كارۋان "مۇق يولى" ئارقىلىق تۆگىنىڭ ئۇستىگە شىۋەلىك ياساپ، شۇنىڭدا ئولتۇرغۇزۇپ، يامان يەرلەردە كىشىلەر يۈدۈپ ئېلىپ كەلگەن، دېيىلىدۇ.

تارىخىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، مىلادى 1102 ـــ 1103 ـ يىللىرى ھۈسەيىن بىن مۇھەممەتنىڭ بىر نەۋرە تۇغقانلىرىدىن ھەسەن بىن سۇلايماننىڭ ئوغلى ئەخمەت بىن ھەسەن ئارسلانخان تەختكە ئولتۇرغان ۋە 1105 ـ يىللىرى مەھمۇت بىن ئابدۇ-

جىلىل قەشقەرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە باغداتتىقا ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن. قاراخانىلار تارىخىدا بۇ دەۋر ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدىكى نىزالار تۈگەپ، بىرقەدەر تىنچلىق، ئىناقلىق ھۆكۈم سۈرگەن دەۋر بولغاچقا، ئالىمنىڭ مۇشۇنداق بىر شارائىتتا قايتىپ كەلگەنلىكى تارىخىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇڭا، بىز ئالىمنىڭ مەيلى خەلق ئەۋەتكەن سودا كارۋىنى ئارقىلىق ياكى باغداتقا ئەۋەتىلگەن شۇ ئەلچىلەر ئۆمىكى ئارقىلىق قايتىپ كەلگەن بولسۇن، ھەر ئىككى خىل ئېھتىمالنى چەتكە قاقمايمىز. ئەگەر ئۇنى 97 يېشىدا ۋاپات بولدى، دېگەن رىۋايەت توغرا بولسا، يۇقىرىقى پەرىزىمىز بويىچە ئالىمنىڭ ۋاپاتى 1126 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

6. ئوپالدىكى «ھەزرىتى موللام» مازىرى ھەقىقەتەن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىي يادىكارلىقلار باشقارمىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ئورنى ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئوپالدا ئېلىپ بارغان مەخسۇس تەكشۈرۈشىدىن چىقىرىلغان خۇلاسە بىزنىڭ بۇ قارىشىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

7. مەسلىنىڭ مۇنداق ئېنىقلىنىشى ــ بىزنىڭ پارتىيە 12 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ پارلاق لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە قازانغان زور ئۇتۇقلىرىمىزنىڭ بىرى. بۇ ــ ئىلىم دۇنياسى ئۈچۈن بىر يېڭى خۇش خەۋەر، شۇنىڭ بىلەن بىللە،

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ۋەتىنى، يۇرتى توغرىسىدا غەرەزلىك ھالدا بۇرمىلاپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلار ئۈچۈن بىرىلگەن بىر ئەمەلىي جاۋاب.

1983 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى.

# «ئىرق پۈتۈك»

قىسقىچە ئىزاھات

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يادىكارلىقلار ئىچىدە ئۇيغۇر رونىك يېزىقىدىكى (يەنى ئورخون يېزىقىدىكى) يادىكارلىقلار ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. «ئىرق پۈتۈك» (پال كىتابى، ياكى تەبىرنامە) شۇلارنىڭ بىرقەدەر چوڭ ھەجىمدىكىلىرىنىڭ بىرى.

«ئىرق پۈتۈك»نىڭ بىرقانچە نۇسخىسى تېپىلغان. ئۇنىڭ بىرى ئا. ستەيىن تەرىپىدىن دۇنخۇاڭدىكى بېزەكلىك (مىڭ ئۆي)دىن تېپىلغان نۇسخا. بۇ نۇسخا جەمئىي 104 بەتلىك بولۇپ، ھەر بېتىدە 40 تىن 70 كىچە رونا (ھەرپ) بار.

يەنە بىرى، ئا. لىكوك تەرىپىدىن تۇرپاندىكى تۇيۇقتىن تېپىلغان نۇسخا (ھەر بەتتە 31 قۇر).

بۇ نۇسخىلارنىڭ ھەر ئىككىسى دانىيىلىك تۇركولوگ ۋ. تومسېن تەرىپىدىن بىرىنچى قېتىم ئېلان قىلىنغان.

يۇقىرىقى نۇسخىلار تەخمىنەن 9 ـ ئەسىرگە ئائىت بولۇپ، بۇلاردا ئىشلىتىلگەن ئورخون يېزىقى ۋە تىلى ئۆزىگە خاس بولغان بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

«ئىرق پۈتۈك» نىڭ بۇنىڭدىن باشقا نۇسخىلىرىمۇ تېپىلغان،

ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغانلىرىمۇ بار.

بىز بۇ يەردە قەدىمكى ئۇيغۇر رونىك يېزىقىدا يېزىلغان نۇسخىسىنى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدۇق. ئەسلىدە بۇنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنىمۇ بېرىش كېرەك ئىدى. لېكىن مەتبەدە تەييار ترانسكرىپسىيە هەرپلىرى بولمىغاچقا، هازىرچە پەقەت تەرجىمىسىنىلا ئېلان قىلدۇق.

«ئىرق پۈتۈك» قەدىمكى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، دۇنيا قارىشى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بەك زور قىممەتكە ئىگە. «ئىرق پۈتۈك»تە بايان قىلىنغان "ياخشىلىق" (ئەزگۈلۈك) ۋە يامانلىق ئالامەتلىرىنىڭ بىرمۇنچىسى تا مۇشۇ كۈنگىچە ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە شۇ پېتى ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، چۈشىدە پادىشاھنى كۆرسە بەخت-سائادەتكە ئىگە بولىدۇ، چۈشىدە قارا قۇش كۆرسە، ئامەتتى كېلىدۇ. چۈشىدە ئورۇق ياكى ئاغرىق ئات مىنسە كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىدۇ، چۈشىدە سېمىز ئات مىنسە ئىشى ئوڭدىن كېلىدۇ، سېمىز تۆگە مىنسە مۇرادىغا يېتىدۇ، چۈشىدە قوي پادىسى كۆرسە باي بولىدۇ، ئاسماندا ئۇچۇپ چۈش كۆرسە پايدا ئالىدۇ. چۈشىدە يامغۇر كۆرسە تۇرمۇشى باياشات بولىدۇ، چۈشىدە بۇغا كۆرسە بالا-قازادىن قۇتۇلىدۇ، دېگەندەك ئېتىقادلار هازىرمۇ خەلقىمىز ئارىسىدا داۋام قىلىپ كەلمەكتە. بۇ پاكىتلار «ئىرق پۈتۈك»تىكى كۆز قاراشلار ئۇيغۇر خەلقى هاياتىدا مىڭلارچە يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىلىك

كۆز قاراشلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن «ئىرق پۈتۈك»نى ھازىر خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئىبغىزچە تەبىرنامىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھايات تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس دۇنيا قاراشلىرى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئەتراپلىق ئۆگىنىشتە بۇ خىل تەتقىقات زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

(بۇنىڭدىكى نومۇرلار ئەسلى تېكىستىنىڭ قۇر تەرتىپىنى بىلدۈرىدۇ.)

## «ئىرق پۈتۈك» تەرجىمىسى

1. تەنشىمەن (يەنى جۇڭگو پادىشاھىمەن). ئەتىگەنلىكى ۋە ئاخشىمى (ياكى كېچە-كۈندۈز) ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپ كۆڭۈل ئاچقۇدەكمەن. بىلىڭلەركى بۇ ئەزگۇ (ياخشىلىق ئالامىتى).

2-، 3. ئالا ئاتلىق يول تەڭرىسىمەن (تەقدىر ئىلاھىمەن) ئەتىگەنلىكى ۋە ئاخشىمى يول يۈرەرمەن. ئۇتتۇرامىدىن ئىككى ئايلىق ئادەم بالىسى ئۇچرىدى، ئادەم قورققانىدى. "قورقما، قۇت، (بەخت) بەرگەيمەن" دېگۈدەكمەن. بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۇ (ياخشىلىق).

4-، 5. ئالتۇن قاناتلىق يىرتقۇچ قارا قۇشمەن، تېنىمنىڭ

ئۇزۇقمۇ تۈگىمەسكەن. دېڭىزدا تۇرۇپ تاپقانلا نەرسىلەرنى تۈتىمەن. ياراتقان نەرسەمنى يەيمەن، شۇنداق كۈچلۈكمەن. بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.

6. ئالا تاغىل لاچىن قۇشمەن، چىنتەن (سەندەل)دەرىخىدە ئولتۇرۇپ كۆڭۈل ئاچقىدەكمەن. شۇنداق بىلىڭلەر!

7 ـ، 8 ـ، 9. باتۇر بەگ يىلقىسىغا بېرىپتۇ. ئاق بايتالى قۇلۇنلاپتۇ، ئالتۇن تۇياقلىق ئايغىرلىققا يارىغۇدەك؛ تۆگىلىرىگە بېرىپتۇ، ئاق ھىنگانى بوتىلاپتۇ، ئالتۇن پۇتلۇق بۇغرالىققا يارىغۇدەك؛ ئۆيىگە كېلىپتۇ، ئۇچىنچى قونچويى (مەلىكىسى) ئوغۇل تۇغۇپتۇ، بەگلىككە يارىغۇدەك. خۇشال ـ خۇرام بەگ ئەر (باتۇر) ئىكەن! بۇ ئىنىق ئەزگۈ.

10. ئېيىق بىلەن توڭغۇز ئارت (داۋان) ئۈستىدە سوقۇشۇپتۇ. ئېيىقنىڭ قارنى يېرىلىپتۇ، توڭغۇزنىڭ سۆيۈ چىشى سۇنۇپتۇ. بىلگىنكى، بۇ يامانلىق.

11. ئەر ئىلدام كېلىۋېتىپ، ياخشى سۆزلەرنى قىلغۇدەك. بىلىڭلەركى بۇ ئەزگۈ.

12 ـ، 13. ئالتۇن باشلىق ئىلانمەن. ئالتۇن قورسىقىمنى قىلىچ بىلەن كېسىپ، بەدىنىمنى يول ياقىسىغا، بېشىمنى ئۆينىڭ تېشىغا تاشلاپ قويۇپتۇدەك. بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق.

14. چوڭ ئۆي (گە) ئوت كېتىپتۇ، ئۆلىمۇ، ئۆگزىسىمۇ قالماپتۇدەك. بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق!

15. ئەسنىگەن يولۋاسمەن، بېشىم قومۇش ئارىسىدا كۆرۈنـ

گۇدەك، مەن شۇنداق باتۇرمەن، ئەدەب ـ ئەردەملىكمەن.
شۇنى بىلىڭلەركى!

16. سېرىق ئاتلىق ساۋچى، ئالا ئاتلىق ئەلچى ياخشى سۆز (خەۋەر) ئېلىپ كەپتۇدەك. شۇنداق بىلىڭكى، بۇ ئېنىق ئەزگۈ.

17. ئادەم ئوۋغا بېرىپتۇ. تاغدا ئۇ ھەممىگە قادىر تەڭرىگە ئىبادەت قىلىپتۇدەك. بىلگىنكى بۇ يامانلىق.

18. تەڭرىلىك (يەنى ئۆلۈمى يېقىنلاشقان) موماي ئۆيىدە قالغان (ئىكەن)، ياغلىق قاچىنىڭ چېتىنى يالاپ تىرىلىپتۇدەك، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتۇدەك. بۇنى شۇنداق بىلىڭلەر!

19. قۇزغۇننى ياغاچقا باغلاپتۇ، قاتتىق باغلاڭلار، ياخشى باغلاڭلار دەپتۇدەك. بۇنى شۇنداق بىلىڭلەر!

20 ـ ، 21 ـ ، 22. يۇقىرىدا تۇمان تۇرۇپتۇ (پەيدا بولۇپتۇ)، تۆۋەندە توزان تۇرۇپتۇ (كۆتۈرۈلۈپتۇ)، ئۇچار قاناتلار ئۇچقا- نىكەن، ئېزىپ كېتىپتۇ، كىيىك ئەۋلادى (ياۋا ھايۋانلار) يۈگۈرگەنىكەن، ئېزىپ كېتىپتۇ، كىشى ئوغلى (ئادەمزات) يۈرگەنىكەن يولدىن ئېزىپتۇ. يەنە تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۈچ يىلدا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئامان ـ ئېسەن كۆرۈشۈپتۇ. خۇشال بولۇپتۇ، سۆيۈنۈپتۇ. شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.

23 ـ ، 24. ئېچىرقىغان ئات ئۆزى سەمرىگەن يەرنى كۆرۈپ (شۇ يەرگە) يۈگۈرۈپتۇ، يولدا ئۇنىڭغا ئوغرى ئۇچراپ تۇتۇۋې- لىپ مىنىۋاپتۇ. (بۇ ئات) يايلىدىن تاكى قۇيرۇقىغىچە يېغىر

بولۇپ، يۇرەلمەي تۇرغۇدەك، شۇنداق بىلگىلەركى، بۇ ياماننىلىق.

25 ـ ، 26. مىنىش ئېتى شەرق تەرەپتە ھېرىپ ـ ئېچىپ تۇرۇپ قاپتۇ. تەگرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن تاغ ئۈستىدە ئېقىن سۇ كۆرۈنۈپتۇ، دەرەخزارلىقتا يېشىل ئوت كۆرۈنۈپتۇ، ئات شۇ يەرگە بېرىپ سۇ ئىچىپتۇ، ئوت يەپتۇ. (شۇنىڭ بىلەن) ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتۇ. شۇنداق بىلگىلەركى، بۇ ئەزگۈ.

27 ـ ، 28. (كېگىز) ئۆينىڭ ئىچى قانداق ـ ئۇ؟ تۆگىلۈكى قانداق ـ ئۇ؟ دېرىزىسى قانداق كۆرۈملۈك، ئۇ! ئۆگزىسى قانداق ـ ئۇ؟ ئارغامچىسى قانداق ـ ئۇ؟ ئۇلار باغلاۋاتقۇدەك. بىلگىلەركى، بۇ ئېنىق ئەزگۈ.

29. ئاق ئات ئۈچ مەۋجۇداتتا ئۈز قارىشىنى تاللىۋېلىپ، ئەپۇ ـ ئۆتۈنۈشكە بېرىپتۇدەك. قورقما، ياخشى ئوتۇن. ئاياز ـ ماي ياخشى دە، يالۋۇر؛ دېگۈدەك. شۇنداق بىلگىلەركى، بۇ ئەزگۈ.

30 ـ ، 31. تېتىر (ئېسىل نەسىللىك) بوغرامەن، ئاق كۆۋۈك چاچقۇدەكمەن، (كۆۋۈكلىرىم) يۇقىرىدا ئاسمانغا تېگەر، پەستە يەرگە تېگەر، ئۇخلاۋاتقاننى ئويغىتىپ، ياتقاننى تۇرغۇزۇپ، يۈرگۈدەكمەن، شۇنداق كۈچلۈكتەكمەن. بىلگىلەركى، بۇ ئەزگۈ.

32. قارا ئۆپكۆك (ھۆپۈپ؟) يىل بويى (ئۆگەتىسمۇ) كارغا كەلمەس. "ئۆگەتمەك"، "كۆرمەك" (قارىماق)، "ئۆركۈتتۈك"

دەر. شۇنداق بىلىڭ!
33 ـ ، 34. ئۇزۇن تونلۇق (يەنى ئايال)كۆزگۈسىنى (ئەيىندەكنى) كۆلگە چۈشۈرۈپ قويۇپ، كۈندۈزى يىغلىغۇدەك، كېچىسى ھۆكۈرگۈدەك. شۇنداق بىلىڭلەركى، مۇڭلۇق ئۇ، بۇ ئېنىق يامانلىق.
35. ئوغلان كاككۇك پېيىنى تېپىۋاپتۇ، بۇنىڭدىن ئۇكە تاققان كېلىنچەك قۇتلۇق بولسۇن، دەپتۇ. شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.
36. قارىغۇ قۇلۇن ئايغىرلار ئارىسىغا كىرىپ ئەتىدىن-كەچكىچە ئەمچەك ئىزدەپ ھېرىپ-ئېچىپ كېتىپتۇ. بىچارە قانداقمۇ قىلار. شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق.
37. ئىككى ئۆكۈزنى بىر بۇقۇسىغا قېتىپ قويۇپتۇ. ئۇلار ماڭالماي تۇرغۇدەك. شۇنداق بىلىڭكى، بۇ يامانلىق.
38 ـ ، 39. تاڭ ئېتىپتۇ، ئاندىن كۈن چىقىپ يەر-جاھان يورۇپتۇ. شۇنداق بىلىڭكى، بۇ ئەزگۈ.
40. باينىڭ قويى ئۆركۈپ كېتىپ، بۆرىگە ئۇچراپتۇ، بۆرى ئۇلارنىڭ سۈتىنى ئېمىپ كېتىپتۇ. ھەممە قوي ئامان قاپتۇ. شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.
41 ـ ، 42. خان تەختكە ئولتۇرۇپ ئوردا-ساراي ساپتۇ، ئەل-يۇرتى ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇدەك، يۇرت كاتتىلىرى، ئاقساقاللىرى يىغىلىپ ئويۇن-تاماشا قىلغۇدەك. شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.

43 ـ، 44. قىمارۋاز بىر ئادەم بالىسىنى ۋە خوتۇنىنى ئېلىپ، ئۇستا قىمارۋازنىڭكىگە (قىمار ئويۇنخانىسى) بېرىپتۇ. بالىسىنمۇ، خوتۇنىنىمۇ ئۇتقۇزۇپ ماستىن يەنە توقسان باش قوي ئۇتۇۋېتىپتۇدەك، بالىسى بىلەن خوتۇنى بەك خۇشال بوپتۇدەك، شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.

45. كەمبەغەلنىڭ بالىسى ئوقەت قىلىشقا چىقىپتۇ. سەپىرى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، خۇشال ـ خۇرام قايتىپتۇدەك. شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.

46 ـ، 47. يىرتقۇچ هايۋان ــ يولۋاس يەم ئىزدەپ ئوۋغا چىقىپتۇ، ئوۋى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، نۇرغۇن يېمەكلىك تېپىپ، خۇشال ـ خۇرام قايتىپتۇدەك. شۇنداق بىلىڭكى، بۇ ئەزگۈ.

48 ـ، 49. بىر تېۋىلغا يۇز بولۇپتۇ، يۇز تېۋىلغا مىڭ بولۇپتۇ. مىڭ تېۋىلغا تۈمەن بولۇپتۇدەك، شۇنداق بىلىڭلەركى بۇنىڭدا پايدا بار، بۇ ئەزگۈ.

50. كىگىزنى سۇغا سېلىپ، يەنە ئۇر، قاتتىق پىشۇر دېگۈدەك. شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق.

51. خان سوقۇشقا بېرىپتۇ، دۈشمەننى يېڭىپتۇ، سۈرگۈن قىلىپتۇ، كۆچۈرۈۋېتىپتۇ، ئۆزى ۋە قوشۇنى خۇشال ـ خۇرام ئوردىسىغا (پايتەختىگە) قايتىپتۇدەك. شۇنداق بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.

52 ـ، 53 ـ، 54. ئەر (ئادەم) سوقۇشقا بېرىپتۇ، يولدا ئېتى ھېرىپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا تۇرنا قۇش ئۇچراپتۇ. تۇرنا ئۇنى

قانـتـىغا ئولـتۇرغۇزۇپ، يۇقىرى كـۆتـۈرۈلـۈپ ئۇزاق يول يۈرۈپتۇ، ئۇنى ئاتا ـ ئانـىسى يېنىغا ئاپىرىـپ قويۇپـتۇ، ئاتا ـ ئانىسى بەك خۇشال بولۇپتۇ. شۇنداق بىلىنگىلەركـى، بۇ ئەزگۈ.

55. كۆپ ئاتقا ئىگە بولغانـدەك خۇشاللىـقىڭ يوق. ئېـتىم ئاز قالدى دەيدىغان قورقۇنچۇڭمۇ يوق، ئۇچىغا چىققان بەخت ـ سائادىـتىڭـمۇ يوقـتەك، شۇنـداق بىـلىنـگـلەركـى، بۇ ئېنىـق يامانلىق.

56. بىر قېـرى ئـۆكـۈزنىڭ بېـلـىنى قورقاق چـۈمۈلـىلەر يەۋاتـقۇدەك. ئـۆكـۈز قـىمـىرلاشـقا مادارى يەتـمەي جـىـم تۇرغۇدەك. شۇنداق بىلىنگلەركى، بۇ يامانلىق.

57. (ئايال) قومۇش ئارىسـىدا تۇرغـۇدەك (ياشىـغۇدەك)، تەگرى ئۇنىمىغانلىقتىن (رەھىم قىلمىغانلىقتىن) مەلـىكە ـ خانىـم ئۇنىڭ ئاۋۇنچۇقى (تەسەللى بەرگۈچىسى) بولسۇن، دېگۈدەك. بىلگىنكى، بۇ ئەزگۈ.

58. ئاتنى تەتۈر كىشەنلەپ قويۇپتۇ، ئۇ مىدىرلىيالماي جىم تۇرغۇدەك. بىلىنگلەركى، بۇ يامانلىق.

59 ـ، 60. باتۇر بالا تازا يارامـلىق ئوقـياسـىنىڭ ئوقـىنى تىك يارنىڭ دوقمۇشىـغا ئۇرۇپ، يالغـۇز كېتـىپ بارغۇدەك. شۇنداق باتۇردەك، بىلىنگلەركى، بۇ ئەزگۈ.

61. قارا ـ ئالا ئىنـەك موزايـلىماقچـى بولۇپ، ئۆلـدىغان بولدۇم دېـگۈدەك. قارا ـ ئالا ئەركەك موزاي تۇغۇلـغانىكەن، قۇربانـلىققا يارىغاي، دەپـتۇدەك، (شۇنىڭ بىلەن) ئۆلۈمـدىن

www.uyghurkitap.com

قۇتۇلۇپتۇدەك. بىلىڭكى، بۇ ئەزگۈ.

62. ئۇزۇن تونلۇق (يەنى ئايال) ئىدىشىنى، ئايىغىنى (قاچىسىنى) قويۇپ (سەپەرگە) چىقىپتۇدەك، (كېيىن) ئۇبدان ئويلىنىپ كۆرۈپ: ئىدىشىنى، ئايىغىنى قويۇپ نەگىمۇ بارارمەن، دەپ قايتىپ كېلىپتۇدەك، ئىدىشى، ئايىغى ساق تۇرغۇدەك. ئۇ (بۇنى كۆرۈپ) خۇشال بولۇپتۇدەك، بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.

64 ـ ، 65. دەريا لاچىنى ئۇۋغا چىققانىكەن، قارشىسىدىن يىرتقۇچ قارا قۇش كۆتۈرۈلۈپ چىقىپتۇدەك، بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق.

66 ـ ، 67. لاچىن توشقان (تۇتاي) دەپ ئاسماندىن تۆۋەن چۈشۈپتۇ ۋە توشقاننى تۇتۇۋاپتۇ. لاچىننىڭ تىرنىقى ئېچىلىپتۇ ۋە يەنە يىغىلىپتۇ، لاچىن تىرنىقىنى كىرىشتۈرۈپ يۇقىرى ئۆرلەپتۇ، توشقان تىرىسىدىن چىقىپ، قېچىپ كېتىپتۇدەك. بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق.

68. كېيىك بالىسى، مەن ئۇتىسىز، سۇسىز قالدىم، قانداق قىلارمەن؟ دېگۈدەك، بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق.

69 ـ ، 70. تۆگە پاتقاققا پېتىپ قېلىپ، ئۆز بېشىنى ئۆزى يەپتۇدەك، ئاندىن ئۇنى تۈلكە يەپتۇدەك. بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق.

71. ئەر ئۆملەپ بېرىپ، تەڭرىگە دۇچ كېلىپ، بەخت ـ سائادەت سوراپتۇدەك. (تەڭرى) قۇت بەخت ـ سائادەت بېرىپ،

ئېغلڭدا يلقڭ بولسۇن، ئۆزەڭ ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك بول،
دەپتۇدەك، بلڭلەركى بۇ ئەزگۈ.

72 ـ، 73. قارا يول (تەقدر) تەڭرسمەن، سنقڭنى تۈزتمەن. ئۈزۈكۈڭنى ئۇلايمەن، ئەلنى يارتمەن (بەرپا قلمەن). بۇنڭ ئەزگۈلۈكى بولسۇن. بۇنى بلگەيسلەر!

74 ـ، 75. يرتقۇچ يولۋاس ئوۋ ئوۋلاشقا چقپتۇ، ئوتتۇرا يولدا ئۇ ئلانغا دۇچ كېلپتۇ. ئالا ئلان تك قيا تاشقا چقپ كېتپتۇ، شۇنڭ بلەن ئۇ (يولۋاس) ئۆلۈمدن قۇتۇلۇپ، خۇشال ـ خۇرام يۈرگۈدەك. بلڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.

76 ـ، 77. تۇغ ئاتنڭ قۇيرۇقنى تۈگۈپ تك قل، ھۇرۇن ئاتنڭ قۇيرۇقنى قويۇپ بېرپ، توققۇز قات تەرلك ياپ، ياخشلاپ تەرلسۇن دېگۈدەك. بلڭلەركى، بۇ يامانلق.

78. توم (يرتقۇچ) قارا قۇشمەن، يېشل قيا مېنڭ يايلقم، قزل قيا مېنڭ قشلقم، مەن شۇ تاغدا تۇرۇپ خۇشال بولغۇدەكمەن. شۇنداق بلڭلەركى!

79 ـ، 80. ئەر پۇشۇقلق (غەمكن)، ئاسمان بۇلۇتلۇق بولدى. شۇ ئارىدا كۈن چقپ، ئىچ پۇشۇقى ئارسدا خۇشاللق يۈز بېرپتۇدەك، بلڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.

81 ـ، 82. بوز بۇلۇت پەيدا بولۇپ، كشلەر ئۈستگە (يېغن) ياغدى. قارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ، ھەممە ئۈستگە (يېغن) ياغدى. ئاشلق پشتى، ئوت ئۈندى، يلقغا، كشگە ياخشى بولۇپتۇدەك. بلڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.

83 ـ، 84. قۇل سۆزى بەككە يېتىپتۇدەك، قۇزغۇن سۆزى تەڭرىگە يېتىپتۇدەك، يۇقىرىدا تەڭرى ئاڭلاپتۇ، تۆۋەندە كىشى ئاڭلاپتۇ. شۇنداق بىلىڭكى، بۇ ئەزگۇ.

85. باتۇر ئەر ئوغلى سوقۇشقا بېرىپتۇدەك، جەڭ مەيداندا سۆزمەنلەر ئۇنىڭغا: ئۆيۈڭگە قايتساڭ ئۆزەڭ زور ئاتاق كۆتۈرسەن، ئېتىڭنى كىشىلەر يېتىلەپ كېلىدۇ، دەپتۇدەك. بىلىڭلەركى، بۇ ئېنىق ئەزگۇ.

86. ئۈيۈرۈم (بايتاللار توپى) ئۇچۇن قۇتلۇق ئايغىرمەن، ياڭاقلىق دەرەخلەر مېنىڭ يايلىقىم، قۇشلۇق دەرەخلەر مېنىڭ قىشلىقىم، شۇ يەردە تۇرۇپ خۇشال بولىمەن، دېگۇدەك. بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۇ.

87ـ، 88. كۆلچەك (؟) قۇرۇپتۇدەك، چېلەك توڭلاپتۇدەك. كۆلچەك بەگنىڭ تۇرسا، ئۇ قانداق قۇرۇيدۇ؟ چېلەك كۈنگەيدە تۇرسا ئۇ نېمىشقا توڭلايدۇ؟ بىلىڭلەركى، بۇ پال بىر ئىشنىڭ قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسىمۇ، ئاقىۋىتى ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

89 ـ، 90. (بىراۋنىڭ) ئوغلى ئاتا ـ ئانىسىغا ئۆپكىلەپ كېتىپ قاپتۇدەك، كېيىن ئۇلارنى سېغىنىپ (ئويلىنىپ) ئانامنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاي، ئاتامنىڭ سۆزىنى تىڭشاي، دەپ قايتىپ كەپتۇدەك. بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۇ.

91. يىلىغا توشقاننى (چوڭلارنى) يۇدەتمەي (جوۋۇتماي) ئايغا توشقاننى (ياشلارنى) ئازابلىماي، ھەممىسى ياخشى

بولسۇن دېگۈدەك. بىلگىلەركى، بۇ ئەزگۈ.

92 ـ ، 93. توققۇز ئارىلىق بۇغا كېيىكمەن، چىرايلىق تىزلە-نىپ، مىگىرىغۇدەكمەن (ۋارقىرىغۇدەكمەن)، يۇقىرىدا تەڭرى (ئاسمان) تۆۋەندە يەر ئاڭلىدى، شۇنداق كۈچلۈكمەن. بىلىڭ-لەركى، بۇ ئەزگۈ.

94ـ، 95. تورغاي قۇش ھەمراھلىرى يېنىغا قونىمەن، دەپ، سەزمەستىن توزاقـقا ئىلىنىپ قېلىپ، ئۇچالـماي تۇرغۇدەك. بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق.

96. يارغۇن (ياۋا) كېيىكمەن، يازلىقى تاغقا چىقىپ يايلاي-مەن. خۇشالمەن، دېگۈدەك. بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.

97. خان قوشۇنى بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇ، دائىرە ئىچىگە كېيىكلەر كىرىپتۇ، خان كېيىكلەرنى تۇتۇپتۇ، قارا (خەلق) ۋە قوشۇننىڭ ھەممىسى خۇشال بولۇپتۇ. بىلىڭلەركى، بۇ ئەزگۈ.

98 ـ ، 99. كۆك بوز توغان قۇشمەن، كۆركەم قىيادا ئولتۇ-رۇپ (ئەتراپنى) كۆزىتىمەن، ياڭاقلىق توغراق ئۈستىگە چۈشۈپ، يايلايمەن، دېگۈدەك. بىلىڭلەركى، بۇ ئېنىق ئەزگۈ.

100. سېمىز ئات (نىڭ) ئاغزى قاتتىق بولۇپتۇ، ئىگىسى (ئۇنى) ئاچالماپتۇدەك. بىلىڭلەركى، بۇ يامانلىق.

101 ـ ، 102. ئەمدى، ئامراق ئوغلانىم، بىلىڭلەركى، بۇ ئىرق پۈتۈك (پال كىتابى) ياخشى (كىتاب)، ھەربىر نەرسىنىڭ تەقدىرى (ئۆلۈشى) ئەنە شۇنداق قۇدرەتلىك ۋە ھەر خىل

بولدۇ.

103. بارىس يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تەيگونتەن بۇتخانىسىدىكى كىچىك دىندارنىڭ (ئىلتىماسى بىلەن؟) ئاڭلىغۇچىمىز ئىسىك سانغۇن ۋە ئىتەچۇك ئۇچۇن پۈتىدىم.

# چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلى
# تەرەققىياتى تارىخىدا تۇتقان ئورنى[①]

## 1. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى

تۈركىي تىللارنى تەتقىق قىلغان بىرمۇنچە ئالىملار (مەسىلەن، ن. ئا. باسكاكوۋ) ئالتايىست ئالىملارنىڭ تارىخىي ۋە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق تەتقىقاتلىرىغا ئاساسەن، تۈركىي تىللارنىڭ شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى مۇنداق ئالتە باسقۇچقا بۆلىدۇ:

1) ئالتاي دەۋرى — بۇ دەۋردە تۈركىي تىللار موڭغۇل تىللىرىدىن ۋە تونگۇس ـ مانجۇ تىللىرىدىن بۆلۈنۈپ چىقمىغان. بۇ دەۋردە قانداقتۇر بىر خىل قەدىمكى تىل "ئالتاي تىلى" مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭدا كېيىنكى تۈركىي تىللار، موڭغۇل تىللىرى ۋە تونگۇس ـ مانجۇ تىللىرى ئۈچۈن ئورتاق بولغان فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك ۋە لېكسىكىلىق خۇسۇسىيەتلەر مەۋجۇت بولغان. بۇ تىل ھازىرقى تۈركىي تىللارنىڭ ھېچقاي-

① 1985 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر تۈنجى قارارلىق چاغاتاي تىلى بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىدا ئوقۇلغان لېكسىيە.

سىسى بىلەن بىۋاسىتە باغلانمايدۇ. لېكىن شۇ دەۋردە تۈرك ـ موڭغۇل قەبىلىلىرىدىن ئوغۇرلار، ئوتتۇغۇرلار، ساراغۇرلار، قوتىرىغۇرلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قەبىلىلەر مەۋجۇت بولغان، كېيىنكى ئوغۇر، ئۇيغۇر ۋە ئوغۇز دېگەن قەبىلە نامىلىرى مۇشۇ قەبىلىلەرنىڭ نامىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇيغۇر دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ئالتاي دەۋرىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

2) هون دەۋرى (مىلادى 3 ـ ئەسىردىن 5 ـ ئەسىرگىچە) ـ بۇ دەۋردە مەركىزىي ئاسىيادىن (موڭغۇلىيە دالاسىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ياۋروپاغىچە سوزۇلغان كەڭ زېمىندا زور بىر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ــ هون ئىمپېرىيىسى مەۋجۇت بولغان. بۇ ئىمپېرىيە نۇرغۇنلىغان تۈرك، موڭغۇل، تونگۇس ـ مانجۇ قەبىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. هونلارنىڭ رەسمىي تىلى تۈركىي تىل (كەڭرەك مەنىدىن ئالغاندا يەنىلا ئالتاي تىلى) ئىدى. هونلارنىڭ بېسىمى بىلەن يەتتىسۇغا ۋە ئۇنىڭدىن نېرى تەرەپلەرگە كۆچكەن چوڭ ياۋچىلار، لوپنۇرنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى تەرەپلىرىگە كۆچكەن كىچىك ياۋچىلارنىڭ تىلىمۇ شۇ ئالتاي تىلى ئىدى. بۇ دەۋردە خەنزۇ تارىخنامىلىرىدا غوس (بۇلار تۇرپان ئويمانلىقى ۋە تيانشاننىڭ شىمال تەرىپىدە هازىرقى سانجى ئوبلاستى دائىرىسىدە ياشايدىغان تۈركىي قەبىلە)، ساق (تيانشاننىڭ شىمالىدا ئىلى ۋادىسىدا ياشىغان قەبىلىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى، بۇ قەبىلىلەرنىڭ بىر قىسمى تۈر-



www.uyghurkitap.com

كي تىللىق بولغان)، ئۇيسۇن، دىڭلىڭ (بەزى خەنزۇ ئالىملىرى بۇ ئىسمنى ”تۇرك“ دېگەن ئاتالغۇنىڭ شۇ چاغدىكى خەنزۇچە يېزىلىشى دەيدۇ)، جيەنكۇن (هازىرقى قىرغىز)، ياۋچى، ئوجې (بەزىلەر بۇ ئىسمنى «ئۇيغۇر» دېگەن ئىسمنىڭ نامىنىڭ خەنزۇ يېزىلىشى دەيدۇ). دېگەنگە ئوخشاش يىلنامىلىرىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى شەكلى دەيدۇ.) دېگەنگە ئوخشاش قەبىلە ناملىرى خاتىرىلەنگەن. بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى ياكى بىر قىسمى تۈركىي تىللىق ئىدى. بۇ دەۋردە تۈركىي تىللار يەنىلا ھەر خىل قەبىلە تىللىرىدىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن ھون دەۋرىدە بۇ قەبىلىلەرنىڭ تىللىرى v/r تىللىرى، يەنى ئوغۇر، ئوتۇغۇر، ساراغۇرلار — بۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولغان قەدىمكى ئاۋارلار، سابىرلار، بۇلغارلار ۋە هازىرقى چۇۋاشلار-نىڭ تىللىرى: z/s تىللىرى — يەنى ئوغۇزلار، قەدىمكى قىرغىزلار ۋە قىسمەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىللىرى ۋە بۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولغان ئوغۇزلار، قىپچاقلار ۋە قارلۇقلارنىڭ تىللىرى دېگەن ئىككى تارماق تىللار ئايرىلىپ چىقىشقا باشلىغان. بۇ دەۋر تىللىرى ھەققىدە ھېچقانداق يازما يادىكارلىق تېپىلمىدى.

3) قەدىمكى تۈركىي تىللار دەۋرى — بۇ دەۋر 5 - ئەسىر-دىن 10 - ئەسىرگىچە (بەزى ئالىملارنىڭ پىكرىچە 13 - ئەسىر-گىچە) بولغان دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ن. ئا. باسكاكوۋ بۇ دەۋرنى يەنە مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلىدۇ. (1) تۈركۈت تىلى باسقۇچى؛ (2) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى باسقۇچى؛ (3)

www.uyghurkitap.com

قەدىمكى قىرغىز تىلى باسقۇچى. بۇ دەۋر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، قەدىمكى ئوغۇز تىلى ۋە قەدىمكى قىرغىز تىللىرى بىللە بىرلىكتە d/t ۋە z/s تىللىرى خۇسۇسىيىتىنى ئېلىپ، v/r تىللىرىدىن يەنى قەدىمكى بۇلغار ۋە ھەزەر تىللىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. بۇ دەۋر تىلى ھەققىدە ئورخۇن - يەنسەي ۋادىلىرىدىن تارتىپ تۇرپان ئويمانلىقىغىچە ۋە غەربتە تالا، كاسپىي بويلىرىغىچە تارقالغان نۇرغۇن يازما يادىكارلىقلار (تاش پۈتۈكلەر ۋە ھەر خىل دىنىي - پەلسەپىي ئەسەرلەر) ساقلىنىپ قالغان.

4) ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي تىللار دەۋرى (10 — 16 - ئەسىرلەر) - بۇ دەۋر تۈركىي تىللار تەرەققىياتىدا شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم دەۋر ھېسابلىنىدۇ. خۇددى مالۇۋ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي تىللىرىغا ئاساس بولغان دىئالېكتلاردا بىرقەدەر چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، ئەدەبىي تىل d دىئالېكتىدىن y دىئالېكتىغا تولۇق يۆتكىلىپ بولىدۇ. يېزىقمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئەرەب يېزىقىغا يۆتكىلىدۇ. چاغاتاي ئەدەبىي تىلى دەپ ئاتالغان ئەدەبىي تىل مانا مۇشۇ دەۋرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەكىللىنىدۇ. (بۇ ھەقتە تۆۋەندە مەخسۇس توختىلىمىز).

5) ھەرقايسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ۋە يېڭى تۈركىي تىللارنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى (15 — 19 - ئەسىرلەر).

6) ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىللىرىنىڭ شەكىللىنىش

دەۋرى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئالتە دەۋرنى ھەممە تۈركىي تىللار ئوخشاش باشتىن كەچۈرمىگەن. ئەمما ئۇيغۇر تىلى مۇشۇ دەۋرلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك باشتىن كەچۈرگەن.

ئۇزۇندىن بېرى ئۇيغۇر تىلى ۋە قەدىمكى تۈركىي تىللار تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان قازاق تىلشۇناسى ئا. ت. قايداروۋ تۈركىي تىللار تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرىقى ئالتە دەۋرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەتبىق قىلىپ، ئۇيغۇر تىلى تەرەققىيات تارىخىنى مۇنداق ئۈچ چوڭ دەۋرگە بۆلىدۇ.

1) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى، بۇ دەۋر ئۆز ئىچىدە يەنە ئەڭ قەدىمكى دەۋر (مىلادى 5 ـ ئەسىرگىچە) ۋە قەدىمكى دەۋر (5 — 13 ـ ئەسىرلەر) دېگەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

2) ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى دەۋرى، بۇ دەۋر ئۆز ئىچىدە يەنە ئاۋۋالقى ئوتتۇرا ئەسىر باسقۇچى (11 — 14 ـ ئەسىرلەر) ۋە كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر باسقۇچى (15 — 16 ـ ئەسىرلەر) دېگەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

3) يېڭى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى، بۇ دەۋر ئۆز ئىچىدە يەنە كېيىنكى زامان ئۇيغۇر تىلى باسقۇچى (18 — 19 ـ ئەسىرلەر) ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى باسقۇچى (20 ـ ئەسىر) دېگەن ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ①.

① ئا. ت. قايداروۋ. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتى»، 1 ـ كىتاب، ئالمۇتا، 1969 ـ يىل.

تۆۋەنــدە بىز ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىغا توختىلىپ ئۆتىمىز. بىز دەۋاتقان چاغاتاي ئەدەبىي تىلى مانا شۇ ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى دائىرىسىگە كىرىدۇ.

## 2. چاغاتاي ئەدەبىي تىلى قانداق ئەدەبىي تىل ئاساسىدا كېلىپ چىققان

ئوتتۇرا ئەسىر تىل يادىكارلىقلىرىنى كۆپرەك تەتقىق قىلغان ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئاساسىي كۆز قاراشلىرى مۇنداق:

ۋ. ۋ. رادلوۋ چاغاتاي تىلىنىڭ ئۆزىدىن ئاۋۋالقى شىنجاڭ تۈركىي تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ: "ئاتالمىش" چاغاتاي تىلى "ئۇيغۇر تىلى (قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى دېمەكچى) ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. ئۇ ھېچقانداق جانلىق تىل بىلەن مۇناسىۋەتسىز" دەيدۇ.

شىنجاڭدىن تېپىلغان 10 ـــ 13 ـ ئەسىرگە ئائىت يازما يادىكارلىقلار ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات يۈرگۈزگەن ئا. م. شىرباك "قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن سۇنئىي تىل چاغاتاي تىلى يالغۇز كىتابىي تىل ئەنئەنىلىرى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماي، يەنە قاراخانىلار دەۋرىدىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ جانلىق خەلق تىلى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك" دېگەن پىكرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئۆزبېك تىلشۇناسى ۋ. ۋ. رەشىتوۋ ئۆزىنىڭ «ئۆزبېك

تىلى» دېگەن ئەسرىدە، "مەھمۇت قەشقەرى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن قەشقەر تىلىنى پەرقلەندۈرۈپ كۆرسەتكەن. كېيىنكى تىل (قەشقەر تىلىنى دېمەكچى) ئىسكى ئۆزبېك تىلىنىڭ (چاغاتاي تىلىنى دېمەكچى) تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن" دەيدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يازما يادىكارلىقلىرىنى كۆپ تەتقىق قىلغان د. ئى. تېخونوۋ بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ مۇنداق مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ:

ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدىكى تۈركىي خەلقلەر تىلىنىڭ 10 — 11 - ئەسىرلەردىكى تەرەققىياتى جەريانىدا، بۇ زېمىندا شۇ دەۋرلەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىككى ھاكىمىيەت — قاراخانىلار خانلىقى ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى مۇھىم رول ئوينىغان. ھەر ئىككى خانلىقنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى ئۇيغۇرلار، قارلۇقلار ۋە شۇلارغا يېقىن قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى خانلىق تەۋەلىكىدە شۇ يەرلەردىكى مۇئەييەن دىئالېكتلار تەسىرىدىن بىر - بىرىگە خېلى يېقىن ئىككى ئەدەبىي تىل ھۆكۈم سۈردى. بۇنىڭ بىرى تۇرپان، قۇمۇل، كۇچا بوستانلىقلىرىدا ئۇيغۇر - ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ تىلى ئاساسىدا راۋاجلانغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى (بۇنىڭغا «ئالتۇن ياروق» ۋە قانۇن ۋەسىقىلىرى تىلى ۋەكىللىك قىلىدۇ)؛ يەنە بىرى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان قەشقەردە ئۇيغۇر - قارلۇق قەبىلىلىرى تىلى ئاساسىدا راۋاج تاپقان قاراخانى (خاقانىيە)

ئۇيغۇر تىلى (بۇنىڭغا «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق يازما يادىكارلىقلار تىلى ۋەكىللىك قىلىدۇ).

موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن، بۇ ئىككى خانلىق ئاۋۋال چاغاتاي ئۇلۇسى قارىمىقىدا، كېيىن موغۇل خانلىقى قارىمىقىدا بىرلىككە كېلىش نەتىجىسىدە بۇ ئىككى رايون خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى ھەمدە ئەدەبىي تىلىدىكى پەرقلەر يوقىلىپ، y دىئالېكتى ئۈستۈنلۈك قازانغان بىر پۈتۈن ئەدەبىي تىل مەيدانغا كەلدى. بۇ ئەدەبىي تىل ئاۋۋال قەشقەر تۈركچىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىلى، كېيىن چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالدى.

ئالىملارنىڭ يۇقىرىقى پىكىرلىرىدىن شۇ نەرسە روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بىز توختىلىۋاتقان چاغاتاي ئەدەبىي تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن خاقانىيە تىلى ياكى قەشقەر تۈرك-چىسى ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى بولغان ئۇيغۇر ـ قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ جانلىق تىلى بۇ تىلغا دىئالېكت ئاساسى بولۇپ بەرگەن. مەسىلىگە مۇشۇنداق قاراش تارىخىي ئەمەلىيەتكە بىرقەدەر ئۇيغۇن كېلىدۇ.

### 3. چاغاتاي تىلىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ۋە دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى

چاغاتاي ئەدەبىي تىلى ئۆزىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى



www.uyghurkitap.com

جەرياندا بىرقانچە دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈردى.

بۇ ھەقتە ئالىملارنىڭ پىكىرلىرى بىر خىل ئەمەس. مەسىلەن، ئا. ك. يوروفكوۋ: موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىي تىللىرىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانى ھەققىدە توختىلىپ: ۋولگا بويى، قىرىم، زاكافكازىيا، ئوتتۇرا ئاسىيا، كىچىك ئاسىيالاردا مۇھىم ئەدەبىي تىل مەركەزلىرى مەيدانىغا كەلدى ۋە 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، تاتار، قىرىم تاتار، ئەزەربەيجان، چاغاتاي، تۈركمەن ۋە تۈرك ئەدەبىي تىللىرى ئايرىلىپ چىقتى، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئەمىر نەجىپ بۇ ھەقتە باشقىچىراق پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ كۆز قارىشىچە: 11 — 12 ـ ئەسىرلەردە شەكىللەنگەن ئەدەبىي تىللار ئۆزىگە ھەر خىل قەبىلە شېۋىلىرىنى ئاساس قىلدى. بۇ دەۋردە ئاساسەن ئىككى ئەدەبىي تىل مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ئۇيغۇر ـ قارلۇق ئەدەبىي تىلى، يەنە بىرى ئوغۇز ـ قىپچاق ئەدەبىي تىلى ئىدى، بۇ ئىككى تىل شۇ دەۋردە يېزىلغان ئەسەرلەردە ئۆزىنىڭ روشەن ئىپادىسىنى تاپىدۇ. 14 — 15 ـ ئەسىرلەردە يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ مۇشۇ ئىزدا راۋاجلاندى. 13 — 14 ـ ئەسىرلەردە ئىككى ئەدەبىي تىل، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىلى ۋە ۋولگا بويى تۈركىي تىلى مەيدانىغا كەلدى. رەبغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا»سى ۋە شۇ دەۋردە يېزىلغان «قۇرئان تەفسىرى» بۇ تىللارنىڭ بىرىنچىسىگە

ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئەدەبىي تىل ئۇيغۇر ـ قارلۇق ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتى نەتىجىسىدە ئۆزگە ئاز ـ تولا ئوغۇز تىلى ئامىللىرىنى سىڭدۈرۈپ شەكىللەندى.

خارەزمى تەرىپىدىن يېزىلغان «مۇھەببەتنامە»، قۇتبى تەرىپىدىن يېزىلغان «خۇسرو ۋە شىرىن»، «گۈلىستان تەرجىمىسى» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەسەرلەر بۇ تىللارنىڭ ئىككىنچى سىگە (ئوغۇز ـ قىپچاق ئەدەبىي تىلىغا) ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئەسەرلەر تىلىدا ئوغۇز تىلى ئامىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىلىغا قارىغاندا كۆپرەك ساقلانغان. بۇ تىلدا يېزىلغان ئەسەرلەر سىر دەريا بويىلىرىدىن تارتىپ كىچىك ئاسىيا ۋە مىسىرغىچە تارقالغان.

ن. ئا. باسكاكوۋ بۇ مەسىلىگە باشقىچىراق قارايدۇ، ئۇنىڭ پىكرىچە:

"تۈركىي" دەپ ئاتالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە تاكى 18 ـ ئەسىرگىچە قەشقەردىن تارتىپ تاكى ئىستانبولغىچە بولغان كەڭ زېمىندا ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلغان. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىدىكى بىرمۇنچە يەرلىك ئەدەبىي تىللار مۇشۇ تىل ئاساسىدا راۋاجلانغان. بۇ ئەدەبىي تىل 11 ـــ 13 ـ ئەسىرلەردىكى قارلۇق ـ ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. بۇ قارلۇق ـ ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىرقەدەر كېيىنكى ۋارىيانتلىرى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا "تۈركىي"سى دەسلەپ خارەزمدە، كېيىن جوجى

ئۇلۇسىدا يەنى ئالتۇن ئوردىدا، مىسىردىكى مەملۇكىيلەر يۇرتىدا ۋە چاغاتاي ئۇلۇسىدا راۋاجلاندى.

چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ:

1) ئاۋۋالقى چاغاتاي تىلى باسقۇچى (14 ـ ئەسىر ۋە 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى). بۇ دەۋرگە ھەيدەر، خارەزمى، ئاتايى، لۇتفى، ساككاكى، يۇسۇف، ئەمرى، مىرزا گادايى، سەئىد، ئەخمەدى ۋە ياقىنى ئەسەرلىرى ۋەكىللىك قىلىدۇ.

2) كلاسسىك چاغاتاي تىلى باسقۇچى 15 ـ ئەسىرنىڭ 2 ـ يېرىمى ۋە 16 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمى). بۇ باسقۇچقا ناۋايى، ھۇسەيىن بايقارا، بابور، ھەمىدى، مۇھەممەت سالىخ، شايبانى، ئۇۋەيدى ئەسەرلىرى ۋەكىللىك قىلىدۇ.

3) كېيىنكى چاغاتاي تىلى باسقۇچى (16 ـ ئەسىرنىڭ 2 ـ يېرىمىدىن 19 ـ ئەسىرگىچە). بۇ دەۋردە چاغاتاي ئەدەبىي تىلى ئىككى تارماققا: كلاسسىك ئۆزبېك تىلى ۋە كلاسسىك ئۇيغۇر تىلى دېگەن تارماقلارغا بۆلۈندى.

باسكاكوۋنىڭ پىكرىچە، ئاۋۋالقى چاغاتاي تىلى ۋە كلاسسىك چاغاتاي تىلى دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىل ئۇيغۇرلار ۋە ئۆزبېكلەر ئۈچۈن ئورتاق ئەدەبىي تىل بولغان (خۇددى سەلجۇقىلار ئەدەبىي تىلى ئوسمانلى تۈركلىرى ۋە ئەزەربەيجانلىقلار ئۈچۈن ئورتاق ئەدەبىي تىل بولغاندەك).

چاغاتاي تىلى تەرەققىياتىنىڭ 3 ـ دەۋرىگە كەلگەندە،

ئەبۇلغازى خان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى ۋەكىل قىلغان ئۆزبېك ئەدەبىي تىلى ۋە نىزارى خىرقىتى، مۇھەممەت سادىق كاشغەرى، زەلىلى، نەۋبىتى، موللا شاكىر، بىلال نازىملار ۋەكىللىك قىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئايرىلىپ چىقىشقا باشلىدى.①

باسكاكوۋنىڭ چاغاتاي تىلىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى ھەققىدىكى بۇ كۆز قارىشى تارىخىي ئەمەلىيەتكە بىر قەدەر ئۇيغۇن كېلىدۇ.

باسكاكوۋ چاغاتاي تىلىنىڭ ئۈچىنچى دەۋرىنى ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك ئەدەبىي تىللىرىغا بۆلگەندە «كلاسسىك ئۆزبېك تىلى» ۋە «كلاسسىك ئۇيغۇر تىلى» دېگەن ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىپ، بۇنى باروۋكوۋ ۋە شېرباكلا ۋە بىرمۇنچە ئۆزبېك تىلشۇناسلىرى ھازىر ئىشلىتىۋاتقان «ئېسكى (كونا) ئۆزبېك تىلى» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا قويىدۇ. بۇ نۇقتىمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر. چۈنكى ئومۇمەن چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنى «ئېسكى ئۆزبېك تىلى» دېيىش تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئاۋۋالقى دەۋر چاغاتاي تىلى ۋە كلاسسىك چاغاتاي تىلى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا "تۈركىي"سى قەشقەر تىلىغا ۋە شۇ ئارقىلىق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا باغلىنىدۇ. شۇ دەۋردىكى

① باسكاكوۋ بۇ كۆز قارىشىنى 1966 ـ يىلى موسكۋادا ئۆتكۈزۈل-گەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرى ھەققىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان.

قەشقەر مەدەنىيىتىنىڭ بىۋاستە تەسىرى ئاستىدا راۋاجلانغان ۋە ئوتتۇرا ئەسىردە «تۈركىي» دەپ ئاتالغان بۇ ئەدەبىي تىل باشقا ئەدەبىي تىللارغا (مەسىلەن، ئوغۇز، قىپچاق ئەدەبىي تىللىرىغا) نىسبەتەن قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە خاقانىيە تىلى ئەنئەنىلىرىنى ئۆزىدە بىرقەدەر كۆچلۈك ساقلىغان. بۇ ئەدەبىي تىل ئۇزۇن زامانلارغىچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەممە تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلغان ۋە ئۇ يۇقىرى قاتلام زىيالىيلىرىنىڭ ئەدەبىي تىلى بولغاچقا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جانلىق تىللىرىدىن خېلى پەرقلىنىپ تۇرغان.

تۆۋەندە چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. ئاۋۋالقى چاغاتاي تىلى دەۋرى

ئۇيغۇر تىلى تۇقتىسىدىن ئالغاندا باسقاكوۋ ئېيتقان ئاۋۋالقى چاغاتاي تىلى دەۋرى خاقانىيە تىلى ۋە قەشقەر تىلى (ياكى كېيىنكى خاقانىيە تىلى) باسقۇچلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاۋۋالقى يېرىمىدا قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى قوشۇنلىرى بەشبالىق، كۇچا ۋە سىر دەريا بويلىرىدا تۈبۈت ـ قارلۇق بىرلەشمە قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، يەتتىسۇدا تۈرگەش خانلىقىنىڭ ئورنىنى باسقان قارلۇق خانلىقىنى يېڭىپ بۇ رايونلارنى ئىگەللىگەندى. 840 ـ يىلى بۇ

خانلىق موڭغۇل دالاسىدا قىرغىزلار ئەرپىشىن ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، 15 ئۇيغۇر ئۇرۇقى كۆچۈپ، بۇ يەردە ئىلگىرى ئۆزلىرىگە تەۋە بولغان قارلۇق ۋە ياغما قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىكتە قاراخانىلار خانلىقىنى قۇردى. 999 ـ يىلى قاراخانىلار غەربكە يۈرۈش قىلىپ سامانىلار دۆلىتىنى يىمىرىپ مەۋارەئۈننەھرنى ئىگەللىدى. قەشقەردىن ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان يەرلەر، يەنى شىنجاڭنىڭ بىر قىسمى، يەتتىسۇ، شاش، پەرغانە ۋە سوغد يەرلىرى قاراخانىلارغا تەۋە بولدى. غەربىي تۈرك خانلىقى دەۋرىدىلا بۇ رايونلاردا ئولتۇراقلىشىپ بىر ـ بىرىگە يېقىنلىششقا باشلىغان قارلۇق، قاڭلى، تۈرگەش، چىگىل ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بۇ دەۋرگە كەلگەندە تىل جەھەتتىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېقىنلىشىپ، بىر ئورتاق ئەدەبىي تىلىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە زېمىن ھازىرلاندى. سامانىلار دەۋرىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان پارس تىلىنىڭ ئورنىنى دەسسىگەن بۇ ئورتاق ئەدەبىي تىل خاقانىيە تىلى ئىدى. 12 ـ ئەسىرگە كەلگەندە بۇ ئەدەبىي تىل "قەشقەر تىلى" دەپ ئاتالدى.

بۇ دەۋر تىلىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەر:

«قۇتادغۇبىلىك» (1069 — 1070 ـ يىللار) يۈسۈپ خاس ھاجىپ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» (1073 — 1074 ـ يىللار.) مەھمۇت قەشقەرى.

«ئەتەبەتولھەقايىق» ئەخمەت يۈكنەكى.

«ھېكمەت» يەسەۋى
12 ـ ئەسىرگە ئائىت قۇرئان تەفسىرى.
«ئوغۇزنامە» (13 ـ ئەسىر).
«قىسسەسۇل ئەنبىيا» (1310) رەبغۇزى.

بۇ دەۋردە ھازىرقى شىنجاڭ تېررىتورىيىسىدە كۇچانىڭ شەرقىدە ئۇيغۇرلار قۇرغان يەنە بىر ھاكىمىيەت ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەۋجۇت ئىدى. مىلادى 1018 ـ يىلى بۇ يەرگە ئەلچى بولۇپ كەلگەن سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندېنىڭ تەسۋىرىچە جۇڭغارىيە ۋە تۇرپان ئويمانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ خانلىق غەربتە كۇچانى، شەرقتە قۇمۇلنى ئىچىگە ئېلىپ، خوتەن بىلەن چېگرىداش ئىدى. بۇ خانلىق تەۋەسىدە قەدىمدىن تارتىپلا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بىرمۇنچە قەبىلىلەر ياشاپ كەلگەن.

مىلادىنىڭ باشلىرىدا بۇ رايوندا خۇخۇ (狐胡 ـ ئۇغۇر؟)، (كونكرېت ئورنى تۇرپاننىڭ يوغان تېرەك جىلغىسىدا)، خۇيخۇ (狯胡)، (ئىسسىق كۆل بويىدا)، رۇيبەن (كۇچانىڭ شىمالىي تاغلىرىدا) تۇرپان ئويمانلىقى ۋە تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتەك-لىرىدە گۇيسى (车师) ناملىق تۈركىي قەبىلىلەر ياشىغان. تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى تاغلىقتا ئۇخۇ (乌护 ـ ئوغۇز) قەبىلىسى ياشىغان. مىلادى 487 ـ يىلى گاۋگۈي ـ (高车) ئېگىز ھارۋى-لىقلار ناملىق تۈركىي قەبىلىلەردىن بولغان فوفلو قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئافوجلو جورجانلارنىڭ شىمالى ۋېي سۇلالىسىگە يۈرۈش

قىلىش بۇيرۇقىنى رەت قىلىپ، يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئۆيلۈك ئۇرۇقداشلىرىنى باشلاپ ئىنىسى چۇنچى بىلەن بىرلىكتە تۇرپان-دىكى يارغولنىڭ غەربىي شىمالىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ شۇ يەردە هاكىمىيەت قۇرغان. بۇلار قوچۇ (تۇرپان) ئاگنى (يەنجى ياكى قاراشەھەر) ۋە پېيشامشام (چەرچەن-چارقىلىق) رايونلىرىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتقانىدى. دېمەك بۇ رايوندا مىلادىنىڭ باشلىرى-دىن تارتىپلا ئۇيغۇر، ئوغۇز قەبىلىلىرىنى ئاساس قىلغان تۈركىي قەبىلىلەر ياشاپ كەلگەن. كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىدە بۇ يەردە باسمىللار هۆكۈمران بولغان. ئىدىقۇت دېگەن ئاتال-غۇنى دەسلەپ شۇ باسمىللار ئىشلەتكەن. بىزگە مەلۇم، باسمىللار ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى 11 ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ بىرسى ئىدى. ۋاڭ يەندې كەلگەندە بۇ خانلىق تەۋەسىدە ئۇيغۇرلار-دىن باشقا يەنە جەنۇبىي تۈرك، شىمالىي تۈرك، چوڭ-كىچىك جۇڭيۈن، ياغما، قارلۇق قەبىلىلىرى بولغان، بۇلاردىن چوڭ-كىچىك جۇڭيۈنلەر كىچىك ياۋچىلارغا تەۋە قەبىلىلەر بولۇپ، هازىرقى دۈڭخۇاڭ بىلەن خوتەن ئارىلىقىدىكى جايلاردا ياشىغان.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى 13-ئەسىرنىڭ بېشىدا تېخى گورخانلارغا قارام ئىدى، چىڭگىزخان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىدىقۇت بارچۇق ئۆزىنىڭ باش ۋەزىرى تونيۇقۇق ئەۋلادىدىن بولغان بىلگە تۆمۈرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن گورخان ئەۋەتكەن نازارەتچىنى ئۆلتۈرۈپ، چىڭگىزخانغا بەيئەت بەردى،

چىڭگىزخان بارچۇققا ئۆزىنىڭ مەلىكىسى ئالتۇن بىكەنى بەردى. بۇ مەلىكە يېتىپ كەلگۈچە بارچۇق ئۆلۈپ كېتىپ، ئالتۇن بىكە ئۇنىڭ ئوغلىغا تەگدى. شۇنىڭ بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەسلىپىدە بىۋاستە ئۇلۇغ خانغا تەۋە بولدى. كېيىن چاغاتاي ئۇلۇسىغا كىردى. چاغاتاي خانلىقى دەپ ئاتالغان بۇ خانلىق چىڭگىزخاننىڭ 2 ـ ئوغلى چاغاتاي بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

چىڭگىزخان ئۆزى ئىشغال قىلغان كەڭ زېمىننى ئۆز ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرگەندە ئوتتۇرا ئاسىيا 2 ـ ئوغلى چاغاتايغا تەگكەندى. شۇڭا بۇ رايون چاغاتاي ئۇلۇسى دېيىلگەن. چاغاتاي ئۇلۇسى شەرقتە ئۇيغۇر يەرلىرىنى، غەربتە بۇخارا، سەمەرقەندلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، مەركىزى ئىلى ۋادىسىدا ئىدى. قۇبلايخان چوڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، چاغاتاي ئەۋلادىدىن ئالغى بوقا ئۇنىڭغا قارشى چىقتى، كېيىن قايدۇ ۋە دوۋالارنىڭ توپىلاڭلىرى يۈز بېرىپ، چاغاتاي خانلىقى ئۇزۇن ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىنى باشتىن كەچۈردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ رايونلىرىدا مەدەنىيەت بىرمەزگىل چۈشكۈنلەشتى. بۇ جەرياندا چاغاتاي خانلىقى تەۋەلىكىدىكى موڭغۇل قەبىلىلىرى بارا ـ بارا ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىپ، تىلدا تۈركلىشىپ كەتتى. بۇ تۈركلەشكەن موڭغۇللار مەۋارەئۇننەھىردە چاغاتايلار دەپ نام ئالدى ۋە ئۆزبېك خەلقى ئىچىگە سىڭىپ كەتتى. يەتتىسۇ ۋە شىنجاڭدا موغۇل ياكى موغاللار دەپ نام ئېلىپ، دوغلات قەبىلىسىدىن ئىبارەت بولغان موغۇللار

ئۇيغۇرلار ئىچىگە سىڭىپ كەتتى. 14 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، چاغاتاي ئەۋلادىنىڭ مەۋارە ئۇننەھىردىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاياغلاشتى، چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدا — بۇگۈنكى شىنجاڭ ۋە يەتتىسۇدا ئەنە شۇ ئۇيغۇرلاشقان موغۇللاردىن دوغلات تۇغلۇق تۆمۈرخان باشچىلىقىدا موغۇلىستان خانلىقى مەيدانغا كەلدى. بۇ خانلىق خەنزۇ تارىخ مەنبەلىرىدە بەشبالىق ياكى ئىلبالىق خانلىقى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى شەھەرلىرى بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بۇ يەردە داۋاملىق راۋاجلىنىپ ئۆزىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن، مائارىپ ۋە مەتبەئە ئىشلىرى راۋاجلانغانىدى. ۋاڭ يەندې مىلادى 1081 ـ يىلى بۇ يەرگە كەلگەندە نۇرغۇن بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرى بارلىقىنى، بۇ ئىبادەتخانىلاردا كىتابخانىلار ۋە مەكتەپلەر بولۇپ، بالىلار كىچىكىدىن تارتىپلا شۇ مەكتەپلەردە ئوقۇتۇلىدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ رايوندىن كۆپلەپ تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرمۇ بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

ئۇيغۇر ـ ئوغۇز قەبىلە تىللىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ۋە يۇقىرى تەرەققىيات دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بۇ ئەدەبىي تىلدا يېزىلغان يادىكارلىقلار بەك كۆپ، بۇلاردىن پەقەت بىرنەچچىسىنىلا بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

«ئالتۇن يارۇق»، «شۆەنجاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (بۇلارنى

بەشبالىقلىق سىنقۇسىلى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان)؛

«مايتىرى سىمىت» (بۇنى ئىلبالىقلىق پىراتىياراكشىت توخرىدچىدىن تەرجىمە قىلغان)؛

«قەدىمكى ئۇيغۇرچە قانۇن ۋەسىقىلىرى»، «قوچۇ مەھكىمىسى سۆزلۈكى» قاتارلىقلار.

يەتتىسۇ، ئىلى ۋادىسى، قەشقەرىيە، جۇڭغارىيە ۋە تۇرپان ئويمانلىقى توغلۇق تۆمۈر تەرىپىدىن قۇرۇلغان موغۇلستان خانلىقى تەۋەسىدە پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، قارلۇق — ئۇيغۇر قەبىلە تىللىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن خاقانىيە تىلى بىلەن ئۇيغۇر - ئوغۇز قەبىلە تىللىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن پەرقلەر ئاساسەن تۈگىدى، خاقانىيە تىلىغا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلىغا كۆپلەپ كىرگەن ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەر ئىدىقۇت خانلىقى تەۋەسىدە ئىستېمال قىلىنىپ كەلگەن ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كىردى، شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى شەكىللەندى. بۇ ئەدەبىي تىل پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا تا ناۋايى دەۋرىگىچە "ئۇيغۇر تىلى" ياكى "قەشقەر تىلى"، "قەشقەر تۈركچىسى" دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىپ كەلدى.

نۇرغۇن ئالىملار (مەسىلەن، ف. كورش، پ. مىلئورانسكى، ۋ. رادلوۋلار) تەكىتلەپ ئۆتكەندەك، بۇ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەممە مەدەنىيەت

مەركەزلىردە، مەسلەن، ھىراتتا، خارەزمدە، مەۋارەئۇننەھىردە ۋە فەرغانە ۋادىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان. بۇ جايلاردا ناۋايىدىن ئاۋاۋال ئۆتكەن تۆۋەنكى يادىكارلىقلار بۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلىدۇ:

«مۇھەببەتنامە» خارارەزمى (1353)، «تەئەششوقنامە» سىدى ئەخمەت (1435)، «قىسسەئى يۇسۇف» ئەلى (13 ـ ئەسىر)، «خىسرو ۋە شىرىن» قۇتبى (1340)، «گۇلىستان» تەرجىمىسى، سەيفى سارايى (1391).

يۇقىرىقى ئەسەرلەرنىڭ تىلىدا ئوغۇز ـ قىپچاق تىلىنىڭ تەسىرى بىرقەدەر كۆچلۈك ئىدى.

«يۇسۇف ۋە زىلەيخا» دۇربېك، 14 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يېزىلغان.

«گۇل ۋە نەۋرۇز» لۇتفى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى.

ئاتاي ئەسەرلىرى 15 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمى.

سەككاكى ئەسەرلىرى 15 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمى.

«ئوقيانىڭ مۇنازىرىسى» ياقىنى، 15 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمى.

«سازلار مۇنازىرىسى» ئەخمەدى 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى.

«داخنامە» يۇسۇف ئەمىرى (1429).

«مەفزۇنولئەسرار» مىر ھەيدەر 15 ـ ئەسىر باشلىرى.

«لاتافەتنامە» خوجەندى، 14 ـ ئەسىر ئاخىرى 15 ـ ئەسىر باشلىرى.

«سراجولقۇلۇپ» مەنسۇر بەخشى هىراتى (ئۇيغۇر يېزىقىدا).
«مىراجنامە» مەنسۇر بەخشى هىراتى (1436).
«تەزكىرەئى ئەۋلىيا» (مەنسۇر بەخشى).
«بەختىيارنامە» (1435).

ناۋايىدىن ئاۋۋال ئۆتكەن يۇقىرىقى يازغۇچىلارنىڭ تىلى ھەققىدە توختالغاندا ناۋايى «بۇلارنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇستىلىرى ئىدى دەپ ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ يازغۇچىلار چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ غەربىي قىسمىدا ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇ چاغلاردا بۇلار ئەسەر يازغان ئەدەبىي تىل ئۆز ۋاقتىدا ئەخمەت يۈكنەكى قەشقەر تىلى ياكى قەشقەر تۈركچىسى دەپ ئاتىغان ئۇيغۇر تىلى ئىدى.

## 2. كلاسسىك چاغاتاي تىلى دەۋرى

(15 — 16 ـ ئەسىرلەر)

بۇ دەۋر ئوتتۇرا ئاسىيادا تىمۇرىلەر دەۋرى بولۇپ، بۇ دەۋردە فېئودالىزم جەمئىيىتى گۈللىنىپ ئۆزىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈلدۇ.

تۆمۈرلەڭ (1370 — 1405 ـ يىللار) چاغاتاي خان ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇششاق يەرلىك ھاكىمىيەتلەرگە پارچىلىنىپ كەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيانى 1370 ـ يىلى سىياسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈردۇ ۋە ئۆزىنىڭ نۇرغۇن غەلىبىلىك ھەربىي

يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە سەمەرقەندنى ئاجايىپ گۈللەندۈرۈپ ئۆزىگە مەركەز قىلىدۇ. لېكىن تۆمۈرلەڭنىڭ تالانتى ۋە قاتتىق قوللۇق ھۆكۈمرانلىقى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن بىرلەشكەن خانلىق 1405 ـ يىلى تۆمۈرلەڭ جۇڭگوغا قارىتىلغان ھەربىي يۈرۈشى ۋاقتىدا ئىلىدا ئۆلۈشى بىلەن بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا بىتچىت بولىدۇ.

تۆمۈرنىڭ ئوغلى شاھرۇھ (1404 ـــ 1447) ۋاقتىدا تۆمۈرلەڭ تەسىس قىلغان بۇ خانلىق ئەمەلىيەتتە ھىراتنى مەركەز قىلغان شاھرۇھ ۋە سەمەرقەندنى مەركەز قىلغان ئۇلۇغ بېگ (1409 ـ 1449 ـ يىللار) خانلىقى دېگەن ئىككى خانلىققا بۆلۈنىدۇ.

بۇ ئىككى خانلىق ۋاقتىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىلىم ـ پەن ۋە مەدەنىيەت راسا گۈللىنىدۇ.

سەمەرقەند ئۇلۇغ بېگ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە (1409 ـــ 1449 ـ يىللار) ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ زور مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى، ئۇنىڭدا بولۇپمۇ تەبىئىي پەن زور يۈكسىلىش-لەرگە ئېرىشكەنىدى. ئىلگىرى ئۆتكەن موڭغۇل خانلىرى تەبىئىي پەنلەرگە ئەمەلىي ئېھتىياج نۇقتىسىدىن ئېتىبار بەرگەن بولسا، ئۇلارغا قارىغاندا خېلى يۇقىرى مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ ئوغلى بولغان ئۇلۇغ بېگ تەبىئىي پەن خۇلاسىلىرى، ئىلاھىيەت ئىلمى ۋە ئەدەبىياتقا قارىغاندا ئۆز ئەھمىيىتىنى يەنىمۇ ئۇزۇن ساقلايدۇ ۋە ھەممە دىندىكى خەلقلەرگە پايدىلىق بولىدۇ، دەپ تونۇيتتى. ئۇلۇغ ئاسترونوم بولغان ئۇلۇغ بېگ ئۆز ئەتراپىغا

نۇرغۇن ئالىملارنى، شۇ جۈملىدىن قازى زادە رۇمى، غىياسىدىن جەمشىد، ئەلائىددىن ئىبىن مۇھەممەت قۇشچى دېگەنگە ئوخشاش مەشھۇر ئاسترونوملارنى توپلىغانىدى.

ئۇلۇغ بېك ئۆزى بۇخارادا سالدۇرغان مەدرەسە ئۈستىگە «طلب العلم فريضه على كلّ مسلم ۋە مسلـمه» دېگەن ھەدىسنى يازدۇرۇپ قويغان. جەمئىيەتتە ئايالـلارنىڭ ئورنى ئەرەب ۋە ئىران خەلقلىرىگە قارىغاندا تـۈركىي خەلقـلەردە ئەزەلـدىنلا يۇقىرى ئىدى، «دەدە قورقۇت» داستانىـدىكى ئايال باتۇرلار ھەققىدىكى خەلق چۆچەكلىرى بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما 18 ـ ۋە 19 ـ ئەسىرلەردىكى جاھالەت دەۋرىدە ئېغىزغا ئېلىش تەس بولغان بۇ ھەدىسنى ئۇلـۇغ بېكنىڭ مەدرەسە ئۈستىگە يېزىپ قويغانلىقى ئۇنىڭ تەرەققىپەرۋەرلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. 15 ـ ئەسىردىكى سەمەرقەند ماتېماتىكا ـ ئاسترونومىيىگە ئوخشاش تەبىئىي پەنلەردىلا ئـۆز دەۋرىدە يېقىن شەرقتە تەڭداشسىز شەھەر بولۇپ قالماستىن، ئارخىتېكتورا ۋە تەسۋىرىي سەنئەتتىمۇ بەك ئالغا كەتكەنىدى.

ھىراتمۇ شاھرۇھ دەۋرىدە تىمورىلەر دۆلىتىنىڭ زور مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. لېكىن بۇ يەردە تەبىئىي پەنلەرگە ئەمەس، ئەدەبىيات، تەسۋىرىي سەنئەت ۋە خەتتاتلىققا ھەۋەس كۆپلۈك ئىدى شاھرۇھ بۇ جەھەتتە ئانچە چوڭ رول ئوينىمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ خانىشى گۆھەر شادىنىڭ رولى چوڭ بولغان. گۆھەر شادىنىڭ ئوغۇللىرى بولغان ئۇلۇغ بېك ۋە بايسۇنقارلار

www.uyghurkitap.com

ئەنە شۇ خانىشنىڭ تەربىيىسىدە يۇقىرى مەدەنىيەتلىك شەخسلەر بولۇپ يېتىشكەن. ئاتىسى يېنىدا ۋەزىرلىك لاۋازىمىنى ئۆتىگەن بايسۇنقار مىرزا ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە بەك كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ھىراتتا شاھانە كىتابخانا قۇرۇلۇپ، بۇ يەرگە ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەسەرلىرى توپلانغان، بۇ كىتابخانىدا مەشھۇر خەتتاتلار، رەسساملار، زەرگەرلەر (كىتاب-لارغا ئالتۇندىن ھەل بېرىدىغان)، مۇقاۋىچىلار ۋە ئەدەبىياتشۇ-ناسلار توپلانغان. بۇ يەردە بايسۇنقارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن فىردەۋسى شاھنامىسىنىڭ ئەڭ تولۇق تېكىستى تەييارلانغان.

شاھرۇھ دەۋرىدە جۇڭگوغا ئىككى قېتىم ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىلگەن، جۇڭگودىنمۇ بىرقانچە ئەلچىلەر ئۆمىكى كەلگەن. (1417 ـ 1420 ـ يىللار)

شاھرۇھ ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئىچىدە غىياسىددىن نامىلىق ئاتاقلىق رەسساممۇ بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە جۇڭگونىڭ رەسساملىق سەنئىتى ۋە مۇزىكىسى ھەققىدىمۇ نۇرغۇن مەلۇماتلارنى بەرگەن.

ھىندىستانغىمۇ ئەلچىلەر بېرىپ كېلىپ تۇرغان، ھىرات ئۆز دەۋرىدە ئەنە شۇنداق خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنىڭ تۈگۈنى بولغاچقا، ئۇنىڭدا ھەرقايسى ئەللەر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرى توپلانغان.

ئەلشىر ناۋايى دەۋرىدىكى ھىرات ئەنە شۇ شاھرۇھ ۋە بايسۇنقار دەۋرىدىكى ھىرات بىلەن تولۇق بىر دەۋرىدىكى

سەمەرقەندنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ئۆزىگە توپلىغان شەھەر ئىدى.

ئەلشىر ناۋايى (1441 ـ 1501 ـ يىللار) ئەنە شۇنداق شارائىتتا يۇقىرى مەدەنىيەتلىك كىشىلەر مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلدى. مەسىلەن، ھۇسەيىن بايقارا ھىراتتا (1469 ـ يىل) تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرى ئەلشىر ناۋايى ئابوسەيىر ھۆكۈمرانلىقىدىكى سەمەرقەندتە ياشىدى. بۇ چاغدا ئەلشىر خۇاجەفەزلوللا ئەبوللەيىسدە ئوقۇيتتى. بۇ كىشى ئەرەب تىلى ۋە فىققە ئالىمى ئىدى. بۇ چاغدا ئەلشىرگە سۇلتان مەلىك قەشقەرىنىڭ ئوغلى ئەخمەت ھاجىبەگ ئاتىدارچىلىق قىلاتتى. بۇ تۈركىي قەبىلىلەردىن كېلىپ چىققان بەك مەدەنىيەتلىك ئادەم ئىدى، ياخشى نەسىللىك ئاتلارغا ھەۋەسكار ئىدى ۋە ئۇلارنى يېتىشتۈرەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە شېئىرىيەتكىمۇ بەك قىزىقاتتى، ۋافائى تەخەللۇسى بىلەن بىر دىۋانىمۇ تۈزگەن. زەھۇرىدىن بابۇر ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا خېلى ياخشى باھا بېرىدۇ ۋە بۇ ئادەمنى ئەبۇ سەيىدخان يوق چاغلاردا سەمەرقەندنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ھاكىمى ئىدى، دەيدۇ.

ئەلشىر ناۋايىدىن ئىلگىرى تۈركىي تىللاردا يېزىلغان ئەدەبىيات خېلى ئومۇملاشقان بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىياتنى بېسىپ ئۆتۈپ ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن ۋە تىل سەنئىتىدە ھېچكىم يېتەلمەيدىغان ئاتاقلىق ئەربابلىرى بىلەن تونۇلغان پارس ئەدەبىياتىغا سېلىش-

تۇرغاندا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى تېخى خېلى تۆۋەن پەللىدە تۇراتتى. ئەلىشىر ناۋايى ئەنە شۇ مۇساپىنى بوسۇپ ئۆتۈپ، تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىنى پارس ئەدەبىياتىنى قىلىشمايدىغان يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشنى ئۆز ئالدىغا ۋەزىپە قىلىپ قويدى ۋە بۇ ۋەزىپىنى شەرەپ بىلەن ئورۇندىدى. بۇنى ئۇ پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق ئىپادە قىلدى.

تۈرك نەزمىدە چو تارتىپ مەن ئەلەم
ئەيلەدىم ئول مەملەكەتنى بىر قەلەم.

(لىسانۇتتەيىر)

ناۋايى ئاشۇ مەقسەتتە:

«چاھار دىۋان»، «خەمسە» قاتارلىق شېئىرىي ئەسەرلەر، «مەخبۇبۇل قۇلۇپ»، «خەمسەتۇلمۇتەھەييىرىن»، «مەجالىسۇننا فايىس»، «مىزانۇلئەۋزان»، «ۋەقفىيە ۋە ئىخلاسىيە»، «مۇھاكىمەتۇللۇغەتەيىن»، «ھالاتى پەھلىۋان مۇھەممەد» دېگەنگە ئوخشاش ئوتتۇزدىن ئارتۇق شېئىرىي ۋە نەسرىي ئەسەرلەرنى يازدى. بولۇپمۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تۈركىي تىل ۋە ئەدەبىيات ئۈستىدە ئۆزى ئىشلىگەن ئىشلارنى يەكۈنلەپ «مۇھاكىمەتۇللۇغەتەيىن» (ئىككى تىل مۇھاكىمىسى—مۇنازىرىسى) دېگەن ئەسەرنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

ناۋايى ئەسەرلىرىنىڭ تىلىغا كەلسەك، ناۋايىنىڭ ئۆزى بۇ تىلنى «تۈركچە» ياكى «تۈركىي» دەپ ئاتايدۇ ۋە بۇ ئاتالغۇنى

«ئەرەبىي»، «پارسى»غا قارىمۇقارشى قويىدۇ. بەزىدە بولسا، بۇ تىلنى «چاغاتاي تىلى» دەيدۇ.

زەھىرىدىن بابۇر ئەلىشىر ناۋايىنىڭ تىلى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئەندىجان ئېلىنىڭ لەفزى قەلەم بىرلە راستتۇر، ئانى ئۈچۈن كىم مىر ئەلىشىر ناۋايىنىڭ مۇسەننىفاتى باۋۇجۇ، كىم ھېرىدا (ھىراتتا) نەشۇ ۋە نەما تاپىپتۇر بۇ تىل بىلەدۇر.»

باروۋكوۋ بابۇرنىڭ بۇ سۆزلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، ناۋايى پۈتۈن ئۆمرىنى دېگۈدەك ھىراتتا ئۆتكۈزگەن، ئەنجانغا بىر قېتىم يولۇچى بولۇپمۇ بارمىغان. ئۇنىڭ ئەنجانلىق كىشىلەر بىلەن تاسادىپىي ئۇچراشقانلىقى ھەققىدە بەزى ئەسكەرتمىلىرى بار.

شۇڭا ناۋايى ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى بىرقەدەر مۇرەككەپ مەسىلە، بۇ تىل ئالدى بىلەن ئۆزىدىن ئاۋۋال ئۆتكەن ئەدەبىي تىل ئەنئەنىلىرى بىلەن باغلىنىدۇ.

11 ـ ئەسىردىكى قەشقەر ئەدەبىي تىلى يەنى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن بولۇپمۇ چاغاتاي ئۇلۇسى دەۋرىدە مەۋارەئۇننەھىرگىمۇ تارقالدى. بۇ تىلنىڭ نۇرغۇنلىغان فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك ۋە لېكسىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ناۋايىغىچە بولغان نۇرغۇن يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ھىراتتا بۇ تىلنىڭ تەسىرى بەك كۈچلۈك ئىدى، مەسىلەن، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ

www.uyghurkitap.com

هرات نۇسخىسى ناۋايىغا بەك يېقىن دەۋردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن هراتتا كۆچۈرۈلگەن. 1432 ـ يىلى هراتتا تۈزۈلگەن بىر مۇنچە ئەدەبىي توپلاملارمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا تۈزۈلگەن. مەسىلەن، «بەختىيارنامە» (1432)، «مىراجنامە» (1437)، «تەزكىرەئى ئەۋلىيا» (1432)، تۆمۈرلەرنىڭ تارىخچىسى ئىبنى ئەرەبشا مۇنداق دەپ يازىدۇ: "چاغاتاي يېزىقى ئۇيغۇر يېزىقى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ يېزىق موڭغۇللار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان".

17 ـ ئەسىردە ئوبۇلغازى خانمۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "ئۇيغۇرلار ئىچىدە تۈركىنى بىلىدىغان ئادەملەر بەك كۆپ، ئۇيغۇرلار دەفتەردارلىقنى ياخشى بىلىدۇ، دىۋان هېسابلىرىغا ئۇستا كېلىدۇ، چىڭگىز ئەۋلادلىرى دەۋرىدە مەۋارەئۇننەهر، خۇراسان ۋە ئىراقتا هەممە مەسلىھەتچىلەر ۋە كاتىپلار ئۇيغۇرلاردىن ئىدى".

تۆمۈرىلەر دەۋرىدىمۇ هۆكۈمەت ئالاقە ـ خەتلىرى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلاتتى. مەسىلەن، ئۆمەر شەيخنىڭ مەرغىلانلىق مىرسەيتكە 1469 ـ يىلى ئەۋەتكەن يارلىقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان.

ناۋايى دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلى ئەنئەنىسى كۈچلۈك ئىكەنلىكىدە شۈبهە يوق. ناۋايىنىڭ ئەدىب ئەخمەتنىڭ «ئەتەبەتۇلهاقايىق» ئەسىرىدىن تولۇق خەۋەردارلىقى ۋە ئۇنىڭدىن نەقىللەر كەلتۈرۈشىمۇ بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

ناۋايى ئەسەرلىرىدە قامۇغ (ھەممە)، ئارىخ (پاكىزە)، ئاسىغ (پايدا)، ئوغان (خۇدا)، ئۆكۈش (كۆپ)، ئۆكسۈك (يېتەرسىز)، قايۇ(قايسى)، قۇلماق (ئۆتۈنمەك)، بىتىگ (پۈتۈك، خەت)، دېگەنگە ئوخشاش قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەرمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

ناۋايى ئەسەرلىرى تىلىنىڭ ئاساسىي فونېتىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق قۇرۇلۇشمۇ "قەشقەر تىلى" بىلەن ئوخشاش.

ئەمما ناۋايى تىلىدا غەرب يەنى ئوغۇز تىللىرىغا خاس ئامىللارمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن، ئۆيلە (ئۇنداق)، بۆيلە (مۇنداق)، ئېۋ (ئۆي)، ئۇيۇماق (ئۇخلىماق)، ئەسكىرىمەك (ئەسكىرىمەك)، دېگىن (غىچە)، بولۇپمۇ ياردەمچى پېئىللاردىن "بول"، ئورنىغا "ئول" كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇمۇ ئوغۇز تىللىرىغا خاس خۇسۇسىيەت.

مورفولوگىيە جەھەتتە غان، قان...بىلەن بىرلىكتە بۇنىڭ ئوغۇز تىللىرىغا خاس بولغان "مىش" شەكلىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. (ئولمىشام، تاپمىشام، قىلامىش دېگەنگە ئوخشاش). يۆنىلىش كېلىشىمۇ "غا، قا"لار بىلەن بىر قاتاردا "ئا، ئە" شەكلىمۇ ئاز تولا ئىشلىتىلىدۇ (باغرىمە، كۆڭلۈمە) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

بۇ ئوغۇز تىلى تەسىرى ناۋايىدىن ئىلگىرىكى دەۋرىدىكى ئەزەربەيجان ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرىنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇنى ئىسپاتلايدىغان 14 — 15 ـ ئەسىردىكى ئەزەربەيجان ئەدەبىياتىغا ئائىت يازما يادىكارلىقلار تېخى مەلۇم ئەمەس.

بۇ خىل ئوغۇز تىلى ئېلېمېنتلىرى شۇ دەۋردە خارەزم ۋە سىر دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى ئوغۇز تىلى تۇركۈمىگە كىرىدىغان قەبىلىلەر تىلى تەسىرىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ناۋايى ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرى ئارقىلىق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئەنئەنىسى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي تىل — چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزدى. «كلاسسىك چاغاتاي تىلى» دەۋرىنى تەشكىل قىلغان بۇ ئەدەبىي تىل خۇددى باسكاكوۋ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقلىرىنىڭ، شۇ جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرمۇنچە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولۇپ خىزمەت قىلدى.

## 3. كېيىنكى چاغاتاي تىلى دەۋرى

(17 — 19 ـ ئەسىرلەر)

بۇ دەۋر ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىدا مۇنداق ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ.

1) 17 ـ ئەسىردىن تارتىپ ئۇيغۇر تىلى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تەرەققىيات يولىغا چۈشىدۇ، (يەنى ئۇيغۇرچىغا خاس كلاسسىك چاغاتاي تىلى تەرەققىي قىلىدۇ). بۇ دەۋردە ناۋايى ياراتقان كلاسسىك ئەدەبىي تىل ئىزىدىن ماڭغان كلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خىلى كۈچلۈك گۈللەپ ـ ياشنايدۇ. 18 ـ ئەسىرنىڭ

2 ـ يېرىمىغا كەلگۈچە بولغان باي ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ تىلىغا نەزەر سالساق، بۇ دەۋردىكى ئەدەبىي تىل ئاساسەن قەشقەرىيە رايونىدىكى جانلىق تىل بىلەن باغلانغان ھالدا راۋاجلانغانلىقىنى بايقايمىز. چۈنكى موغولىستان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ داۋامى بولغان سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە قەشقەر ياركەندلەر بۇ خانلىقنىڭ پايتەختى ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى بولغان. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنمۇ، بۇ شەھەرلەر مۇھىم سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي مەركەزلەردىن بولۇپ خىزمەت قىلدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا كەلگەندە ئىلى رايونىنىڭ تەسىرى كۈچەيدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىن ۋە تۇرپان، قۇمۇللاردىن كۆپلەپ دېھقانلارنىڭ ئىلىغا كۆچۈپ بوز يەر ئېچىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر يەرلىك شېۋىلىرى بۇ يەردە بىر ـ بىرى بىلەن ئارىلىشىپ ئۇيغۇر جانلىق تىلى تەرەققىياتىدا يېڭى بىر باسقۇچ باشلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلى جاڭجۈن تۇرىدىغان جاي بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سىياسىي مەركىزى ئىدى. بۇ يەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ھايات ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدىمۇ بىرمۇنچە ۋەكىللەرنى مەيدانغا چىقاردى. بۇلارنىڭ تىللىرىدا ئاز ـ تولا يەرلىك پەرقلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ دەۋردە ئۆتكەن نەۋبەتى (18 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا خوتەندە ئۆتكەن)، خىرقىتى (1634 ـــ 1724 ـ ، يىللار قەشقەردە ئۆتكەن)، مۇھەممەت سادىق كاشغەرى (18 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى قەشقەردە

ئۆتكەن)، ئابدىرېھىم نىزارى (1770-يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان)، موللا شاكىر (1809- يىلى ئاقسۇدا تۇغۇلغان)، سېيىد مۇھەممەت قاشى (1821- يىلى ئىلىدا تۇغۇلغان)، بىلال نازىم (1824 — 1899- يىللار غۇلجىدا ئۆتكەن) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شائىر ۋە يازغۇچىلىرىمىزنىڭ تىلىغا ئىنچىكە دىققەت قىلىنسا، بۇلاردا ناۋايىدىن مىراس بولۇپ قالغان كلاسسىك ئەدەبىي تىلدىن تاشقىرى يەنە بەزى ئۇيغۇرچىغا خاس ئامىللارنى پايقىغىلى بولىدۇ.

2) كلاسسىك ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىغا ۋە يەتتىسۇغا كۆچۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككىنچى باسقۇچى 19- ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلىنىدۇ. بۇ دەۋردە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا سادىر پالۋان، نوزۇگۇم، مايىمخان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار ھەققىدىكى قوشاقلار، نەسىرىددىن ئەپەندى، موللا زەيدىن، سەلەي چاققان، ئۆمەرخوجا، مۆمىن موللا لەتىپىلىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىلىنى خەلق تىلى بىلەن يېقىنلاشتۇرۇشقا خېلى زور تۆھپە قوشتى. شۇنىڭ بىلەن 19- ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا موللا شاكىر (زەفەرنامە)، موللا بىلال («غەزەلىيات»، «كىتاب غەزات دەر مولكى چىن»، «جاڭمۇزا يۈسۈپخان»، «نوزۇگۇم»)، موللا موسا سايرامى («تارىخ ئەمنىيە»، «تارىخ ھەمىدىيە»)، سېيىت مۇھەممەت قاشى («شەرھى شىكەستە») ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يازغۇچى- شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بۇ دەۋردىكى ئەدەبىي تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى

ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن.

بۇ دەۋر تىلىنىڭ لېكسىكوگرافىيىلىك يادنامىلىرىدىن بولغان بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت ئۇيغۇر تىلى تارىخىدا بەك مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ لۇغەت 18 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، 18 مىڭ سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر تىلىنى ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا بۇ لۇغەتنىڭ ئىلمىي قىممىتى بەك يۇقىرى.

بۇ دەۋردىكى يازغۇچىلار تىلىدا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىلىك تىل ۋاستىلىرى ۋە ئىستىلى ساقلانغان، ئەرەبچە ـ پارسچە سۆزلەر بىرقەدەر كۆپ، جۈملە تۈزۈلۈشىمۇ كونا چاغاتايچە، بىرمۇنچە لېكسىكىلىق گراممatikىلىق فورمىلار كلاسسىك ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىكىگە ئوخشاش بولۇپ، بۇ تىل تۈزۈلۈش جەھەتتىن قارلۇق، قىپچاق، ئوغۇز تىللىرىنىڭ بىرمۇنچە ئامىللىرىنى ئۆزىدە ساقلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەرلەرنىڭ تىلىدا جانلىق خەلق تىلىغا يېقىنلىشىش تىندىن- سىيىسى خېلى روشەن بايقىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا "چاغاتاي" دەۋرى ئاخىرلىشىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا كۆچۈش دەۋرى يېتىپ كېلىدۇ.

### پايدىلانغان ئەسەرلەر

1. ن. ئا. باسكاكوۋ: «تۈركىي تىللار»، مىللەتلەر نەشرىياتى

نەشرى.
2. ئا. ك. باروۋكوۋ «ئەلشىر ناۋايى» موسكۋا. 1946 ـ يىل نەشرى.
3. ئا. ت. قايداروۋ: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تەرەققىياتى»، ئالمۇتا، 1969 ـ يىل.
4. «جۇڭگو تارىخى قامۇسى»نىڭ شىنجاڭغا ئائىت قىسمى، شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىللىق 1 ـ ۋە 2 ـ سانلىرى.

# يىپەك يولىدىكى قەدىمكى خەلقلەر ۋە تىللار①

## 1. سوغدىلار

سوغدىلار (ياكى سوغدىيانلار) — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئىران خەلقلىرىدىن بىرى. بۇ خەلق مىلادىدىن ئاۋۋالقى 4 — 5 - ئەسىرلەردىن مىلادى 10 - ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا، بولۇپمۇ مىلادىدىن ئاۋۋالقى 2 - ئەسىردە ئېچىلغان مەشھۇر يىپەك يولى سودىسىدا بەك ئاكتىپ ۋاستىچىلىك رولىنى ئوينىغان.

قەدىمكى گرېك يازغۇچىلىرىنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، سوغدىلار مەۋارە ئۇننەھىردە (ئامۇ دەريا بىلەن سىر دەريا ئارىلىقىدا) ياشىغان. ئەرەب ۋە ئىران تارىخچىلىرىنىڭ يېزىشىچە، سوغدىلار زەرەپشان ۋادىسى بىلەن قەشقەر دەريا ۋادىلىرى ئارىلىقىدا ياشىغان، ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە بايان قىلىنىشىچە، سوغدىلارنىڭ توپلىنىپ ئولتۇرغان جايلىرى بۇخارا بىلەن سەمەرقەند ئارىلىقى بولغان. شۇنىڭدەك ئۇ زامانىدا (9 - ئەسىردە) بىر قىسىم

① 1979 - يىل 26 - نويابىر، شىنجاڭ يىپەك يولى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن لېكسىيە.

www.uyghurkitap.com

سوغدىلار بالاساغۇن ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلگەن. لېكىن بۇلار تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئىككى خىل تىلدا (سوغدىچە ۋە تۈركچە تىللاردا) ئوخشاش سۆزلەيدىغان بولغان ۋە تۈركىي خەلقلەر تەرىپىدىن سوغداق دەپ ئاتالغان.

يىغىپ ئېيتقاندا، سوغدىلارنىڭ جەنۇبىي چېگرىسى تۆمۈر قاپقا (بوزغال ئۆتكىلى) بولۇپ، بۇ ئۆتكەلنىڭ جەنۇبىدا تۇخارلار ياشىغان. غەربىدە سوغدىلار، ئامۇ دەريانىڭ تۆۋەندىكى ئېقىمىدا ياشايدىغان خارەزملىكلەرگە يېقىن قوشنا بولۇپ، بۇلارمۇ قەدىمكى ئىران خەلقلىرىدىن ئىدى. سوغدىلارنىڭ شىمالىي چېگرىسى سىر دەريا بولۇپ، بۇ يەردە سوغدىلار قانقىللار بىلەن (بۇلار تۈركىي تىلدا سۆزلەيدىغان كۆچمەن خەلق) قوشنا ئىدى، شەرقتە سوغدىلار پەرغانىغا چېگرىداش بولغان.

سوغدىلارنىڭ ئاساسىي ماكانى يۇقىرىقى جايلاردىن ئىبارەت. بۇنىدىن تاشقىرى، خۇددى «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» ۋە «ھۇدۇدۇلئالەم»دە زىكىر قىلىنغاندەك، بەشبالىق ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا سوغدىلارنىڭ بەش كەنتى بولغان، يەتتىسۇ، تىيانشاننىڭ ھەرقايسى مۇھىم ئۆتكەللىرى، لوپنۇر رايونى، تاڭغۇت يولى (خېشى كارىدورى) ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندىمۇ سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ كەنتلىرى بولغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە لوپنۇر رايونىدىكى سوغدى كەنتى بەك مەشھۇر بولغان. مىلادى 7 — 8 - ئەسىرلەر مۇنداق سوغدى كەنتلىرى

ھەرقايسى جايلاردا ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگە بولۇپ، مەلۇم دەرىجىدە ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن پايدىلانغان.

قەدىمكى پارس ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاھى دارا (مىلادىدىن ئاۋۋالقى 496 ـ 522 ـ يىللار) ئۆزىنىڭ بىر خاتىرە تېشىدا ئۆزىگە تەۋە خەلقلەرنى تىلغا ئالغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىلار بىلەن خارەزملىكلەرنىمۇ ساناپ ئۆتىدۇ، دارانىڭ پېرسېپولدىكى قەبرىسىگە سىزىلغان ئويما رەسىملەردىمۇ خارەزملىكلەر بىلەن سوغدىلارنىڭ رەسىملىرى بار. كىسىركىسنىڭ گرېتسىيىگە يۈرۈش قىلغان قوشۇنلىرى ئىچىدىمۇ خارەم ۋە سوغدى ئەترەتلىرى بولغان.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەين شەرققە يۈرۈش قىلغاندا (مىلادىدىن ئاۋۋالقى 327 ـ 330 ـ يىللار)، سوغدىلار دارادىن يۈز ئۆرۈپ، ئىسكەندەر تەرىپىگە ئۆتكەن ۋە مىلادىدىن ئاۋۋالقى 4 ـ ئەسىرـ دىن مىلادىدىن ئاۋۋالقى 2 ـ ئەسىرگىچە گرېكلەرنىڭ (ئاۋۋال ئىسكەندەرنىڭ، كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قورغان گرېك ـ باكترىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ) ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان.

مىلادىدىن ئاۋۋالقى 2 ـ ئەسىردە، ھونلارنىڭ تەسىر كۈچى ئوتتۇرا ئاسىياغا يېتىپ كېلىشى بىلەن، سوغدىلارنىڭ بىر قىسمى سىياسىي جەھەتتىن ھونلارغا تەۋە قانقىللار قارىمىقىغا ئۆتكەن، يەنە بىر قىسمى بولسا، گرېك ـ باكترىيە ئىمپېرىيىسىنى ئاغدۇرۇپ كوشان خانلىقىنى قۇرغان ياۋچىلار تەۋەلىكىدە بولدى. بۇ چاغدا ھازىرقى تۈركمەنىستان تېررىتورىيىسىدە

قۇرۇلغان ئارشاكىدلار سۇلالىسى (بۇ سۇلالە خەنزۇ تارىخنامە-لىرىدا "ئەنشى — 安息 سۇلالىسى" دېيىلىدۇ، خەنزۇچە "ئەنشى" دېگەن سۆز بۇ سۇلالىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمى "ئەنساك" دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولسا كېرەك). سوغدىلارنىڭ غەربىي قوشنىلىرى بولۇپ، ئارشاكىدلارنىڭ پادىشاھى مىترىدات II (مىلادىدىن ئاۋۋالقى 87 ـ 124 ـ يىللار) غەربتە رىم ئىمپېرىيىسى، شەرقتە جۇڭگونىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلغان بىرىنچى پادىشاھ ئىدى. سوغدىلار بۇلارنىڭ يېقىن قوشنىلىرى ئىدى ۋە جۇڭگوغا بارىدىغان مۇھىم ئۆتكەلدە تۇراتتى. شۇڭا سوغدىلار يىپەك يولى دەسلەپتە ئېچىلغان دەۋردىن تارتىپلا بۇ يول بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن.

مىلادىدىن كېيىنكى 5 ـ ئەسىردە جورجانلارنىڭ بېسىمى بىلەن ياۋچىلارنىڭ يەنە بىر قىسمى بولغان ئېفتالىتلار ياكى ئابداللار (بۇلار ئاق ھونلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئەرەبلەر بۇلارنى خاتتاللار دەيدۇ، خەنزۇ تارىخلىرىدا بۇلار يەندالار دېگەن نام بىلەن مەشھۇر) كوشان خانلىقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، سوغدىلار شۇلارغا تەۋە بولۇپ ياشىدى. مىلادى 563 ـ 567 ـ يىللىرى ئېفتالىتلار خانلىقى كۆك تۈرك دۆلىتى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. شۇندىن ئېتىبارەن ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆچمەن ئىران قەبىلىلىرى قالمىدى، ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان سوغدىلار بولسا، كۆك تۈركلەر تەۋەلىكىگە ئۆتتى، ئۇ چاغدا كۆك تۈرك خان-

لىقىنىڭ زېمىنى موڭغۇل چۆللىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىن تاكى ۋىزانتىيىگىچە سوزۇلاتتى، بۇ هال سوغدىلارنىڭ سودا پائالىيە-تىگە كەڭ يول ئېچىپ بەردى. كۆك تۈرك خانلىقى تاڭ سۇلالى-سىغا قوشۇلغاندىن كېيىن، سوغدىلار تاڭ سۇلالىسى تەۋەلىكىگە ئۆتتى. شۇنىدىن ئېتىبارەن، ئوتتۇرىدا قىسقا بىرمەزگىل ئەرەب ۋە پارس ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سوغدىلار ئاساسەن جۇڭگو مىللەتلىرى قۇرغان خانلىقلار (قاراخانىلار، گورخانىلار ۋە موڭغۇل ئىمپېرىيىسى) تەۋەلىكىدە بولۇپ كەلدى، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، سوغدى-لارمۇ مەملىكىتىمىزدىكى قەدىمكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

ئەرەبلەر 8- ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگەللىگەندىن كېيىن (مىلادى 712- يىلى سەمەرقەند ئەرەبلەر قولىغا ئۆتكەن)، سوغدىلارنىڭ بىر قىسمى ئەرەب خەلىپىلىكى تەۋەلىكىگە ئۆتتى، ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىغان يەنە بىر قىسمى شەرققە — چۇدەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى.

يۇقىرىقى تارىخىي پاكىتلاردىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، سوغدىلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ھېچقاچان مۇستەقىل خانلىق قۇرمىغان، سوغدىلار سىياسىي جەھەتتىن چوڭ رول ئوينىمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي جەھەتتىن ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان.

سوغدىلار قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا دېھقانچىلىق

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن مەدەنىي خەلقلەر- نىڭ بىرى. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بوستانلىقلارنى گۈللەن- دۈرۈشكە كۆپ ھەسسە قوشقان. شۇڭا ئۇلارنى مەۋەرەئۇننەھر- دىكى قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ ۋەكىلى دېيىش مۇمكىن. سوغدىلار نۇرغۇن كىچىك بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ ياشىغان. ھەربىر بەگلىكنىڭ باشلىقى «دېھقان» دەپ ئاتالغان، قەدىمكى پارس- لاردا "دېھقان" دېگەن سۆز يەر تېرىغۇچى دېگەن مەندە ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، (خۇددى ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاش) سوغدىلاردا "دېھقان" دېگەن سۆز "چوڭ يەر ئىگىسى" دېگەن مەندە ئىشلىتىلگەن، سوغدىلاردا ھەربىر دېھقاننىڭ ئۆز ئالدىغا بىر قورغانى (كىچىك شەھىرى) بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ مەمۇرىي خادىملىرى ۋە قوراللىق كۈچى بىلەن قورغاندا ياشىغان. قورغان ئەتراپىدا بولسا، ئۇنىڭ يېرىنى تېرىيدىغان دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر ياشىغان، دېھقانچىلىق ئېرىق- ئۆستەڭلەر چىپىپ سۇنئىي سۇغىرىش بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. شۇڭا، كىچىك بەگلىكلەرنىڭ شەھەرلىرى مۇھىم سۇغىرىش تۈگۈنلىرىگە جايلاشقان، بۇ بەگلىكلەرنىڭ قوراللىق ئەترەتلىرى قەدىمكى دەۋرنىڭ سىياسىي ھاياتىدا خۇددى ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى رىتسارلىرىغا ئوخشاش رول ئويناپ سىياسىي مۇقىملىقنى ئاشۇرغان، مۇنتىزىم قوشۇنلارنىڭ دۆلەت مۇداپىئە ھەرىكەتلىرىگە ياردەم بەرگەن. سوغدىلار ئاساسەن، بۇغداي، ئارپا، تېرىق، بېدە تېرىغان، قىزىلگۈل، كەندىر،

پۇرچاق، سامساق ئۆستۇرگەن. ئانار، ئۈزۈم، ياڭاق يېتىش-تۈرگەن. جۇڭگو مەنبەلىرىدە بۇ رايوندا گۈرۈچ تېرىلغانلىقى يېزىلمىغان، لېكىن گرېك مەنبەلىرىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، زەرەپشان ۋادىسىنىڭ شىمالىي ئېقىمىدا گۈرۈچمۇ تېرىلغان، شۇەنجۇاڭ بۇ يەردىن ئۆتكەندىمۇ بۇ يەردە گۈرۈچ بارلىقىنى كۆرگەن. باغۋەنچىلىك، بولۇپمۇ ئۈزۈمچىلىك بەك تەرەققىي قىلغان. ئۈزۈم ھازىرمۇ بۇ رايوننىڭ ئاساسىي مەھسۇلاتلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلمەكتە. تارىخىي مەنبەلەر سوغدى ھۆكۈمدار-لىرىنىڭ ھەشەمەتلىك ئالتۇن تەختلەردە ئولتۇرىدىغانلىقى، خەلق ئىچىدە ناھايىتى ياخشى ئىشلەنگەن ئالتۇن بۇتلار سېتىلىدىغانلىقى، سوغدىلاردا مەدەنىيەتچىلىك ۋە قول سانائەتنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ، ئەرەب ئىستىلاسى دەۋرىدە سەمەرقەنتتە قوغۇشۇن تۇرۇبىلار ئارقىلىق شەھەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان زەردۇشت دىنىدىكى سوغ-دىلارنىڭ باج ۋە سېلىقتىن ئازاد قىلىنغانلىقى، سوغدى شەھەرلىرىدە بولۇپمۇ سەمەرقەنتتە بىر خىل ۋودوپروۋوت بولغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ.

تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، سوغدىلار بولۇپمۇ سودىگەر-چىلىككە ماھىر بولغان. ئۇلار بالىلارغا بەش ياشىدىن تارتىپلا خەت ۋە ھېساب ئۆگەتكەن، خەت ساۋاتى چىققىش بىلەنلا ئۇلار بالىلىرىنى سودىگەرچىلىككە كىرىشتۈرۈپ پايدا ئېلىشقا ئۆگەت-كەن، سوغدىلارنىڭ نەزىرىدە پايدا ئەڭ قەدىرلىك نەرسە

ھېسابلانغان. شۇڭا ئۇلار يېڭى تۇغۇلغان بالىسىنىڭ قولىغا "پايدا ساڭا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولسۇن،" دەپ يارماقتىن تۇمار باغلاپ قويىدىغان بولغان.

قەدىمكى فىنىكىلىقلار ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى سودا ئىشلىرىدا قانداق رول ئوينىغان بولسا، سوغدىلارمۇ قەدىمكى يىپەك يولىدا شۇنداق ئاكتىپ رول ئوينىغان. شۇڭا تارىخچىلار ئۇلارنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ فىنىكىلىقلىرى دەپ مەدھىيىلەيدۇ.

دىنىي جەھەتتىن، سوغدىلار ئاساسەن، زەردۇشت دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، بەزى ئالىملارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ دىن دەسلەپتە قەدىمكى خارەزمدە پەيدا بولغان، كېيىن پۈتۈن ئىران خەلقلىرىنىڭ مىللىي دىنىغا ئايلانغان، سوغدىلار قەدىمكى گرېك ـ باكتىرىيە ئىمپېرىيىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۇشان خانلىقى تەۋەلىكىدە ياشىغان دەۋرلەردە ئۇلارنىڭ ئىچىگە بۇددا دىنىمۇ تارقىلىپ كىرگەن، لېكىن كېيىن بۇددا دىنى زەردۇشت دىنى تەرىپىدىن تۈمۈر قاپقا ئارقىسىغا سىقىپ چىقىرىلغان، شۈەنجۇاڭنىڭ مىلادى 630 ـ يىلى سەمەرقەنتتە كۆرگەن ئەھۋاللىرى بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ، شۈەنجۇاڭ بارغاندا سەمەرقەنت ئەتراپىدا پەقەت ئىككىلا بۇددا ئىبادەتخانىسى بولۇپ، پۈتۈنلەي بوش تۇرغان، بۇنىڭدىن باشقا، مانى ۋە نىستورىيان دىنلىرىمۇ سوغدىلار ئىچىگە تارقىلىپ كىرگەن. لېكىن بۇ دىنلارمۇ سوغدىلار توپلىنىپ ئولتۇرغان رايونلاردا زەردۇشت دىنىنىڭ ئورنىنى باسالمىغان، زەردۇشت دىنى

تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلغان بولۇپ، مانى، نىستورىيان راھىب-لىرى سەمەرقەنتتىن تارتىپ تاكى چاڭئەنگىچە سوزۇلغان يىپەك يولى بويلىرىغا تارقالغان سوغدى كەنتلىرىدە ماكان تۇتۇپ، شۇ جايلاردىكى يەرلىك خەلقلەر ۋە كۆچمەنلەر ئىچىگە بولۇپ، مانى، نىستورىيان دىنلىرىنى تارقاتقان. كۇچا، تۇرپان، دۇنخۇاڭلاردىن تېپىلغان سوغدىچە بولۇپ، مانى، نىستورىيان ھۆججەتلىرى بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ، بەشبالىقتىن يەتتە كۆنلۈك يولدا جايلاشقان بىر موڭغۇل كەنتىدىن تېپىلغان سوغدىچە مەڭگۈ تاش ۋە ئورخۇن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىن تېپىلغان بىر ئۇيغۇر خانىنىڭ مانى دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئابىدە تاشتىنمۇ سوغدىلارنىڭ يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنلىرى ۋە يىراق چارۋىچىلىق رايونلىرىدا دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن.

سوغدى تىلى — قەدىمكى ئىران تىللىرىدىن بىرى. بۇرۇنقى ھىندى لۇغەتلىرى پارس تىلىنىڭ لېكسىكولوگىيىسىگە توختال-غاندا، سوغدى تىلىنى ھازىرقى ئافغانىستاندىكى ئۈچ تىل-ھىرات تىلى، زاۋۇل تىلى ۋە ساك ياكى ساجىستان تىلى قاتارىدا ئۆلگەن ئىران تىللىرىدىن بىرى ھېسابلايدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ 9-ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئالىملىرىدىن بىرىنى ئۆزىنىڭ «ئەسەر-ۇلباقىيە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە سوغدى-لارنىڭ كالېندارىنى تونۇشتۇرغاندا، بۇ كالېنداردا كۆرسىتىلگەن

بايراملار بۇخارا يېزىلىرىدىكى خەلق ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن، 10 ـ ئەسىردە، ئۆتكەن ئەرەب جۇغراپىيىچىسى بەلخى ـ ئىستەخرىمۇ بۇخارا تىلىنى سوغدى تىلى دېگەن، 630 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتكەن جۇڭگو ساياھەتچىسى شۈەنجۇاڭمۇ سوغدىلارنىڭ (ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا سولىلەرنىڭ) يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يېزىلىدىغان مىللىي يېزىقى بارلىقى، قەشقەر يەتتىسۇ ۋە سەمەرقەنتتە سوغدى تىلى ئىستېمال قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتى.

20 ـ ئەسىردە دۇنخۇاڭ يېنىدا ئۇلۇغ سېپىل خارابىسىدىن 1 ـ ئەسىرگە ئائىت بىر خەنزۇچە ھۆججەت بىلەن بىللە تېپىلغان سوغدىچە خەت، لوپنۇر رايونىدىكى ئەندىرەدىن تېپىلغان بۇددا دىنىغا ئائىت بىر ھۆججەت ۋە تۇرپان بىلەن دۇنخۇاڭدىن بۇددا، مانى نىستورىيان دىنىغا ئائىت ھۆججەتلەر، خەتلەر ۋە كالېندارلار تېپىلغاندىن كېيىن سوغدى تىلى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ياۋروپا ئالىملىرى سوغدى تىلى ھەققىدە تەتقىقات يۈرگۈزۈشكە كىرىشتى، غەربىي ياۋروپا ئالىملىرىدىن گىرتىئو، ئاندرىياس، خىنىڭلار، ۋە سوۋېت ئالىملىرىدىن لىۋشىتس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ تەتقىقاتى نەتىجىسىدە سوغدى تىلى ھەققىدە بىرقەدەر ئەتراپلىق چۈشەنچە پەيدا بولدى.

سوغدى تىلى قەدىمكى سەمەرقەنت دىئالېكتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىر ئەدەبىي تىل. دۇنخۇاڭ يېنىدىن تېپىلغان

سوغدىچە خەت (بۇ خەت گەرچە 1 ـ ئەسىرگە ئائىت بىر خەنزۇچە ھۆججەت بىلەن بىللە تېپىلغانلىقى ئۈچۈن 1 ـ ئەسىرگە ئائىت خەت دەپ قارالغان بولسىمۇ، خىتىنىڭ ئۇنىڭ 4 ـ ئەسىرگە ئائىت ھۆججەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى) بىلەن ئەندىرەدىن تېپىلغان بۇددا دىنىغا ئائىت ھۆججەت ۋە تاجىكىستاننىڭ موغ تاغلىرىدىكى بىر ئۇردا خارابىسىدىن تېپىلغان سوغدىچە ھۆججەت (بۇ سوغدىلارنىڭ ئەسلى يۇرتىدىن تېپىلغان بىردىنبىر ھۆججەت)لەردىكى تىل 4 ـ ئەسىرگە ئائىت كونا سوغدى تىلى دەپ ئاتىلىدۇ. دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان مانى ۋە نىستورىيان دىنىي ھۆججەتلىرىدە ئىشلىتىلگەن تىل 7 ــ 8 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت يېڭى سوغدى تىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

فونېتىك جەھەتتىن سوغدى تىلى "s" تىلى ۋە "L" تىلى دېگەن ئىككى دىئالېكتقا بۆلۈنىدۇ، "s" تىلى بۇرۇنقى، "L" تىلى كېيىنكى تىل ھېسابلىنىدۇ. سوغدى تىلىدىن زەرەپشان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا ھازىرغىچە ساقلانغان ياغناپ دىئالېكتى بۇ دىئالېكتلارنىڭ ھېچبىرسىگە ئوخشىمايدۇ. "s" تىلى سوغدىلارنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي رايونلىرىدا تارقالغان، "L" تىلى بولسا جەنۇبىي ۋە شەرقىي رايونلىرىدا تارقالغان. "s" تىلى بويىچە سوغدىلارنىڭ ئىسمى suoqd ياكى suoqdak دېيىلسە، "L" دىئالېكتىدا بۇ سۆز suli ياكى sulik دېيىلگەن. قەشقەر ئەتراپىدا ياشايدىغان سوغدىلارنىڭ تىلى "L" دىئا-

لىكتىغا مەنسۇپ بولسا كېرەك. قەشقەرنىڭ قەدىمكى ئىسمى "سۇلى" دېگەن سۆز "سۇلىق" دېگەن سۆزدىن كەلگەن، بۇ هازىر كۆپچىلىك ئالىملار ئېتىراپ قىلغان پاكىت. شۇڭا، شۇمەنجۇاڭ ئۇلارنى سۇلى دەپ ئاتىغان، مەھمۇت قەشقەرى قەشقەرنىڭ تىلىغا توختالغاندا، شەھەر خەلقى ساپ تۈركىي تىلدا سۆزلەيدۇ، شەھەر ئەتراپىدا ئىككى تىلدا سۆزلەيدىغان كەنچەك مەھەللىلىرى بار دەيدۇ، بۇنىڭدىن كۆرۈنىدۇكى، 9-ئەسىردە قەشقەر ئەتراپىدىكى سوغدىلار (ئەگەر كەنچەكلەرنى شۇلارنىڭ ئەۋلادى دەپ قاراش مۇمكىن بولسا) تۈركىلىشىشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا تۇرغان بولىدۇ. (خۇددى بالاساغۇندا بولغاندىكىدەك). مۇشۇ پاكىتلاردىن شۇەنجۇاڭ سۇلى دەپ ئاتىغان قەشقەردىن تاكى تۇمۇر قاپقىغىچە بولغان كەڭ رايون سوغدىلار تارقالغان رايون بولۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭدىكى بىرلا پەرق، سەمەرقەنت بىلەن بۇخارا ئەتراپى سوغدىلارنىڭ ئاساسىي يۇرتى بولسا، قەشقەر ۋە بالاساغۇن ئەتراپىدىكى سوغدىلار تىجارەت ئۈچۈن كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان سوغدىلار بولىدۇ.

سوغدىلارنىڭ ئۆز يېزىقلىرى بولغان، ئۇلارنىڭ بۇ يېزىقلىرى سامى خەلقىنىڭ يېزىقىدىن كەلگەن. ئارامى يېزىقى دەپ ئاتالغان بۇ يېزىقنى ئالدى بىلەن پارسلار قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەن، ئىراندىن تېپىلغان ئارشاكىدلار سۇلالىسىنىڭ كۈمۈش ئاقچىلىرىدا ۋە نىيەدىن تېپىلغان مىلادى 1-ئەسىرگە ئائىت پۈتۈكلەردە پارسلار ئىشلەتكەن بۇ يېزىق ئۇچرايدۇ، سوغدىلارغا

بۇ يېزىق پارسلاردىن ئۆتكەن، كونا سوغدى تىلىدىكى
ھۆججەتلەردە ئەنە شۇ ئارامى يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن
يېزىق ئىشلىتىلگەن. يېڭى سوغدى تىلىدىكى ھۆججەتلەردە
بولسا يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يېزىلىدىغان ۋە كېيىن قەدىمكى
ئۇيغۇر يېزىقىغا ئاساس بولغان سوغدى يېزىقى ئىشلىتىلگەن،
4 ـ ئەسىردىن تارتىپ تۈركىي خەلقلەر ئىشلەتكەن ئورخۇن
ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقلىرىمۇ گىرىتىئونىڭ پىكرىچە، ئەنە
شۇ سوغدىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن تۈركىي خەلقلەرگە
ئۆتكەن، 8 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئىسلام ئالىمى فەخرىدىن
مۇبارەكشاھ مەرۋارىدىمۇ بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ
ئۆتكەن. (مەھمۇت قەشقەرى بۇ نۇقتىغا دىققەت قىلمىغان
بولسا كېرەك) 3 ـ ئەسىردىن 7 ـ ئەسىرگىچە پەھلىۋىي تىلى دەپ
ئاتالغان پارس تىلى ساسانىلارنىڭ ئەدەبىي تىلى
بولغاندەك، 7 ـ 8 ـ ئەسىرلەردە سوغدى تىلى ۋىزانتىي-
يىدىن تارتىپ تا چاڭئەنگىچە بولغان كەڭ رايوندا
يىپەك يولى بويىلاپ ئولتۇراقلاشقان سوغدىلارنىڭ
ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولغان ۋە شۇ يىپەك يولىدا ياشىغۇچى
باشقا خەلقلەرنىڭ زىيالىيلىرىمۇ بۇ تىلنى ئوبدان بىلگەن ۋە
مەدەنىي ئالاقىدە ئۇنىڭدىن پايدىلانغان. تۇرپاندىن تېپىلغان
بىر سوغدى كالېندارىدا يىل، ئاي، كۈنلەرنىڭ سوغدىچە
ئىسىملىرى ئاستىدا خەنزۇچە يىل، ئاي، كۈن ئىسىملىرى ۋە
مۆچەل ناملىرى يېزىلغانلىقى، شۇ دەۋردە خەنزۇلار ۋە خەنزۇچە

بىلگەن باشقا مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ بۇ تىلدىن خەۋەردارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەرەب ئىستىلاسىدىن كېيىن سامانىلار (874 ـــ 999 ـ يىللار) دەۋرىدە ئىراندا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا پارس ئەدەبىي تىلى گۈللەنگەندىن كېيىن، بۇ تىل ئاۋۋال شەھەرلەردىكى زىيالىيلار ئارىسىدا ئومۇملىشىپ بارا ـ بارا قەدىمكى سوغدى تىلىنىڭ ئورنىنى ئىگەللىدى، پارسلار كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغان رايونـ لاردا ياشايدىغان سوغدىلار پارسلىشىپ هازىرقى تاجىك خەلقى ئىچىگە سىڭىپ كەتتى، تۈركىي خەلقلەر كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغان رايونلاردا ياشايدىغان سوغدىلار بولسا، تۈركلىشىپ هازىرقى ئۇيغۇرلار ۋە ئۆزبېكلەر ئىچىگە سىڭىپ كەتتى، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلغاندا، پۈتكۈل "يىپەك يولى"دىكى مۇهىم سوغدى كەنتلىرى (شەهەرلىرى) مەسىلەن، سەمەرقەنت قاتتىق ۋەيران بولدى، بۇ هال سوغدىـ لارنىڭ يوقىلىشىنى تېزلەتتى. قەدىمكى سوغدىلاردىن پەقەت زەرەپشان دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ياغناپ دەرياسى بويىدىلا بىر قىسىم خەلق ئۆز تىلىنى ساقلاپ قالدى.

## 2. توخارلار

مىلادىدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرى گرېك ـ باكترىيە ئىمپېرىـ يىسىنى ئىشغال قىلغان خەلق توخارلار دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلار



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ياشىغان رايون ئەرەب، پارس تارىخلىرىدا توخارىستان دەپ ئاتىلىدۇ.

گرېك تارىخچىلىرى گرېكلەر بويسۇندۇرغان خەلقلەرنى تىلغا ئالغاندا، توخارلارنىمۇ ساناپ ئۆتىدۇ، كۆپچىلىك غەرب تارىخچىلىرى 2 ـ ئەسىردە گرېك ـ باكترىيە دۆلىتىنى ئىشغال قىلغان خەلقنى ياۋچىلار ئىدى دېگەن كۆز قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئەگەر شۇنداق بولغان تەقدىردە توخارلارنىڭ ئەسلى يۇرتى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى بولۇندىر دەرياسىنىڭ بويلىرى بولۇپ، ئۇلارنى بۇ يەرلەردىن هونلار قوغلىۋەتكەن، بۇ كۆچۈش داۋامىدا ياۋچىلار ئالدى بىلەن يەتتىسۇغا، كېيىن ئامۇ دەريا بويلىرىغا بېرىپ، ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى بەلخ بىلەن بەدەخشان ئارىلىقىدىكى جايلارغا (ئامۇ دەريانىڭ شىمالىي ئېقىمىدىكى رايونلارغا) جايلاشقان، بۇلار ئۇلۇغ ياۋچىلار بولۇپ، كىچىك ياۋچىلار لوپنۇر بىلەن خوتەن ئارىلىقىغا جايلاشقان.

"توخار" دېگەن سۆز، بۇ خەلقنىڭ ئېتنىك نامى بولۇپ، بۇلار قۇرغان دۆلەت "كوشان دۆلىتى" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا كوشان دېگەن نام ئۇلارنىڭ سىياسىي نامى بولسا كېرەك.

مىلادى 5 ـ ئەسىردە كوشان دۆلىتىنى ئېفتالىتلار بېسىۋالدى، بۇلار ئابداللار بولۇپ، ئەرەب تارىخچىلىرى بۇلارنى خاتىتال دەيدۇ، خەنزۇ تارىخىدا بۇلار يەندا (嚈哒) دېگەن نام بىلەن

مەلۇم. مىلادى 563 ـ 567 ـ يىللىرى كوشان دۆلىتىنى كۆك تۈركلەر ئىشغال قىلدى.

توخارلارنىڭ تىلى شەرقىي ئىران تىللىرىنىڭ ساك گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ ۋە ئۆلگەن تىل ھېسابلىنىدۇ.

ئىلگىرى توخار تىلىدىكى ھۆججەتلەر كۇچا ۋە قارا شەھەرلەردىمۇ تېپىلغانىدى (كۇچادىكى بۇددا گەمىلىرىدىن بىر كىتابخانا تېپىلىپ بۇنى نېمىسلار ئېلىپ كەتكەن)، ئىلىم دۇنياسىدا قەدىمكى كۇچا تىلى I توخار تىلى؛ قەدىمكى قارا شەھەر تىلى II توخار تىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

كېيىنكى چاغلاردا (1962 ـــ 1963 يىللىرى) تېرمىزدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ۋاقتىدا توخارلارنىڭ ئەسلى يۇرتى بولغان توخارىستاندىن كوشان دۆلىتى دەۋرىگە ئائىت ئاقچىلار ۋە خىيونت ئىلاھىيەسى دەپ ئاتالغان بۇددا دىنى ئىلاھىيەسى (دىنىي مەدھىيە) تېپىلدى. بۇ ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلغان ئالىم بۇ ھۆججەتلەرنىڭ تىلىنى "ھەقىقىي توخار تىلى" دەپ ئاتىدى ۋە كۇچا بىلەن قارا شەھەردىن تېپىلغان ھۆججەتلەرنىڭ تىلىنى "ئاتالمىش توخار تىلى" دەپ ئاتىدى.

شۈەنجۇاڭنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، توخارىستاندا براخما يېزىقى ئاساسىدا ئىشلەنگەن 25 ھەرپلىك سولدىن ئوڭغا يېزىلىدىغان بىر خىل يېزىق ئىشلىتىلىپ، بۇ يېزىقتا بۇددا دىنىي كىتابلىرى ۋە تارىخىي ئەسەرلەر يېزىلغان.

ئىسلام يازغۇچىلىرىدىن 12 ـ ئەسىردە ئۆتكەن سەمئانى

ۋاشگىر شەھىرىدە (بۇخارادىكى پەيزىۋاتتا، بۇ يەر خاتتاللارنىڭ پايتەختى بولغان) ئىسلامدىن ئاۋۋالقى بىر خىل يېزىق بارلىقىنى ۋە بۇ يېزىقتا يېزىلغان كىتابلارنى كۆرگەنلىكىنى يازىدۇ.

شۈەنجۇاڭ لوپنۇر ئەتراپىدىمۇ توخارلار ياشىغانلىقىنى يازغان، لېكىن شۈەنجۇاڭ بۇ جايلاردىن ئۆتكەندە، بۇ يەرلەر پۈتۈنلەي قۇم ئاستىدا قېلىپ خارابىزارلىققا ئايلانغان، شۇڭا شۈەنجۇاڭ ئۇلارنىڭ تىل يېزىقى ھەققىدە ھېچنېمە دېمىگەن. كۇچادا بولسا، توخار تىلىدا بۇددا كىتابلىرى بارلىقىنى، بۇ يەردە ھىندى (براخمى) يېزىقىغا ئوخشايدىغان بىر يېزىق ئىشلىتىلگەنلىكىنى يازغان. لېكىن بۇ يېزىق ۋە تىلنىڭ توخارىستاندىكى يېزىق ۋە تىل بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بارلىقى ھەققىدە ھېچنېمە دېمىگەن.

بۇددا دىنىغا ئائىت قەدىمكى تۈرك يېزىقى بىلەن يېزىلغان ھۆججەتلەردىمۇ توخار تىلى تىلغا ئېلىنىدۇ، لېكىن بۇنىڭدا ئاساسەن كۇچا تىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، توخار تىلى دەپ ئاساسەن توخارىستاندىكى تۇخارلارنىڭ تىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، توخارىستان كوشان دۆلىتى دەۋرىدە بۇددىزم تازا گۈللەنگەن رايون بولغاچقا، بەزى ئالىملار قەدىمكى خوتەن بىلەن توخارىستان ئوتتۇرىسىدا قويۇق بېرىش-كېلىش بولغان، چوڭ ياۋچىلار توخارىستاندا بۇددىزمنى قوبۇل قىلىپ بۇددا مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تۇغقان قەبىلىرى بولغان

كىچىك ياۋچىلار جايلاشقان خوتەن ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى جايلار بىلەن قويۇق بېرىش-كېلىش قىلىپ تۇرغان دېيدۇ، لېكىن، خوتەندىن تېپىلغان بۇددا ھۆججەتلىرىنىڭ تىلى بىلەن توخارىستان تىلىدىكى ئوخشاشلىق كىشىنى بولارنىڭ يېقىنلىقىدىن گۇمانلاندۇرىدۇ، شۇڭا بەزى ئالىملار خوتەننىڭ شەرقىدىكى رايوننىڭ تىلىنى (قارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان تىلنى) گراماتىك تۈزۈلۈشى جەھەتتىن ئىران تىلىغا يېقىن كەلسىمۇ، لېكسىكىلىق جەھەتتىن ھىندى تىلىنىڭ غەربىي شىمال لەھجىسىگە ئوخشايدۇ دەيدۇ، بەزىلەر ھەتتا بۇ تىلنى تىبەت-بىرما تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ بىر تىل بولسا كېرەك دەيدۇ.

ھەر ھالدا توخارىستاندىكى "ھەقىقىي توخار تىلى"نىڭ شەرقىي ئىران تىللىرىنىڭ ساك گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغانلىقى ئېنىقلانغان بولسىمۇ، قەدىمكى خوتەن تىلى ۋە قەدىمكى كۇچا تىلىنىڭ زادى قانداق تىل ئىكەنلىكى تېخى ئېنىقلانمىدى، جۇڭگو مەنبەلىرىدىن بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، قەدىمكى كۇچادا روھانىلار تىلى بىلەن ئاۋام خەلق تىلى بىر-بىرىگە ئوخشىمىغان، كۇچادىن تېپىلغان بىراخما يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرمۇ بۇ يەردە ئىككى خىل تىل، يەنى دىنىي يۇقىرى تەبىقە ۋە راھىبلار ئىشلىتىدىغان بىر تىل، كۆپچىلىك خەلق ئىشلىتىدىغان يەنە بىر خىل تىل بارلىقىدىن، ئاۋام خەلققە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بۇددا ھۆججەتلىرى يەرلىك خەلق تىلىغىمۇ تەرجىمە قىلىنغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېكىن بۇ

www.uyghurkitap.com

تېخى ئېنىقلانمىغان مەسىلە. كۇچا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىن داۋاملىق تېپىلىۋاتقان ماتېرىياللار ۋە كوماراجىۋا چاغئەندە تەرجىمە بىلەن شۇغۇللانغان دەۋرىدىكى تىل ماتېرىياللىرى ئوبدان تەتقىق قىلىنغاندىن كېيىن بۇ ھەقتە ئاخىرقى خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن.

## 3. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى

ئۇيغۇرلار مەركىزى ئاسىيادا قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ شەھەر تۇرمۇشى كەچۈرۈپ كەلگەن ئەڭ مەدەنىي خەلقلەرنىڭ بىرسى (مالوۋ).

ئۇيغۇرلار باشتا ھون قەبىلە ئىتتىپاقىدا بولغان، غەربىي ھون قەبىلىلىرى ئىچىدە ساراغۇرلار، ئونۇغۇرلار، كوتۇغۇرلار دېگەن قەبىلىلەرنىڭ بولغانلىقى بۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى خەلق داستانلىرىدىن بولغان («ئوغۇز نامە»دە مەدھىيىلەنگەن ۋە ھونلارنىڭ بىرىنچى خاقانى دەپ تونۇلغان ئوغۇزخانمۇ ئۆزىنى ئۇيغۇر خاقانى دەيدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇيغۇرلار ھۇن قەبىلە ئىتتىپاقىدا مۇھىم رول ئوينىغان خەلقلەردىن بىرى.) «شەجەرەئى تۈرك»تە ئېيتىلىشىچە، "ئۇيغۇر" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى "ئۇيۇشماق"، "ئۇيۇشقۇچى" دېگەنلىك بولارمىش (ئەمەلىيەتتە: "ئۇيغۇر" دېگەن ئىسىم ئەقىل - ئىدراك مەنىسىدىكى "ئوي" سۆزىگە كۈچ - قۇدرەت

مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ”غۇر“ قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان) ئۇلار ئەڭ دەسلەپتە ئوغۇزخان ئەتراپىغا ئۇيۇشقانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ گۈزەل نامنى ئالغان، هونلار ياۋروپاغا كۆچۈپ بارغاندىمۇ ئاتىللا قوماندىسى ئاستىدىكى خەلقلەر ئىچىدە ئىككى ئۇيغۇر قەبىلىسى بولغان.

بەزى ئالىملار شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك سودىسى هون ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىن تارتىپلا مەۋجۇت ئىدى، هونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي كۆرەشنىڭ ئىقتىسادىي سەۋەبلىرى ئىچىدە ئەنە شۇ يىپەك سودىسى مەسىلىسىمۇ بار ئىدى، دەيدۇ، ئەگەر بۇ پەرەز توغرى بولىدىغان بولسا، ئۇيغۇرلار شۇ زامانلاردىن تارتىپلا يىپەك يولى سودىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن خەلقلەرنىڭ بىرى. ياۋروپاغا ئاتىللا قوماندىسىدا بارغان هونلار تەركىبىدە ئىككى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ بولغانلىقى ۋە بۇ هونلارنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئۆزىنىڭ شەرقتە قالغان تۇغقانلىرى — غەربىي لياڭغا سودا كارۋانلىرى ئەۋەتكەنلىكى بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

هونلار بىلەن ئاۋارلاردىن كېيىن چۆلنىڭ شىمالىدا كۆك تۈرك خانلىقى باش كۆتۈردى، كۆك تۈرك خانلىقىدىن قالغان مەڭگۈ تاشلاردىن بىز شۇنى ئوچۇق كۆرىمىزكى، كۆك تۈرك دۆلىتى تەركىبىدىمۇ ئۇيغۇرلار ئاساسىي قەبىلىلەرنىڭ بىرى بولغان. مىلادى 5 ـ ئەسىردە تۆلەسلەر يەنى (ئۇيغۇرلار)

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەڭ دالىلىرىدا ھەرىكەت قىلغان، كۆك تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگەللەپ ۋىزانتىيە ۋە ئىران چېگ-رىلىرىدا ھەرىكەت قىلغان دەۋرلەردە كۆك تۈرك قوشۇنلىرى تەركىبىدە ئۇيغۇرلارمۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن. مالۇۋنىڭ پەرەز قىلىشىچە، 5 ـــ 6 ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىران تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان مانى دۇئاسى بۇنىڭدىن دالالەت بېرىدۇ.

كۆك تۈرك خانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئۇيغۇر خانلىقى ئىگەللىدى، بىزگە مەلۇم، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ناھايىتى دوستانە مۇناسىۋەتتە بولغان بۇ خانلىق قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ ھىمايىچىلىرى بولدى ۋە بۇ سودىدىن ئەڭ كۆپ مەنپەئەت كۆردى. ئۇلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن رەسمىي سودا مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ھەر يىلى نەچچە ئون مىڭلىغان ئاتقا يىپەك ئالماشتۇرغان، ئات سودىسىدا ئىگە بولغان يىپەكلەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ئىشلىتىپ تۈگىتەلمەيتتى، ئەلۋەتتە، ئۇلار بۇ يىپەكلەرنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە شۇ ئارقىلىق ئىران ۋە ياۋروپاغا ساتاتتى، يىپەك يولى سودىسى بىلەن ئەنە شۇنداق قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇش ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى ئەڭ مەدەنىي خەلقلەردىن بولۇپ يېتىشىشىگە سەۋەب بولدى، ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك يولىدا ئوينىغان رولى ھەققىدە بۇ قېتىمقى يىغىندا مەخسۇس ماقالە بولغاچقا، مەن بۇ جەھەتتە كۆپ توختالمايمەن.

بىزگە مەلۇم، قەدىمكى ھون تىلى ئۇرال ــ ئالتاي تىل سىستېمىسىغا كىرىدىغان بىر تىل. ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ئالتاي تىللىرىنىڭ ئۈچ چوڭ تارمىقى بولغان تۇنگۇس تىللىرى، موڭغۇل تىللىرى ۋە تۈركىي تىللار بىر-بىرىدىن ئۇچۇق ئايرىلىپ چىقمىغانىدى، ھون ئىمپېرىيىسى ئىككىگە بۆلۈنگەن دەۋرلەرگە كەلگەندە (مىلادى 1 - ئەسىر ئۆپچۆرىسىدە) تۇنگۇس تىللىرى بىلەن موڭغۇل ــ تۈرك تىللىرى بىر - بىرىدىن ئايرىلدى. غەربىي ھونلارنىڭ تىلى ئاساسەن تۈركىي تىل ئىدى (لېكىن شەرقىي ھونلار تەركىبىدىمۇ تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر بار ئىدى). جاڭ چيەن ھونلار قولىدا ئون يىل ئەسىر بولۇپ تۇرغان چاغدا، ھون تىلىنى ئۆگىنىۋالغان ۋە ئۆز خاتىرىلىرىدە بىرمۇنچە ھون سۆزلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان، مۇشۇ سۆزلەردىن ۋە ھونلارنىڭ ئادەم، مەنسەپ، قورال، يەر ئىسىملىرىدىن قارىغاندا، ھون تىلىنىڭ تۈركىي تىل ئىكەنلىكىدە شەك يوق. پېللىئوت جاڭ چيەن خاتىرىلەپ ئالغان "سوچى تىلەيگەن، پۇگۇ تۇغدان ـــ 秀支替戾岗仆谷勾党 قوشۇن قوزغىلىش بىلەنلا پۇگۇ تۇتۇۋېلىندى" دېگەن جۈملىنى تەھلىل قىلىپ، بۇ جۈملە مەيلى گراماتىك تۈزۈلۈشى جەھەتتىن بولسۇن ياكى لۇغەت تەركىبىي جەھەتتىن بولسۇن تۈركىي تىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ، بۇ جۈملىدىكى "سوچى" دېگەن سۆز «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»تىمۇ بار، مەھمۇت قەشقەرىمۇ بۇ سۆزنى جاڭ چيەنگە ئوخشاش "قوشۇن" دەپ ئىزاھلايدۇ،

هونلارنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشىگە سەۋەب بولغان شەنبىلەرنىڭ تىلىدىن خەنزۇ مەنبەلىرىدە يېزىپ قالدۇرۇلغان سۆزلۈكىنى تەھلىل قىلىپ كۆرگەن پېللىئوت شەنبىلەرنىڭ تىلىنىمۇ تۈركىي تىل دەيدۇ.

هون ئىمپېرىيىسى يىقىلىپ ئۇلارنىڭ ئورنىدا مەيدانغا كەلگەن كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە تۈركىي تىللار يالغۇز موڭغۇل تىللىرىدىنلا تولۇق ئايرىلىپ چىقىش بىلەنلا قالماي، تۈركىي تىللارنىڭ ئۆزىمۇ ئوغۇز ـ قىپچاق تىللىرى ۋە ئۇيغۇر قارلۇق تىللىرى دېگەن ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈشكە باشلىدى.

11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تىلشۇناسى مەھمۇت قەشقەرى بۇ ئىككى گۇرۇپپا تىللارنىڭ فونېتىكىلىق ۋە مورفو- لوگىيىلىك پەرقلىرىنى ئىلمىي ئاساستا كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

ئۇ، بۇ ئىككى تىل گۇرۇپپىسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇنداق فونېتىك خۇسۇسىيەتلەر بىلەن چۈشەندۈردى:

1 ـ سۆز بېشىدا "ج" ياكى "ي" بولۇش.

مەسىلەن: "جاي" ـ "ياي".

2 ـ سۆز بېشىدا "ب" ياكى "م" بولۇش.

مەسىلەن: "بەن" ياكى "مەن"

3 ـ سۆز بېشىدا "د" ياكى "ت" بولۇش.

مەسىلەن: "داغ" ياكى "تاغ"

4 ـ سۆز ئاخىرىدا "ن" ياكى "ي" بولۇش.

مەسىلەن: "قون" ياكى "قوي".

5 ـ سۆز ئارىلىقىدا "ز" ياكى "ي" بولۇش.

مەسىلەن: "ئازغىر" ياكى "ئايغىر".

يۇقىرىقى مىساللاردا ئوك تەرەپتىكى ھەرپ ۋە سۆزلەر ئوغۇز ـ قىپچاق تىللىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، سول تەرەپتىكى ھەرپ ۋە سۆزلەر ئۇيغۇر ـ قارلۇق تىللىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، مەھمۇت قەشقەرى تاۋۇشلاردىكى ئالمىشىشلاردىن باشقا مورفولوگىيە جەھەتتىمۇ بىرمۇنچە پەرقلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. بۇ يەردە بۇنىڭغا توختىلىپ ئولتۇرمايمىز.

كۆك تۈرك خانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىدا دەسلەپتە ئۇيغۇر خانلىقى، كېيىن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىلار خانلىقى مەيدانغا كەلدى، بۇ خانلىقلار ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقى تەركىبىگە كىرگەن ئىچكى توققۇز قەبىلە (ياغلاقار، ئۇتورقار، تورلەمور، بۇقاسىقىر، ئاۋۇچاگ، قارسار، خوگورسوۋ، يابۇقتار، ئاياۋۇز) ۋە تاشقى توققۇز قەبىلە (ئۇيغۇر، ئۇپۇغۇر، غون، بايىرقو، توڭرا، ئىسىگ، چىپى، باسمىل، قارلۇق)نى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇنقى كۆك تۈرك خانلىقى تەركىبىگە (جۈملىدىن ھونلار تەركىبىگە) كىرگەن باشقا تۈركىي قەبىلىلەرنىمۇ ئۆز ئىدارىسى ئاستىدا تۇتقان. ئەنە شۇ خانلىقلار دەۋرىدە ئۇزاق ۋاقىت (6 ـ 7 يۈز يىل) بىللە ياشاش داۋامىدا بۇرۇنقى ئۇيغۇر قەبىلە-

لىرىگە، باشقا تۈركىي قەبىلىلەرمۇ ئارىلىشىپ سىڭىپ كەتكەن، نەتىجىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ھەممە تۈركىي قەبىلىلەر چۈشىنىدىغان ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ قالغان ۋە 7 ـ ئەسىردىن 12 ـ ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەممە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولۇپ خىزمەت قىلغان. مەھمۇت قەشقەرى «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: "قەدىمدىن تارتىپ قەشقەردىن چىنگىچە بولغان ھەممە رايونلاردا بارلىق خاقان ۋە سۇلتانلارنىڭ يارلىقلىرى ۋە خەت ـ چەكلىرى مۇشۇ يېزىق (قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى) بىلەن يېزىلىپ كەلمەكتە."

بەزى تارىخچىلىرىمىز مۇشۇ پاكىتنى ئېتىبارغا ئالماي، ئۇيغۇر دېسە پەقەت بۈرۈنقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىلا چۈشىنىدۇ ـ دە، مۇشۇ 6 ـ 7 يۈز يىل داۋامىدا ئۇيغۇرلار ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن باشقا قەبىلىلەرنى (مەسىلەن، قارلۇق، باسمىل، قانقى، ياغما، توخسى، سارات... لارنى) ئۇيغۇرلاردىن ئايرىپ قارايدۇ. مېنىڭچە، مۇنداق قاراش توغرى ئەمەس. ھەقىقەتتە بولسا، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئۇچ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ دائىرىسى كېڭەيدى. ئۇيغۇرلار ئىچىگە ئىلگىرى بۇ قەبىلە ئىتتىپاقىدا بولمىغان بىرمۇنچە قەبىلىلەر كىرىپ سىڭىپ كەتتى؛ شۇ جۈملىدىن تۈركىي بولمىغان سوغدى، توخار، ئىفتالىت، ساك قەبىلىلىرىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى. "ئۇيغۇر" دېگەن ئىسمىنىڭ ئۆزىمۇ بۈرۈندىن تارتىپلا بىر قەبىلە ئىسمى بولماي، بەلكى قەبىلە

ئىتتىپاقىنىڭ ئىسمى بولۇپ كەلدى، بۇ قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ دائىرىسى ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، بەزىدە كېڭەيدى، بەزىدە تارايدى. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىدە ياشاپ مەدەنىي جەھەتتىن يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولغاچقا، ئەنە شۇنداق نۇرغۇن قەبىلىلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ كېتەلىگەن ۋە ئۆزىگە سىڭىپ كەتكەن تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى بايلىقلىرىنى ئۆز مەدەنىيىتىگە قوشۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ بىزگە پارلاق مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. تاڭغۇت يولى (خېشى كارىدورى)، تۇرپان ئويمانلىقى ۋە تارىم ۋادىسىدىكى بوستان- لىقلاردىن تېپىلغان ۋە تېپىلىۋاتقان ئاسارئەتىقىلەر بۇنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ؛ بۇ جايلاردىكى بۇددا، مانى، نىستورىيان ئىبادەتخانىلىرىنىڭ تاملىرىدىكى رەسىملەر، يېزىقلار، ھەيكەل- لەر، بولۇپمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان باغلام - باغلام قول يازمىلار، دەپتەرلەر، ئەخلەتلەر ئارىسىدا چېچىلىپ ياتقان خەت - چەكلەر بۇنىڭ جانلىق گۇۋاھلىرى. ھازىر بۇ مەدەنىي بايلىقىمىزنىڭ زور كۆپچىلىكى ياۋروپا ساياھەتچىلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلىپ، دۇنيانىڭ مەشھۇر مۇزېيلىرىنى زىننەتلەپ ياتماقتا، ئازادلىقتىن كېيىن تېپىلغانلىرى بولسا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى مۇزېيلاردا ساقلىنىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ گۈزەل نەمۇنە- لىرى قاتارىدا يۇقىرى باھالانماقتا، بۇ قول يازمىلار ۋە رەسىملەر

مەزمۇن جەھەتتىن خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تام رەسىملىرىدە بۇددا ۋە نىستۇرىيان دىنىغا ئائىت رىۋايەتلەر تەسۋىرلەنگەندىن باشقا يەنە شۇ بۇتخانىلارغا تاۋاپ قىلىپ كېلىپ نەزىر-نۇزرەت قىلغان ئۇيغۇر خانزادىلىرى، مۆتىۋەرلىرى ۋە خېنىملارنىڭ دەبدەبىلىك كۆرۈنۈشلىرى ۋە ئاۋام خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇلاردىن شۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەت، كىيىم-كېچەك؛ رەسمىي-يوسۇنلىرىغا ئائىت نۇرغۇن قىممەتلىك مەلۇماتلارنى تاپقىلى بولىدۇ. بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

بۇ يەردە يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتمەي بولمايدۇكى، ئىلگىرى بەزى تارىخچىلار ۋە سەنئەت تەتقىقاتچىلىرى بۇ مىڭ ئۆي (بېزەكلىك) ۋە بۇتخانا رەسىملىرىنى تىلغا ئالغاندا، كۆپىنچە بۇ سەنئەتنى گرېك ياكى ھىندى سەنئىتى دەيتتى، بۇلارنى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن باغلاشنى خالىمايتتى ياكى بۇ ھەقتە گەپ قىلماي ئۆتۈپ كېتەتتى، ئەمەلىيەتتە بىز ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى بۇ رەسىملەرنى كۆرسەك، بۇ رەسىملەردىكى نۇرغۇن ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ياكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-

ئادەتلىرى بىلەن ئوخشاشلىقىنى ھېس قىلىمىز، مەسىلەن، كوچا مىلىك ئۆيدىكى تام رەسىملىرىدە بويىنىغا گالىستۇككا ئوخشاش ياغلىق باغلىغان ئادەملەر تەسۋىرلەنگەن. كىشىلەر مۇنداق گالىستۇك باغلاش چەتتىن كەلگەن ئادەت دەيدۇ، لېكىن تارىخقا نەزەر سېلىپ قارىساق، بۇ رەسىملەر سىزىلغان دەۋردە ياۋروپادا گالىستۇك باغلاش ئادىتى يوق ئىدى؛ ۋەھالەنكى بىرمۇنچە ئۇيغۇر يېزىلىرىدا تاھازىرغىچە توي كۈنلىرى يىگىتنىڭ بويىنىغا ياغلىق باغلىنىدۇ، ياغلىقنى چىڭ تۈگۈپ قويۇپ توي كېچىسى قىزغا يەشتۈرىدۇ، بەزىدە ھەتتا قىزنىڭ بولسۇن دەپ تۈگۈن ئىچىگە تىكەن چېگىپ قويىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ياغلىق (گالىستۇك) باغلاش ئادىتى چەتتىن كەلگەن ئادەت ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە تا ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلگەن كونا ئادەت. تام رەسىملىرىدە قىزلارنىڭ چاچلىرى بەك كۆپ ئۆرۈلگەن: بۇمۇ تا مۇشۇ كۈنگىچە ئۇيغۇرلاردىلا بار ئادەت، قىزلار چېچىنى ئادەتتە قىرىق تال ئۆرۈيدۇ، بەزى رەسىملەردە ئاياللار چېچىنى خالتىغا سېلىۋالغان، ئۇيغۇرلاردا (قۇمۇل تاغلىرىدا) ۋە موڭغۇللاردا بۇ ئادەت مۇشۇ كۈنگىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. شۇڭا مەن يۇقىرىقىدەك خاتا كۆز قاراشلارنى بالدۇرراق ئۆزگەرتىۋالغان ياخشى، بولمىسا، ئۆزىمىزنىڭ بۇنداق ئەنئەنىلىك تام رەسىملىرى سەنئىتىمىزنى ئاسانلا چەت ئەللىكلەرگە بېرىۋېتىپ ئولتۇرىمىز، بۇ تام رەسىملىرىنى ۋە ھەيكەللەرنى

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بۇ خىل سەنئەت يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان ۋە گۈللەنگەن.

ئۇ چاغدا ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن باشقا تۈركىي خەلقلەر سوغدىلاردىن ئۇيغۇرلارغا ئۆتكەن ئىككى خىل يېزىق — قەدىمكى ئورخۇن يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەن؛ دۇنخۇاڭدىن، تۇرپاندىن، كۇچادىن تېپىلغان ھۆججەتلەرنىڭ تولىسى مۇشۇ ئىككى يېزىقتا يېزىلغان، بۇلاردىن باشقا براخمى يېزىقى، قەدىمكى سۇرىيە يېزىقى، مانى يېزىقى، تىبەت يېزىقى، سانسكرىت يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقىمۇ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن، دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان مۇشۇ يېزىقلار بىلەن يېزىلغان ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ.

ئورخۇن يېزىقى ۋە قەدىمكى تۈركىي تىل بىرمۇنچە زامان-لارغىچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىلى بىلەن پاراللېل ئىشلە-تىلگەن بولسىمۇ، بارا-بارا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىلى ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگەللەپ؛ شۇ دەۋردىكى ھەممە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق يېزىقى ۋە ئورتاق ئەدەبىي تىلىغا ئايلانغان. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ دىۋانىغا يازغان كىرىش سۆزى بۇنى ئىس-پاتلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرا ئاسىيا-دىكى باشقا تىللارنى (جۈملىدىن سوغدى ۋە تۇخار تىللىرىنى) پۈتۈنلەي سىقىپ چىقىرىپ، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئورتاق ئالاقە تىلىغا ئايلاندى، ۋىزانتىيىدە يېزىلغان ئۇيغۇر تىلى

گراماتىكىسى، ئوتتۇرا ئاسىيادا (ئەرەبلەر ئۇچۇن) يېزىلغان «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت سۆزلۈكلەر «قوچۇ مەھكىمىسى سۆزلۈكى» بىزگە بۇنى ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى بۇ لۇغەتلەر شۇ دەۋردىكى ھەممە مىللەتلەردە بۇ يولنىڭ ئورتاق ئالاقە تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشكە قىزىقىش بولغانلىقى ئۈچۈن يېزىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرى 8 — 10 - ئەسىرلەر بولۇپ، بۇ دەۋردىن بىزگە ناھايىتى كۆپ يادىكارلىقلار ۋە ئەسەرلەر مىراس بولۇپ قالغان.

قەدىمكى ئورخۇن يېزىقىدا يېزىلغان كولتېگىن يادىكارلىقى (732 - يىل)، بىلگە قاغان يادىكارلىقى (735 - يىل)، تونيۇقۇق يادىكارلىقى (720 - يىل)، تالاس يادىكارلىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان قۇتلۇق بىلگە قاغان ۋە بايانچۇر يادىكارلىقى، ئالپ يادىكارلىقى، سوجى يادىكارلىقى قاتارلىق، يۈزلەرچە قەبرە تاشلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ خىنگان تاغلىرىدىن تارتىپ تا كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان كەڭ رايونلاردا ھەممە تۈركىي خەلقلەرنىڭ سىياسىي ھاياتىدا قانداق مۇھىم رول ئوينىغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «ئوغۇزنامە»؛ «قۇتادغۇبىلىك» داستانلىرى ۋە «ئالتۇن يارۇق»قا ئوخشاش زور ھەجىملىك ئەسەرلەر (كېيىنكىسى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىن-

غان) قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قانداق يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكىنى بىزگە ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
بولۇپمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا دىنى، مانى دىنى، نىستۇرىيان دىنى، شامان دىنىغا ئائىت يۇزلەرچە ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر (بۇلارنىڭ تولىسى باشقا تىللاردىن ئىجادىي تەرجىمە قىلىنغان) ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ دەۋردىكى مۇھىم دىنلار ۋە ئۇلارنىڭ پەلسەپە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت بايلىقلىرىدىن تولۇق خەۋەردارلىقىنى، تەپەككۇردا شۇ دەۋردىكى بارلىق مەدەنىي خەلقلەردىن كېيىن تۇرمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
بۇنىڭدىن باشقا دۇنخۇاڭدىن، تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر ئىچىدە ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق ۋە تىبابەت-چىلىككە ئائىت ئەسەرلەرمۇ ئاز ئەمەس. تارىخ ۋە مۇزىكىغا ئائىت بەزى ئەسەرلەرمۇ بار، بولۇپمۇ تىبابەتچىلىككە ئائىت 20 نەچچە ئەسەردىن (بۇلار دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان) قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىبنىسىنادىن ئىلگىرىلا ئىچكى كېسەللىكلەر ۋە تاشقى كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى، ئۇيغۇر تېۋىپلىرى ۋە جەرراھلىرى يىپەك يولىدا زور ئېتىبارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇلار جۇڭگونىڭ شۇ چاغدىكى پايتەختى چاڭئەندىمۇ ئۆز تىببىي ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىپ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولغانلىقىنى بىزگە ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھىنگان تاغلىرىدىن تارتىپ كاسپىي دېڭىزغىچە بولغان كەڭ زېمىندا ھەممە تۈركىي خەلقلەرنىڭ

سىياسى، مەدەنىي ھاياتىدا قانداق زور رول ئوينىغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە قەدىمكى ئۇيغۇرچە سودا-سېتىق ۋە قانۇن ۋەسىقىلىرى بار. بۇ چاغقىچە تېپىلغان ۋە داۋاملىق تېپىلىۋاتقان بۇنداق ۋەسىقىلەرنىڭ سانى يۈزلەرچە بولۇپ، بۇلارنى مەملىكىتىمىزنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئۇيغۇرشۇناس ئالىملىرى ناھايىتى قىزىقىش بىلەن تەتقىق قىلىپ ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىشتى، بۇ ۋەسىقىلەر شەكلىنىڭ پۇختىلىقى، تىلىنىڭ ساغلاملىقى، ئىشلەتكەن ئىقتىسادىي ۋە قانۇنى ئاتالغۇلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئېنىقلىقى، تۈزۈلۈشىنىڭ ئىخچاملىقى جەھەتلەردىن نۇرغۇن ئالىملارنى ھەيران قالدۇرماقتا.

ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتكە ئائىت بۇ ۋەسىقىلەردىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يېپەك يولىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرگە قانداق ئوبدان خىزمەت قىلغانلىقىنى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ۋەسىقىلەردە بايان قىلىنغان ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق يىپەك يولى تارىخىغا ئائىت نۇرغۇن كونكرېت مەسىلىلەرنى ئېنىقلاپ چىققىلى بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇ نەرسىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىزدە ئىجاد قىلىنغان خەنزۇچە مەتبەئە-چىلىك تېخنىكىسىنى ھەممىدىن ئاۋۋال قوبۇل قىلىپ ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئېلىپبەلىك يېزىقىغا مۇۋەپپەقلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەن ۋە

تەرەققىي قىلدۇرغان. تۇرپاندىن ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە مەتبەئە ھەرپلىرىنى ۋە مەتبەئە سايمانلىرى كېسىپ تەييارلاپ قويۇلغان دەستە ـ دەستە قەغەزلەر ۋە يىپەك يولىدىكى نۇرغۇن ئىبادەتخانىلار ۋە خارابىلاردىن تېپىلغان مەتبەئەدە بېسىلغان ئۇيغۇرچە كىتاب ۋە ۋارەقلار بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى ئۇيغۇرلار ئارقىلىق غەربتىكى ئەللەرگە تارقالغان، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان زور بىر تۆھپىسى.

يۇقىرىقى پاكىتلاردىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تىل ـ يېزىقى "يىپەك يولى"دا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. خۇددى سوغدىلار غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقتىكى ھەرقايسى مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىغانغا ئوخشاش، شەرقنىڭ مەدەنىيىتىنى غەربكە تونۇشتۇرۇش، شۇنداقلا غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى شەرققە تونۇشتۇرۇشتەك بۈيۈك ئىشتا ئۇيغۇرلار ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان. ئۇيغۇرلاردىن بولغان تاتاتوڭئا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى بىلەن موڭغۇل تىلىنى يازغانلىقتىن موڭغۇل يېزىقى ۋە كېيىنكى مانجۇ يېزىقى بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، مىڭ ئۆي سەنئىتىنى ئىچكىرىدىكى خەنزۇ خەلقلىرىگە تونۇشتۇرۇشمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر چوڭ تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، خاڭجۇدىكى نۇرغۇن بۇتلار ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنىڭ قاتنىششى بىلەن ياسالغان.

مەن بۇ يەردە پەقەتلا تىلدىن ئىبارەت مۇشۇ نۇقتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ قەدىمكى "يىپەك يولى" دىكى بىر قانچە ئاساسلىق مىللەتنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم، بۇ يەردە مەن پەقەت بەزى ئاساسلىق تارىخىي پاكىتلارنىلا مىسال كەلتۈردۈم، ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل تارىخىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە تەتقىق قىلماقچى بولىدىكەنمىز، ئۇنداقتا، نۇرغۇن پەن مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا توغرى كېلىدۇ. مەن ئىشىنىمەنكى، پەنگە يۈرۈش قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ھەر-قايسى پەن مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىلىق قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىغا قوشقان زور تۆھپىسى ئىلمىي ئاساستا يورۇتۇلىدۇ ۋە يەكۈنلىنىدۇ. ئەگەر بىز بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىسەك، ۋەتىنىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەت-لەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش قىلغان بولىمىز.

بۇ ماقالەم ئەگەر مۇشۇ جەھەتتە ئاز-تولا رول ئوينىيالىسا، مەن ئۆزەمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتىم.

# شىنجاڭ يەرناملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قەدىمكى تىللار ①

(قىسقىچە چۈشەنچە)

شىنجاڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسى ئۇچراشقان رايون، ئۇ بولسىمۇ:

1. ئالتاي تىللىرى — بۇ ئۆز ئىچىگە تۈركىي تىللار، مۇڭغۇل تىللىرى ۋە مانجۇ-تۇنگۇس تىللىرى گۇرۇپپىلىرىنى ئالىدۇ.

2. ھىند-ياۋروپا تىللىرى — بۇ تىللاردىن شىنجاڭغا كۆپرەك مۇناسىۋەتلىك بولغىنى شەرقىي ئىران تىللىرى گۇرۇپپىسى. بۇ گۇرۇپپىغا كىرىدىغان قەدىمكى تىللار ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى شەرقىي، شىمال تارمىقى ئىسكىت تىللىرى تارمىقى؛ بۇ تارماققا قەدىمكى تىللاردىن سوغد تىلى، خارەزم تىلى ئىسكىت تىلى كىرىدۇ. ئىككىنچى، شەرقىي جەنۇبىي تارماق: بۇ تارماققا پارفىيە تىلى، ساك تىلى، توخار تىلى، ۋە خاتتال تىلى

① بۇ ماقالە «شىنجاڭ يەر ناملىرى خەۋىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1985-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

كىرىدۇ. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلگەن تىللار، ھازىرقى تىللاردىن تاجىك تىلى مۇشۇ گۇرۇپپىغا مەنسۇپ. تاجىك تىلى دىئالېكتلىرىدىن بىرى بولغان ۋاخاپ تىلى قەدىمكى خوتەن ساك تىلىنىڭ قالدۇقى دەپ قارالماقتا.

3. خەنزۇ - تىبەت تىللىرى — بۇ تىللاردىن شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغىنى قەدىمكى ۋە ھازىرقى خەنزۇ تىلى، تۈبۈت تىلى ۋە تاڭغۇت تىلى. قەدىمكى خەنزۇ تىلى (بولۇپمۇ ئۇنىڭ غەربىي شىمال دىئالېكتى)، قەدىمكى تۈبۈت تىلى ۋە تاڭغۇت تىلىدا يېزىلغان يازما يادىكارلىقلار تاكلاماكاننىڭ جەنۇبىدىن كۆپرەك تېپىلغان. بۇ تىللاردىن قەدىمكى تۈبۈت ۋە تاڭغۇت تىللىرىنىڭ قەدىمكى خوتەن تىلى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىرقەدەر قويۇق.

تىيانشاننىڭ (يەنى تەڭرى تاغلىرىنىڭ) شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئېتەكلىرىدە قەدىمدىن تارتىپ تۈركىي تىلدىكى خەلقلەر تېلېلار ياشاپ كەلگەن.

خوتەن ئەتراپىدا مىلادىنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكى دەۋرلەردە ساك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ياشاپ كەلگەن.

قەشقەر ئەتراپىدا مىلادىنىڭ ئالدى ۋە كەينىدىكى دەۋرلەردە سوغد تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ياشاپ كەلگەن.

كۇچا ۋە قاراشەھەر ئەتراپىدا قەدىمكى دەۋرلەردە كىچىك ياۋچىلار ياشاپ كەلگەن. بۇ خەلقنىڭ تىلى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە "توخرى تىلى" دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىر

بۇ تىل قەدىمكى كۇچا (كۆسەن) تىلى ۋە قەدىمكى قاراشەھەر (ئاگنى ياكى ئارسى) تىلى دەپ ئاتالماقتا، بۇ ئىككى تىل ئەمەلىيەتتە بىر تىلنىڭ (توخرى تىلىنىڭ) A ۋە B دىئالېكتىلىرىدىن ئىبارەت.

مىلادى 5-ئەسىردىن ئېتىبارەن شىنجاڭ رايونىدىكى قەدىمكى خوتەن (ساك) سۇغد ۋە قەدىمكى كۇچا تىللىرى تۈركىي تىللارغا سىڭىپ كېتىشكە باشلىدى. 10-ئەسىر ئۆپچۆرىسىگە كەلگەندە بۇ خەلقلەرنىڭ تۈركلىشىش جەريانى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى؛ مەھمۇت قەشقەرى ئۆزى ياشىغان دەۋردە قەشقەر، خوتەن ۋە كۇچالاردىكى خەلقلەرنىڭ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى، قەشقەر ئەتراپىدا ئاز ساندا ئىككى تىلدا (يەنى سوغد ۋە تۈرك-ئۇيغۇر تىللىرىدا) سۆزلىشىدىغان كەنچەكلەرنىڭ بارلىقىنى، خوتەنلىكلەرنىڭ تىلى بىر خىل بۇزۇلغان تۈركىي تىل ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن.

قەدىمكى دەۋرلەردە شىنجاڭدا ياشىغان (ئاساسەن شەھەرلەر ۋە قىسمەن دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ياشىغان) ساكلار، سوغدىلار ۋە ياۋچىلارنىڭ تىللىرى تۈركىي تىللارغا (ئاساسەن ئۇيغۇر تىلىغا) سىڭىپ كەتكەندىن كېيىن، قەدىمكى ساكلار، سوغدىلار ۋە كىچىك ياۋچىلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەتتى. شۇڭا، ئېتنىك كېلىپ چىقىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇر مىللىتى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئاساس قىلغان ھەر خىل تۈركىي خەلقلەر،

www.uyghurkitap.com

قەدىمكى ساكلار، سوغدىلار ۋە كىچىك ياۋچىلار پەيدىنپەي بىرگە قوشۇلۇپ شەكىللەنگەن "كۆپ ئاساسلىق" مىللەت، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدا بولۇپمۇ دېھقانچىلىق، قول هۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا- تىجارەتكە ئائىت سۆزلەردە، هەتتا كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئائىت بىرمۇنچە سۆزلەردە ئىران تىللىرىدىن كىرگەن لېكسىكىلىق ئامىللارنىڭ بىرقەدەر كۆپ بولۇشىمۇ بۇ نۇقتىنى روشەن كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

هەر خىل دەۋرلەردە شىنجاڭغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، بارا- بارا ئۇيغۇر خەلقى ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن خەنزۇ ۋە تۈبۈت، تاڭغۇت ئاهالىلىرىمۇ ئۇيغۇر تىلىغا خېلى بۇرۇنقى دەۋرلەردىن تارتىپلا بەزى خەنزۇچە ۋە تۈبۈتچە لېكسىكىلىق ئامىللارنى ئېلىپ كىرىپ، ئۇيغۇر تىلىدا ئۆز ئىزلىرىنى قالدۇرغان. (توقسۇندا مۇنداق پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن خەنزۇلار هازىرغىچە "توغاچىلار" دېگەن ئايرىم لەقەم بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ يەردە ئېيتىلغان "توغاچ" سۆزىنىڭ قەدىمكى تاۋغاچ سۆزىدىن كەلگەنلىكى ئۆز- ئۆزىدىن ئايان).

قەدىمكى دەۋرلەردە، بولۇپمۇ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن، چاغاتاي ئۇلۇسى تەركىبىگە كىرگەن بىرمۇنچە موڭغۇل قەبىلىلىرى تۈركلىشىپ، تۈركىي خەلقلەر، شۇ جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئىچىگە سىڭىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەتتى.

مانا مۇشۇنداق خىلمۇخىل مۇرەككەپ ئەھۋاللارنى نەزەردە

تۇتقانىدىلا شىنجاڭنىڭ يەر ناملىرى مەسىلىسى ھەققىدە، بولۇپمۇ يەر ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە بىرقەدەر توغرا خۇلاسىگە كەلگىلى بولىدۇ.

قەدىمكى خوتەن، قەشقەر، كۇچالاردا قەدىمكى دەۋرلەردە شەرقىي ئىران تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتقاچقا، بۇ رايونلارنىڭ قەدىمكى يەر ناملىرىدا شۇ تىللاردىن قالغان سۆزلەر ئاساسىي ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مەن بۇ يەردە مىلادى 925-يىلى يېزىلغان قەدىمكى خوتەن (ساك) تىلىدىكى «تاڭغۇت يولىغا ①ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق بىر يازما يادىكارلىقتىن شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى كونكرېت مىساللارنى كەلتۈرۈپ ئۆتىمەن (دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان بۇ ھۆججەت جەمئىي 73 قۇر بولۇپ، شۇ دەۋردىكى خوتەن پادىشاھى ۋىسا سامپاتا تەرىپىدىن ساجۇغا ــ ھازىرقى دۇنخۇاڭغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ ئۆز پادىشاھىغا يازغان دوكلاتىنىڭ كوپىيىسى، 1947-يىلى بۇ ھۆججەتنى نورۋېگىيە ئالىمى س. كونوۋ تەرجىمە قىلىپ «شەرقشۇناسلىق» ژۇرنىلىنىڭ 20-توم، 2-سانىدا ئېلان قىلغان. بۇ ھەقتە بېيجىڭ داشۆنىڭ پروفېسسورى خۇاڭ شىڭجاڭنىڭ «خوتەن ساك تىلىدىكى ھۆججەت

---

① قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە "خېشى كارىدورى河西走廊" دېگەن سۆز "تاڭغوت يولى" دېيىلەتتى.

تاڭغۇت يولىغا سالاھەت خاتىرىسى تەتقىقاتى» دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن)

1. گائۇستانا ① — خوتەن. ھازىر بىز ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان خوتەن سۆزى مۇشۇ "گائۇستانا" دېگەن سۆزدىن كەلگەن. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى "يەر ئەمچىكى" دېگەن بولىدۇ. مەھمۇت قەشقەرى بۇ ئىسىمنىڭ "ئۇدۇن" دېگەن شەكلىمۇ بار دەپ ئىزاھلايدۇ. قەدىمكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە بۇ ئىسىم يۈيتيەن (于田)دېيىلىدۇ. بۇ سۆز مەھمۇت قەشقەرى كۆرسىتىپ ئۆتكەن "ئۇدۇن" دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە ئاۋاز تەرجىمىسى بولسا كېرەك. بىزگە مەلۇم، خەنزۇ مەتبەلىرىدە "يۈيتيەن" دېگەن ئىسىم مىلادىدىن ئاۋۋالقى دەۋرلەردىن تارتىپلا ئىشلىتىپ كەلمەكتە. بۇنىڭدىن قارىغاندا "ئۇدۇن" خوتەن دېگەن ئىسىمنىڭ ئەڭ كونا تەلەپپۇزى بولسا كېرەك.

2. پىمانا (بۇ ئىسىمدىن قەدىمكى خوتەن ساك تىلىدا يەر ناملىرى ئاخىرىسىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان "نا" دېگەن سۈپەتلىك ئالامىتىنى چۈشۈرۈپ قالدۇرساق بۇ ئىسىم "پىما" ياكى "پىنا") بولىدۇ. (خوتەن ساك تىلىدا "ن" بىلەن "م" تاۋۇش-لىرى ئالمىشىپ كېلىش ھادىسىسى بار). بۇ شەھەر خارابىسى ئۆزۈن تات دەرياسى بويىدا (ستەيىننىڭ پىكرى) بولۇپ،

---

① ئوقۇلۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئىسىملارنىڭ لاتىنچە ترانسك-رىپسىيىسى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلدى. — ئاپتوردىن.

خوتەن رايونىدىكى قەدىمكى شەھەرلەردىن بىرى.

3. ئىسادىكام — ئىمام جەپەر سادىق مازىرى يېنىدىكى قەدىمكى شەھەر. "ئىسادىكام" سۆزى ئىمام جەپەر سادىق دېگەن ئىسمدىكى "سادىق" سۆزىگە يېقىن كېلىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ نامى قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە «نىنا» دەپ يېزىلىدۇ. بۇ ھازىرقى نىيا شەھىرىنىڭ نامىغا توغرى كېلىدۇ.

4. قىندا — قازاي، خوتەندىكى بىر يېزا ئىسمى.

5. ھۆتم ياكى قېتىم — قوتام، خاراب بولغان شەھەرلەردىن بىرى. بۇ يەردە بىرقەدىمكى بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسى بار.

6. سارنىك — سارنىق، بىر يېزا ئىسمى. ئەتراپى پۈتۈنلەي قۇملۇق چۆل.

بۇلاردىن قىدا ياكى قىزا — قادىلىق بولسا كېرەك. بۇ ئىسىمدا "ز" تاۋۇشى "د" غا ئالماشقان. قادىلىق خوتەن بىلەن كېرىيە دەرياسى ئارىلىقىدا.

قېتىم (خەنزۇ تارىخنامىلىرىدا "坎城" دەپ يېزىلىدۇ. بۇ قەدىمكى مىران شەھىرى) بىلەن سارنىك لوپنۇر ئەتراپىدىكى ئىككى شەھەر. قۇتۇم بەك قەدىمكى شەھەرلەردىن. سارنىك شەھىرى "ئىسادىكام"مۇ دېيىلىدۇ.

7. پاداكا — ئىستەيىننىڭ ئېيتىشىچە پاتاق شەھىرى، بۇ شەھەر خارابىسى چەرچەننىڭ شەرقىدە. قەدىمكى پىما ياكى پىنا شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى ئىككىنچى شەھەر.

www.uyghurkitap.com

8. كاداكا — يەرلىك خەلق بۇ شەھەرنى "قۇدۇقكۆل" دەيدۇ (ئىستەيىن پىكرى). ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسىدە بۇ شەھەر "شەھرى قاتاق" دېيىلگەن.

9. ناكا ـ چىنتىا — پۇ

10. ناكا — چۇنۇ

11. دۇرتاي

قەدىمكى تۈبۈت يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە لوپنۇر رايونىدا نوپ ـ چېپ ـ پۇ (چوڭ لوپنۇر) نوپ ـ چېپ نۇ (كىچىك لوپنۇر) كىيۇراي (ئەژدەر شەھىرى) دېگەن ئۈچ شەھەر نامى كۆرستىلگەن.

يۇقىرىدا (9. 10. 11.) كۆرستىلگەن ئۈچ شەھەردىن بىرىنچىسى تۈبۈتچە چوڭ لوپنۇر دېگەن نامغا ئاۋاز جەھەتتىن يېقىن كېلىدۇ. ئىككىنچىسى، كىچىك لوپنۇر شەھرىنىڭ نامىغا توغرا كېلىدۇ، "دورتاي" دېگەن ئىسىم ئەجدەر شەھىرى (كيۇراي)غا توغرى كېلىدۇ. بۇلاردىن بىرىنچىسى چارقىلىق. يەنە بىرسى دىرەن شەھىرى بولۇشى مۇمكىن.

12. يىسابادا پاررۇم — خەنزۇچە «غەربكە ساياھەت» دېگەن كىتابتا بۇ شەھەر نامى 折摩驮.那故国 ("قەدىمكى شىمۇ فونا دۆلىتى") دېيىلىدۇ. بۇ سۆز سانسكرىتچە "چالما دانا" دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ. قارۇشتى يېزىقىدا بۇ شەھەر "چىمۇلا" دەپ يېزىلىدۇ، چېيمو (且末) دېگەن خەنزۇچە ئىسىم مۇشۇ "چىمۇلا" دېگەن خوتەن ساك تىلىدىكى ئىسىمنىڭ ئاۋاز

تەرجىمىسى. "يىسابادا" دېگەن ئىسىم 萨毗城 (سابى شەھىرى) دېگەن يەر ئىسمىغا يېقىن كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى چەرچەن شەھىرىنىڭ ھەر خىل ئاتىلىشلىرى بولسا كېرەك.

13. رووناتا — س. كونوۋنىڭ تەھلىلىچە، بۇ كىرۇرەن (خەنزۇچە 楼兰) شەھىرى بولىدۇ. قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە بۇ شەھەر نامى "قوروينا" دەپ يېزىلىدۇ. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇ مەنبەلىرىدە بۇ شەھەر 鄯善 (پىشام-شام) دەپ يېزىلىدۇ. بۇ نام ئۇيغۇرچە چەرچەن («تۈركىي تىللار دىۋانىدا» چورچان) دېگەن نامغا بەك يېقىن كېلىدۇ. «رووناتا» دېگەن سۆز "قوروينا" دېگەن سۆزگە تاۋۇش جەھەتتىن بەك يېقىن كېلىدۇ.

14. تىسى دىيايىما — بۇ ئىسىم سايدام دېگەن نامغا بەك يېقىن كېلىدۇ، (كىلاۋسۇن پىكرى). ئەمەلىيەتتە سۇ «亭子» دېگەن جاي ئىسمى بولسا كېرەك. (جۇاڭ شىڭجاڭ پىكرى)

15. گاكامانا (بۇنى قاكامانا دەپ ئوقۇشمۇ مۇمكىن) بۇ نام يۈيمىن (玉门) دېگەن ئىسمغا توغرا كېلىدۇ.

16. سي — چۇ، شىجۇ (西州) شەھىرى،

17. ئى-چۇ-ئىۋىرغۇل (伊州). ھازىرقى قۇمۇل شەھىرى.

18. داپاچى — قۇمۇلدىكى لاپچوق دېگەن جاي ئىسمىغا توغرا كېلىدۇ. خوتەن ساك تىلىدا "ل" بىلەن "د" تاۋۇشلىرى ئالمىشىپ كېلىدىغان ئەھۋال بار. شۇڭا لاپچوق دېگەن يەر ئىسمى داپاچى دەپ يېزىلغان بولسا كېرەك.

19. پوچانا ــ پىچان. بۇ يەر ئىسمى خەنزۇچە مەتبەلەردە قەدەمدىن بىرى، 蒲昌، 宝庄، 辟展 دېگەن خەتلەر بىلەن يېزىلىپ كېلىۋاتقان. ئۇيغۇرچە "پىچان". سۆزى بىر ئۆسۈملۈك نامى. خەنزۇچە بۇ سۆزنى ئاۋاز تەرجىمە قىلىشتا ئىشلەتكەن 蒲昌 سۆزىمۇ "蒲公英" دېگەن ئۆسۈملۈك نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك (昌 قوشۇلسا پىچان قېلىن ئۆسكەن جاي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ). ئەمما يېقىنقى زامانلارغا كەلگەندە چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارى قەدىمكى چەرچەن دۆلىتى نامىنى بۇ يەرگە يۆتكەپ، پىچاننى خەنزۇچىدە "鄯善" (شەنشەن)گە ئۆزگەرتىۋەتكەن.

20. تىسراكىيىپا ــ ھازىرقى سىركىپ، خەنزۇ مەنبەلىرىدە بۇ ئىسىم 色尔启布 دەپ يېزىلىپ كەلمەكتە.

21. ئىسۇمە ياكى يۇسۇمە ـ سىركىپ بىلەن لۈكچۈنگە يېقىن بىر جاي ئىسمى. بەزىلەر بۇنى خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى 于湛 شەھىرى بولسا كېرەك دەيدۇ، بەزىلەر بۇ "ئۇجمىلىك" دېگەن بولىدۇ دەيدۇ.

22. خوي تىسۋىرە ــ مۇرتوقنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر قەدىمكى شەھەر، بۇنى بەزىلەر خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى 赤庶 بولسا كېرەك دەيدۇ. خەنزۇچە مەنبەلەردە مورى شەھىرى "پولى" دەپ يېزىلىدۇ. (بۇ ئىسىمدا "ب" بىلەن "م" تاۋۇشلىرى ئالماشقان).

23. دۇكاچۇ ــ لۈكچۈن (يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بۇ يەردە خوتەن ساك تىلىدا "ل" تاۋۇشى "د" غا ئالماشقان).

قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە بۇ شەھەر نامى ”ئۈچ لۈكچۈن بالىق“ دېگەن شەكىلدە ئۇچرايدۇ.

24. تتى ياكا ــ تۇيۇق.

25. تويام تسۋاينا ــ شور بۇلاق ــ خەنزۇچە مەنبەلەردىكى 碱泉 شەھىرى بولسا كېرەك. بۇنىڭ ئورنى مورىنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 200 يول يىراقلىقتا.

26. گاۋتاناي ــ كلاۋسون بۇ شەھەرنى قوچۇ (高昌) دەپ مۆلچەرلەيدۇ ۋە ”كاۋتاناي“ دېگەن ئەسلى ساكچە سۆز دەيدۇ. سوغدىچە ھۆججەتلەردە بۇ شەھەر نامى كۇچان دەپ يېزىلغان، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە «قوچو» ياكى ”قوچۇ“ دەپ يېزىلىدۇ. ئەرەب مەنبەلىرىدە بۇ شەھەر ئىسمى ”كوسام“ دەپ يېزىلىدۇ.

27. كاۋتاباي ــ قۇتۇبى. بۇ شەھەر ئىسمى يۈەن دەۋرىدىكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە ”گوتابا“ (古塔巴) دەپ يېزىلاتتى. 1254 ـ يىلى بۇ يەردىن ئۆتكەن ئەرمەن شاھزادىسى ئۆز يول خاتىرىسىدە بۇ شەھەر نامىنى ”خۇتتاپاي“ دەپ يازىدۇ. بۇ سۆز ”قاتتاپاي“ دېگەن تۈركىي سۆزنىڭ ئۆزى. بۇ شاھزادە بۇ شەھەر ئىسمى مۇشۇ شەھەر يېنىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريا ئىسمىدىن كەلگەن دەيدۇ. بەزىلەر يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ”كاۋتاناي“ دېگەن ئىسىمنى ”قۇجۇ“ ئەمەس قۇتۇبى بولسا كېرەك دەيدۇ.

28. پامجا كامتا ــ پەنجە كەنت، يەنى بەشبالىق.

29. خانا ياكى خانا بىخاراكا — خان شەھىرى، غەربىي تۈرك خانلىقى دەۋرىدە بەشبالىقتىن 60 يول يىراقلىقتا شاھزادە ئۈچۈن مەخسۇس سېلىنغان شەھەر. شۇڭا بۇ شەھەر "خان شەھىرى" ياكى "خان ئوغلى شەھىرى" (خانا بىخاراكا) دېيىلگەن. خەنزۇچە مەنبەلەردە بۇ شەھەر سابىنچىڭ (沙钵城) مۇ دېيىلىدۇ. بۇ سۆز كۆك تۈرك خاقانلىرىنىڭ ئىسمىدىن كەلگەن. "بىخاراكا" دېگەن ئىسىم خەنزۇچە مەنبەلەردە 凭洛 دەپمۇ يېزىلىدۇ. (بىخارا-خان ئوغلى دېگەن سۆزنىڭ ترانسكرىپسىيىسى بولسا كېرەك).

30. يىرۇمچىنا — ئۈرۈمچى بۇ "ئۈرۈمچى" دېگەن ئىسمىنىڭ قەدىمكى ھۆججەتلەردە بىرىنچى قېتىم ئۇچرىشى. بۇنىڭ ئاخىرىدىكى "نا" قوشۇمچىسى خوتەن ساك تىلىدا شەھەر ناملىرىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان سۈپەتلىك ئالامىتى. بۇ قوشۇمچىنى ئېلىپ تاشلىساق، بۇ شەھەر ئىسمىنىڭ قەدىمكى تەلەپپۇزى «يۇرۇمچى» بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۈكچۈن شېۋىسىدە بۇ شەھەر ئىسمى ھازىرمۇ "يۇرۇمچى" دېيىلىدۇ. قەدىمكى خوتەن ساك تىلىدىكى بۇ شەھەر نامى بۈگۈنكى ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزىغا ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ. خوتەن ساك تىلىدا بۇ سۆز "تاللىق" دېگەن بولىدۇ (قۇربان ۋەلى پىكرى)

31. چامايدا باداركا — يەنى چامىل بالىق. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بۇ شەھەر "چانبالىق" دەپ يېزىلغان ۋە ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن بىرى دەپ ئىزاھلانغان. بۇ شەھەر نامى يەن

سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت خەنزۇچە ھۆججەتلەردە 彰巴里
ياكى 昌巴里 دەپ يېزىلىپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپ-
كى دەۋرلىرىدىمۇ بۇ شەھەر 昌巴里 (چانبالىق) دەپ يېزىلىپ
كەلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدىلا بۇ شەھەر
نامى ”سانجى“ (昌吉) دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ”昌“ دېگەن
خەت يەنىلا ”چانبالىق“ دېگەن ئىسىمنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنىڭ
ترانسكرىپسىيىسىدىن ئىبارەت.

32. ئارگىنۋا ياكى ئارگى — ھازىرقى يەنجى. بۇ سۆزنىڭ
”ئاگنى“ دېگەن شەكلىمۇ ئۇچرايدۇ، خوتەندىن تېپىلغان
قەدىمكى قارۇشتى يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردە بۇ شەھەر نامى
”ئارگى“ (ئارگىلىقلار) دېگەن شەكىلدە ئۇچرايدۇ. ئارگى ياكى
ئاركى سانسكرىتچە ”ئوت“ ياكى ”يالقۇن“ دېگەن مەنىلەرنى
بىلدۈرىدۇ. توخرى (قەدىمكى كۇچا) تىلىدا بۇ جاي ئىسمى
”ئاكنايىپاي“ (ياقا يۇرت) شەكلىدە ئۇچرايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر-
چە ھۆججەتلەردە بۇ شەھەر نامى ”ئاركى“ ”ئارسى“ شەكلىدە
ئۇچرايدۇ. خەنزۇچە مەنبەلەردە بۇ شەھەر ئىسمى 焉耆،
阿耆尼 ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئون نەچچە خىل شەكىلدە
ئۇچرايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ”ئاگنى“ دېگەن ئىسىمنىڭ بۇ
يەرگە كەلگەن خەنزۇ ساياھەتچىلىرى ياكى ئەمەلدارلىرى
تەرىپىدىن ھەر خىل خەتلەر بىلەن قىلىنغان ئاۋاز تەرجىمىسى.
ئاگنى يېنىدا ئۈچ شەھەر بار دېيىلگەن. ”مايىترى سىمىت“
ناملىق قەدىمكى ئۇيغۇرچە كىتابتا، بۇ ئۈچ شەھەر ”ئۈچ

www.uyghurkitap.com

سولمى" دېيىلگەن. مەھمۇت قەشقەرى "سولمى"نى ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن بىرى دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇ شەھەرنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئۇيغۇرچە "قاراشەھەر" (بۇ يەردىكى "قارا" سۆزى ئۇلۇغ، مۇقەددەس دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلىشى يېقىنقى زاماندىكى ئىش. بۇ ئىسمىدىمۇ قەدىمكى بۇددىستلار شەھىرى بولغان بۇ شەھەرگە ئالاھىدە ھۆرمەت ياكى قورقۇنچ بىلەن قارىغانلىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

33. گوزان ــ كۇچا. بۇ شەھەر قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە «كۇسەن» دېيىلىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا كۇچار سۆزى "ر" قوشماي (كۇچا شەكلىدە) يېزىلغان ۋە كۇسەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ، دېيىلگەن.

34. گا ـ ھجاك ــ قەشقەر. خوتەن پادىشاھى ۋىسارا سىياخا قەشقەر ھۆكۈمدارىنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەندىن كېيىن، قەشقەردە "قو ـ سۇ ـ نا" (قەشقەرلىق) دېگەن نامدا بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى سالدۇرغان. خوتەن ـ ساك تىلىدىكى سۆز بېشىدا كېلىدىغان "گ" تاۋۇشلىرى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە ئومۇمەن "ق" بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە كەلتۈرۈلگەن "گاھجاك" ياكى "قۇسو" سۆزلىرىنىڭ "قاش تېشى"دىكى "قاش" بىلەن مۇناسىۋىتى بار، دېگەن پەرەز بار. (يۇيمىن دېگەن ئىسمىنىڭ بېشىدىمۇ مۇشۇ "گا" بار 15 ـ ماددىغا قاراڭ).

35. پالاياكا ــ كىلاۋسون بۇ سۆزنى بولايوق دەپ ھۆكۈم

قىلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا "بۇلايوق" ياكى "بورلۇق" دېگەن سۆزلەر "ئۈزۈملۈك" دېگەن بولىدۇ. بەزى ئالىملار بۇ شەھەر نامىنى پولى (مورى) بولۇشى مۇمكىن دەيدۇ. ھەر ھالدا "بۇيلۇق" دېگەن پەرەز ئەمەلىيەتكە بىرقەدەر يېقىن كېلىدۇ.

36. تىتۇرپانا — تۇرپان. بۇ "تۇرپان" دېگەن شەھەر نامىنىڭ ھازىر بار بولغان ئەڭ بۇرۇنقى (مىلادى 925 - يىلىدىكى) يازما خاتىرىسى. خەنزۇچە مەنبەلەردە "تۇرپان" (吐鲁番) دېگەن ئىسىم مىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى (1414 - يىللاردىكى) ھۆججەتلەردە ئۇچرايدۇ. بەزى خەنزۇچە مەنبەلەردە (مەسىلەن، 西域同文志) تۇرپان سۆزىنى "سۇ يىغىلىدىغان جاي" دېگەن بولىدۇ دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بەزىلەر "بوستانلىق"، "باغ ۋارانلىق" دېگەن بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە موڭغۇللار تەرىپىدىن قويۇلغان ئىسىم دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ خىل چۈشەندۈرۈشلەر قۇرۇق پەرەزدىنلا ئىبارەت. بۇ قەدىمكى خوتەن تىلىدىكى ھۆججەتتىن قارىغاندا "تۇرپان" دېگەن ئىسىم يۈەن سۇلالىسىدىن 300 - 400 يىل ئىلگىرىلا مەۋجۇت بولغان. شۇڭا "تۇرپان" دېگەن سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ۋە مەنىسى ھەققىدە ۋە شەھەر بىنا بولغان ۋاقىت ھەققىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

37. باپانا — بۇ شەھەرنى توقسۇندىن 60 يول يىراقلىقتىكى «بۆگەن تولا» بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلغۇچىلار بار.

بەزىلەر بۇنى موڭغۇلچە "باپانا" ياكى "باگنا" دېگەن سۆزدىن كەلگەن دەپ پەرەز قىلىدۇ.

يۇقىرىدا، قەدىمكى خوتەن ساك تىلىدا يېزىلغان بىر ھۆججەتتە ئۇچرىغان شىنجاڭغا ئائىت بىر قىسىم يەر نامىلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى يەر ئىسىملىرى سوغد تىلىدىن كەلگەن. مەسىلەن، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى خەنزۇچە 疏勒 (سۇلى) دېيىلىدۇ. بۇ سۆزنى بەزى يولداشلار سۇلى (يەنى سۇلۇق، سۇيى مول) دېگەن تۈركىي سۆزدىن كەلگەن دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ۋەھالەنكى بۇ ئىسىم تارىختا تۈركىي خەلقلەر قەشقەر ئەتراپىغا كېلىشتىن خېلى ئىلگىرىلا بار ئىدى. ئۇ چاغلاردا بۇ ئەتراپلاردا سوغد تىلىنىڭ بىر دىئالېكتىدا سۆزلەيدىغان خەلقلەر ياشىغان. شۇڭا سوغد تىلىنى تەتقىق قىلغان تىلشۇناسلار بۇ سۆزنى "سوغد" دېگەن سۆزنىڭ قەشقەر ئەتراپىدا قەدىمكى سوغدى خەلقى تىلىدا ئېيتىلىشى، بۇ دىئالېكتتا "د" تاۋۇشى "ل" غا ئۆزگىرىدۇ. يەنى "سوغد" سۆزى ئۇلارنىڭ تىلىدا "سوغد" دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. شۇڭا مىلادىدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرى بۇ يەرنى زىيارەت قىلغان جىياڭ چيەن بۇ ئىسىمنى خەنزۇچە 疏勒 (سۇلى) دېگەن خەتلەر بىلەن خاتىرىلىگەن دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئىسمى خەنزۇچە 巴楚 دېيىلىدۇ.

بۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئېلىنغان "بارچۇق" دېگەن ئىسىمنىڭ خەنزۇچە ئاۋاز تەرجىمىسى.

ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيىسى خەنزۇچە 温缩 (ۋېنسۇ) دېيىلىدۇ. "ئاقسۇ" دېگەن ئىسىم قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا "ئۇرۇنسۇ" دېيىلەتتى. "ئۇرۇن" دېگەن سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا "ئاق" دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. شۇڭا خەنزۇچە "ۋېنسۇ" دېگەن ئىسىم "ئاقسۇ" دېگەن ئىسىمنىڭ كونا شەكلى بولغان «ئۇرۇنسۇ» نىڭ خەنزۇچە ئاۋاز تەرجىمىسى. بۇنىڭ يەنە بىر دەلىلى شۇكى "ۋېنسۇ" دېگەن ئىسىم خەنزۇچە ھۆججەتلەردە بىرقانچە خىل خەتلەر بىلەن خاتىرىلەنگەن. بۇمۇ ئۇنىڭ ئاۋاز تەرجىمىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

مەن بۇ ماقالىدە شىنجاڭنىڭ يەر ناملىرىدىن قەدىمكى يېزىق يادىكارلىقلىرىدا ئۇچۇق خاتىرىسى بارلىرىدىن بىر قىسمىنى مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتتۈم. ئوتتۇرا ئەسىر ۋە يېقىنقى زامانلاردا ئۇيغۇرچە، قازاقچە، ۋە قىرغىزچە قويۇلغان يەر ئىسىملىرىگە توختالمىدىم.

مېنىڭ بۇ مىساللارنى كەلتۈرۈپ ئۆتتۈشۈمدىكى مەقسەت شىنجاڭنىڭ يەر ناملىرى مەسىلىسى شىنجاڭدا قەدىمكى دەۋرلەردە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن قەدىمكى مىللەتلەر ۋە تىللار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، شۇڭا شىنجاڭدىكى يەر ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى (كېلىپ چىقىشى) مەسىلىسىگە ناھايىتى ئېھتىياتچان مۇئامىلىدە بولۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ

ئۆتۆشتىن ئىبارەت.

مېنىڭ كەلتۈرگەن مىساللىرىم ۋە بۇ ھەقتىكى بەزى كۆز قاراشلىرىمدا توغرا بولمىغان يەرلەر بولۇشى مۇمكىن. بولداش-لارنىڭ تەنقىدىي مۇناسىۋەتتە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانىلەر توغرىسىدا①

ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا، تەبىئەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدىكى ھەر خىل فانتاستىك تەسەۋۋۇرلىرى ۋە كۆز قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ ھەر خىل تەڭرىلەر، ئەپسانىۋى قەھرىمانلار، دىۋە-پەرىلەر ۋە روھى-ئەرۋاھلارنى ئاساسىي قەھرىمان قىلغان ھېكايە-چۆچەكلەرنىڭ يىغىندىسى ئەپسانە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىپتىدائىي خەلق ئېتىقادىدا ئەپسانىۋى چۈشەنچىلەر پەيدىنپەي تەرەققىي قىلغان.

ئىنسانلار دەسلەپتە ئۆزلىرىگە سىرلىق تۇيۇلغان تۇرلۇك تىلسىملىق نەرسىلەرگە تېۋىنىغان (فېتىشىزم) تاغۇتاشلارغا، دەرەخلەرگە، ئوتقا، كۈنگە، ئايغا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە تېۋىنىش ئەنە شۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىيات ساھەسىدە مۇشۇنداق ئىپتىدائىي خەلق ئېتىقادىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان رىۋايەتلەر خېلى زور سالماقنى

① 1985-يىلى 5-ئايدا ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن.

تەشكىل قىلىدۇ. بىر خەنزۇ مەلىكىسىنى ئۇيغۇر خانلىرىغا ياتلىق قىلغاندا، تىلسىملىق بىر قارا قورام تاشنى مەلىكە بەدەلىگە ئېلىپ كېتىش نەتىجىسىدە ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ كەينى - كەينىدىن ئۆلۈپ كەنكەنلىكى ھەققىدىكى تارىخىي رىۋايەت ئەنە شۇنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بىرى.

بۇ خىل ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ قالدۇق ئىزلىرىنى خەلقىمىزنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن كۆپلەپ تېپىش مۇمكىن. سۆگەل غوجامغا "يۈزدىكى سۆگەللەرنى ساقايتىدۇ" دەپ ئېتىقاد قىلىش، ئۇ كىشىنى يامان روھلاردىن ساقلايدىغان خاسىيەتلىك پەي دەپ تونۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

ئىپتىدائىي خەلق ئېتىقادىنىڭ يەنە بىرى ھەر خىل تۇتېملارغا ئېتىقاد قىلىش بولۇپ، باشقا خەلقلەردە بولغاندەك ئۇيغۇر خەلقىدىمۇ قەدىمكى چاغلاردا بۆرە تۇتېمى بەك زور تەسىرگە ئىگە ئىدى. ئۇيغۇر ئەپسانىسىدە بۆرە تۇتېمىنىڭ ھەر خىل ئوبرازلىرى تەسۋىرلەنگەن ئەپسانىلەر ۋە تارىخىي رىۋايەتلەر خېلى زور سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر خەنزۇ يىلنامىلىرىدا ۋە باشقا تارىخلاردىمۇ قەيت قىلىنغان.

ئىپتىدائىي خەلق ئېتىقادلىرىنىڭ يەنە بىر تۈرى، تۈرلۈك روھلارغا ئېتىقاد قىلىش، بولۇپ بۇ خىل ئېتىقاد (ئانىمىزم) خەلق ئەپسانىلىرىنىڭ بىريۈقىرى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇيغۇر خاقانلىرىنى تەڭرىنىڭ (تەڭرىنىڭ يەر

يۇزىـگە ئەۋەتـكەن ۋەكـىلى) دەپ ئېتىـقاد قىلىـش، خاقانلار ئۆلگەندە ئۇلارغا ئاخىرەتـتە خىزمەت قىلىدۇ، دەپ شۇ خاقانلار تەرىپىـدىن جەڭـدە ئۆلتۈرۈلـگەن دۈشـمەن سەركەردىلىرىنى (باشقا قەبىلىلەرنىڭ خانلىرى، ئاتاقلىق باتۇرلىرى ۋە شۇنىڭـغا ئوخشاشلارنى) خاقان قەبرىـسى ئالدىـغا بالبال قىلىپ تىكلەش ھەققىدىكى تۈرلۈك تارىخىي رىۋايەتلەر مانا شۇنداق ئەرۋاھلارغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ نەمۇنىلىرى.

فولكلورچىلىقتا مانا شۇنداق ئىپتىدائىي ئېتىقادلار ئاساسدا شەكىللەنگەن ئەپسانىۋى ئوبرازلارنىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغان ۋە ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىنغان تۈرلىـرى قەدىمـكى ھىندى ۋە قەدىمكى يۇنان مىفولوگىيىسى ھېسابلىنىدۇ.

باشقا خەلقلەردە بولغاندەك، ئۇيـغۇر خەلقىـدىمۇ ئۆزىـنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىپتىدائىي ئېتىقادلىـرى ئاساسـدا شەكىلـلەنگەن خەلق ئەپـسانىلـرى مەۋجۇت. ئۇيـغۇر خەلقىـنىڭ قەدىمـكى دىنىي شامانىزمدىن ئىبارەت بۇ خىل دىنىـي ئېتىقادى ئالـتاي تىل سىستېمىسىغا كىرىدىغان خەلقـلەر ئۈچـۈن ئورتاق بولۇپ، بۇ ئىپتىدائىي ئېتىقادلار ئاساسـدا شەكىللەنـگەن ئەپسانىـلەر ئومۇمەن ئالتاي ئەپسانىلىرى دەپمۇ ئاتىلىپ كەلمەكتە (بۇ خىل ئېتىقادلار ھازىرقى زامان دىنلىرىغا كۆچمىگەن ئالتايدىكى تۈركىي خەلقلەر فولـكلورىـدا بىرقەدەر تولۇق ساقلانـغانچقا شۇنـداق ئاتالغان).

ئالتاي ئەپسانىلىرىدا چوڭ تەڭرىلەر ئۈچ بولۇپ، بۇلار تۆۋەند-

دىكىلەردىن ئىبارەت:

1. كۆك تەڭرى — بۇ تەڭرى دۇنيانى ياراتقۇچى دەپ تونۇلىدۇ. قىسقىچە "تەڭرى" دېگەن سۆز بىلەنلا ئاتىلىدۇ. ئالتاي ئەپسانىلىرىدا بۇ تەڭرىنىڭ "قاراخان" دېگەن خاس ئىسمىمۇ بار. قاراخاننىڭ "كىشى"نى ياراتقانلىقى ۋە شۇ كىشىنىڭ ئىلتىماسى بىلەن يەر يۈزىنى ياراتقانلىقى، ئىنسانلارنىڭ شۇ "كىشى"دىن تارالغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت قەدىمكى يەھۇدىي ئەپسانىسىدىن كېلىپ چىقىپ، كېيىنچە ئىسلام دىنى ئارقىلىق خەلقىمىز ئىچىگە كەڭ تارقالغان ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانا ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ ئالتاي خەلقى شۇ جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىكى يەرلىك ۋارىيانتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2. يەر تەڭرىسى — ئادەتتە يەر تەڭرىسى "يەر سۇپ" دەپ ئاتىلىدۇ. ئورخۇن ئابىدىلىرىدە تەكرار-تەكرار تىلغا ئېلىنىدىغان "يەر-سۇپ" (يەر-سۇ) قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا يۇرت، ۋەتەن ھامىيسى دەپ ئېتىقاد قىلىنغان. ھەربىر قەبىلىلەر باشلىقى ياكى خاقانلار جەڭ سەپىرىگە چىقىشتىن ئىلگىرى "كۆك تەڭرى"دىن مەدەت تىلىگەندىن تاشقىرى "يەر-سۇپ"دىنمۇ مەدەت تىلەپ نەزىر-چىراغ قىلىدۇ. ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغۇچى كىشى "يەر-سۇپ"نىڭ قەھرى غەزىپىگە ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ئېتىقادنىڭ قالدۇقلىرى خەلقىمىز ئارىسىدا ھازىرمۇ ساقلانماقتا. يەرنىڭ ئىلاھى كۈچىگە ئېتىقاد قىلىپ "يەر تۇرسۇن" دەپ

قەسەم قىلىش ۋە يەر يېرىلىپ كىشىلەرنى ئۆز قوينىغا ئالغانلىق ھەققىدىكى رىۋايەتلەر بۇنىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى.

3. ئاياللار ۋە باللار تەڭرىسى — شامان دىنى ئېتىقادىدىكى ئۈچىنچى چوڭ تەڭرى "ئۇماي" (هوماي) ئەنە شۇنداق تەڭرى بولۇپ ئورخۇن ئابىدىلىرىدە بۇ تەڭرى دائىم كۆك تەڭرى، يەرسۇپ بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىنىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا "ئۇمايغا تاپىنسا ئوغۇل بولۇر" دېگەن ماقال بار. بۇ ماقالمۇ ئەسلىدە ئەنە شۇ قەدىمكى ئېتىقادنىڭ ئىنكاسى، كۆپ خۇدالىق دىنىنىڭ ئىنكاسى بولغان بۇ ماقالنى ئىسلام دىنى ئېتىقادىغا زىت كېلىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن مەھمۇت قەشقەرى بۇ ماقالنى ئىسلامغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ئىزاھلىغان. قەدىمكى ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدە ئۇمايىنىڭ نوپۇزى بەك چوڭ بولغان. قەدىمكى خەنزۇ رىۋايەتلىرىدە ئۇماي غەربىي شىمالدىكى خەلقلەرنىڭ ئايال پادىشاھى دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ، بوغدا چوققىسى يېنىدىكى "تەڭرى كۆلى" ئەنە شۇ ئۇمايىنىڭ تۇرىدىغان جايى دەپ تونۇلىدۇ، (خەنزۇ تارىخى رىۋايەتلىرىدىكى "شمۇ ۋاڭ" ھەققىدىكى بايانلارغا قاراڭ).

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان چوڭ تەڭرىلەردىن باشقا يەنە بىر مۇنچە ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى دەرىجىلىك تەڭرىلەرمۇ بولغان. بۇلار بەخت (قۇت) تەڭرىسى، ئۇرۇش تەڭرىسى، تاغ تەڭرىسى، دەريا تەڭرىسى (ئاراڭلار)، ئورمان تەڭرىسى دېگەنلەرگە ئوخشاش ۋە چوپان ئاتا، يىلقى ئاتا ياكى قامبار، دېھقان ئاتا،

زەڭگى باۋا، ئويۇلقارا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۈچىنچى دەرىجىلىك تەڭرىلەر (ئىگىلەر)مۇ بار. ئىپتىدائيي خەلق ئېتىقادىدا بۇ تەڭرىلەرمۇ ئۆز ساھەلىرى بويىچە كىشىلەرگە ھامىيلىق قىلغان.

بەخت تەڭرىسى ــ قۇت (قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۆرە دېگەن بولىدۇ، ھازىرقى تىلىمىزدا بەخت مەنىسىدىكى ”قوت“ سۆزى شۇنىڭدىن كەلگەن) ئۇ ئىنسانلار ئارىسىدا «كۆك بۆرە شەكلىدە پەيدا بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى شۇ ”قۇت“قا باغلىنىدۇ. قۇت ياكى ”كۆك بۆرى“ جەڭلەردە يول باشلىغۇچى، خەلق بېشىغا قىيىنچىلىق كەلگەندە ئۇلارغا قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش يولىنى كۆرسەتكۈچى بولغان، شۇڭا قەدىمكى ئۇيغۇرلار ”كۆك بۆرى“نى خانلارنىڭ ھىمايىچىسى دەپ قاراپ، ئۇرۇش تۇغ-لىرىنىڭ بېشىغا ”قۇت“ (بۆرە) ئوبرازىنى بېكىتكەن. بۇ خىل ئېتىقادنىڭ قالدۇقى چارۋىچى خەلقلەر ئىچىدە ھازىرمۇ مەۋجۇت، قويغا بۆرە تەگسە، ئاپەت دەپ قارىماستىن ئامەت كېلىدۇ دەپ قاراش ئەنە شۇنىڭ بىر مىسالى.

ئۇرۇش تەڭرىسگە تېۋىنىشنىڭ تارىخىمۇ بەك ئۇزۇن. بايقال تاغلىرىدىكى بىر سىنتاشقا سىزىلغان رەسىمدە بىرقانچە ئاتلىق ئادەمنىڭ ئالدىدا تۇغ قادالغان بىر ياۋىداق ئاتنىڭ سەپ ئالدىدا ماڭغانلىقى تەسۋىرلەنگەن (بۇندىن 6000 يىل ئاۋۋالقى رەسىم). بىزگە مەلۇم، چىڭگىزخاننىڭ ئۇرۇش سەپەرلىرىدە سەپنىڭ ئالدىدا ھېچكىم مىنمەيدىغان بىر ئاق ئاتنىڭ تۇغ بىلەن بىللە مېڭىشى، ئەنە شۇ دەۋرىدىكى ئۇرۇش تەڭرىسگە

بولغان ئېتىقادتىن كەلگەن (بۇ خىل ئېتىقاد بويىچە جەڭدە بۇ ئاق ئاتقا ئۇرۇش تەڭرىسى مىنەرمىش).

ئورمان تەڭرىسى ھەققىدىكى ئېتىقادمۇ خەلق ئەپسانىلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خانلىرىنىڭ دەرەختىن تۇغۇلغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت بۇنىڭ يەنە بىر ئوبدان مىسالى. ئورمان تەڭرىسىگە تېۋىنىشنىڭ قالدۇقلىرى خەلق ئۆرپ ـ ئادىتىدە ھازىرمۇ بار. مەسىلەن، ئۇيغۇر دېھقانـ لىرى هويلا يېنىدا كەڭ يىلتىز تارتىپ چاتاقلاپ كېرىلىپ ئۆسكەن دەرەخلەرنى كېسىشتىن ھەزەر قىلىدۇ، يالغۇز ئۆسكەن دەرەخقە"يۇرۇن" ("يۇرۇچ") باغلاپ ھۆرمەت قىلىدۇ، مۇنداق دەرەخلەرنى كەسسە، "يۇرتقا ياكى ئۆيگە ئاپەت كېلىدۇ" دەپ چۈشىنىدۇ.

"تاغ تەڭرىسى"گە تېۋىنىشتىمۇ ئالتاي ئەپسانىلىرى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ خاقانلىرى "ئۆتۈكەن" تېغىنى مۇقەددەس بىلىپ، تەختكە ئولتۇرغاندا شۇ تاغدا ئولتۇرۇشى، "خان تەڭرى"نى مۇقەددەس بىلىش، يەتتىسۇدىكى ئۇلۇغ تاغ، كىچىك تاغ، (ئورتاغ، كېرى تاغ)لارنى تەڭرىلەر تۇرىدىغان جايلار دەپ ئېتىقاد قىلىش ۋە بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەر ئەنە شۇ تاغ تەڭرىسىگە تېۋىنىشنىڭ مىساللىرى. بۇ خىل ئېتىقاد خەلق ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىمۇ ئۆز ئىزىنى قالدۇرغان. مەسىلەن، تاغ چوققىلىرىنى مۇقەددەس بىلىش (بۇ يەرلەردە تاغ ئىگىسى تۇرىدۇ دەپ ئىشىنىش)، ھەرقانداق تاغ چوققىسىغا تەرەت

قىلىشتىن ھەزەر قىلىش ئەنە شۇنىڭ ئىپادىسى.

ئۇيغۇرلارنىڭ مازارلىرى ۋە قەبرىلىرىگە تاغ تېكىسىنىڭ، قوشقارلارنىڭ مۈڭگۈزلىرىنى قويۇشمۇ قەدىمكى خەلق ئەپسانىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ بىر خىل قالدۇقى.

ھەر خىل قۇشلار ۋە باشقا جانىۋارلارغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەردىمۇ ئىپتىدائىي خەلق ئېتىقادلىرىنىڭ ئىنكاسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئىنسانىيەتكە ئوت ئوغۇرلاپ بەرگەن «قارلىغاچ» ھەققىدىكى رىۋايەت يۇنان ئەپسانىسىدىكى شۇ خىلدىكى رىۋايەتنىڭ يەرلىك شەكلى.

ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدا "ئات" تۇتىمىمۇ زور ئورۇن تۇتىدۇ، ئات تەڭرىلەرگە خاس خۇسۇسىيەتلەر بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. خاقانلارنىڭ، خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ مىنگەن ئاتلىرى شۇ قەھرىمانلارغا ئوخشاشلا ھۆرمەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. ئابىدىلەردە مۇنداق ئاتلارنىڭ ئىسىملىرىمۇ قەيت قىلىنغان. خەلق ئەپسانىلىرىدە قەھرىماننىڭ مىنگەن ئېتى غايىبتىن خەۋەر بەرگۈچى، خەتەردىن ئاگاھلاندۇرغۇچى، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرغۇچى سېھىرلىك مەخلۇق قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ.

ئېتىنىڭ ئوبرازلارمۇ خەلق ئەپسانىسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

قىسقىسى، ئالتاي ئەپسانىلىرىمۇ باشقا خەلقلەرنىڭ مىفولوگىيىسىدىن پەرقلىنىدىغان خاس بىر پۈتۈن ئوبزارلار سىستېمىسىغا ئىگە.

چوڭ تەڭرىلەرنىڭ "قاراخان"، "يەر ـ سۇپ"، "ئوماي" دېگەندەك مەخسۇس ئىسىملىرى بولغاندەك، باشقا تەڭرىلەر (روھلار)نىڭمۇ "ئىل ياغمىش تەڭرىسى"، "ئىل بىرىكمە تەڭرىم" (ئەل، مەملىكەت بەخش قىلىدىغان تەڭرىم)، بۆكە (دىۋە) يەل بۆكە (بىر خىل دىۋە)، ئېلبى (سېھىر)، ئېلبىسلىك (سېھىر ـ لىك)، "ئۆتۈكەن قۇش" (ئۆتۈكەننى قوغدايدىغان تەڭرى)، ئىدۇق قۇت، (تۇرپان ئېدىقۇتلىرى مۇشۇ ئىسىم ئارقىلىق ئۆزلىرىنى تەڭرىگە باغلايدۇ) دېگەندەك خاس ئىسىملىرى بار.

ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىنىڭ بۇ قىسمى بىزنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىكى ئۆزىمىزگە خاس مىللىي مىراس ھېسابلىنىدۇ. بۇ چاغقىچە بۇ ھەقتە ئوبدان تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى. شۇڭا ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى تىلغا ئېلىنسىلا، بىزگە قەدىمكى ھىندى، قەدىمكى ئىران ۋە ئەرەب ئىسلام خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئارقىلىق كىرىپ، ئۇزاق مۇددەت ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەتكەن ئەپسانىلەر كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. بۇلارنىمۇ تەتقىق قىلىش كېرەك. لېكىن بۇلارنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەسلى ئەپسانىلىرىنى ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويساق، ئۇ چاغدا ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىنى باشقا خەلقلەرنىڭ ئەپسانىلىرىدىن پەرق ئەتكىلى بولماي قالىدۇ. قەدىمكى ھىندى، ئىران، ئەرەب ۋە يەھۇدىي ئەپسانىلىرىدىن خەۋەردار كىشىلەر بىر كۆرۈپلا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئەپسانىلىرى

يوق ئىكەن، ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى باشقا خەلقلەردىن كەلگەنلىكەن دېگەن چۈشەنچىگە كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

شۇڭا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا ئۆزىمىزنىڭ نەرسىلىرى بىلەن باشقا خەلقلەردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن نەرسىلەرنى بىر ـ بىردىن پەرقلەندۈرۈپ، ھەربىرىسىگە ئۆز لايىقىدا ئورۇن بېرىش كېرەك.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بىر قىسىم دېمونولوگىيىلىك پېرسوناژلار ئۇيغۇرلار ھەر خىل دەۋرلەردە ئېتىقاد قىلغان زەردەش دىنى (ئوتپەرەسلىك)، مانى دىنى (كۆن ۋە ئاي تەڭرىلەرگە تېۋىنىش)، بۇددا دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بولۇپمۇ بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنى مۇناسىۋىتى بىلەن قەدىمكى ھىندى ئەپسانىلىرىدىكى بىر مۇنچە دېمونولوگىيىلىك پېرسوناژلار ۋە ئەرەب ئىران دېمونولوگىيىسىنىڭ تۈرلۈك پېرسوناژلىرى ئۇيغۇر ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان.

مەسىلەن، تۈرلۈك دىۋە ـ پەرىلەر، ئالۋاستىلار، ئەجدىھالار، يالماۋۇزلار، شەيتانلار، (قەدىمكى ئۇيغۇرچىدە يەكلەر)، سېھىرگەرلەر، تىلسىماتلار، ئەرۋاھلار، ئەۋلىيا، مازار ـ ماشايىقلار، خىزىر ـ پىرلار ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىدە كەڭ تارقالغان.

مۇنداق دېمونولوگىيىلىك پېرسوناژلار كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشـ

دىغان كىشىلەرمۇ غەيرىي تەبىئىي قۇدرەتكە كىرىدۇ.

ئەرۋاھلار بىلەن ئۇچراشقان كىشى ياكى ئۇنىڭ قولدىشى بالاغا ئۇچرايدۇ.

بەزى ئەپسانىۋى مەخلۇقلار ئادەتتە هايۋان، شامال، قۇيۇن، ئوت، ئىس قىياپىتىدە كۆرۈنىدۇ. مۇنداق شامال، قۇيۇنتاز ياكى بورانغا يولۇققان ئادەملەر كۆپىنچە ساغرۇ (گاس)، قارىغۇ، پالەچ بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىنىدۇ.

دىۋىلەر ئادەتتە بوران بىلەن كېلىدۇ، مۇنداق دىۋىلەر تاجىك تىلىدا "دىۋى بادە" دەپ ئاتىلىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى داستانلاردا ئەرۋاھلار كىشىلەرگە ھەمىشە نىشانغا تېگىدىغان ئوق، ھەممىنى كېسەلەيدىغان قىلىچ، ئىشلىتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان رەخت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خاسىيەتلىك نەرسىلەرنى بېرىدۇ. بەزى ئەپسانىلەردە كۆپىنچە قەھرىمان كېچىسى كۆتۈلمىگەن مەشرەپ-تويلارغا دۇچ كېلىپ قالىدۇ، ئۆزى سازەندە قىياپىتىدە مەشرەپكە ئىشتىراك قىلىپ، جىن-پەرىلەرنىڭ مەشرەپلىرىدىن باي سوۋغىلارنى ئالىدۇ، تاڭ ئاتقاندا ئۆزىنى قەبرىستاندا، ئەسكى تاملىقتا ياكى چۆل-دالادا ياتقان ھالدا كۆرىدۇ، مۇكاپات ئالغان ئالتۇن-كۈمۈشلەر ئەخلەت-چاۋار قۇرۇق ئۇستىخان ياكى كۆلدىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانىلەردە يەنە قەھرىمانلار جىنلارنىڭ سېھىرلىك ھېكمەتلىرى يېزىلغان كىچىك كىتابچىلارنى

قولغا چۈشـۈرۈۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جىن ـ ئالـۋاستىلارنىڭ تەقدىر تىزگىنى ئەپسانە قەھرىمانىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قەھرىمان- نىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى تاكى يەتتە ئەۋلادقىچە مەزكۇر جىن ـ پەرىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدىكى دېمونولوگىيىلىك پېرسوناژلارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى: ئۇلار كۆپىنچە قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئاخشىمى ياكى كېچىسى پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ، تاڭ يورۇش بىلەن ئۇلار كۆزدىن غايىب بولىدۇ. چۈنكى خەلق ئېتىقادىدا قەدىمدىن تارتىپ كۆن تەڭرى — يورۇقلۇق قارا كۈچلەرنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان قۇدرەتلىك كۈچ دەپ قارىلىدۇ.

ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدە دېمونولوگىيىلىك پېرسوناژلاردىن جىنلار كۆپىنچە تاغلاردا، چۆلدە، ئېتىزدا، ئەسكى تاملىقلاردا ياشايدۇ.

ئالۋاستىلار، سۇدا، ئەسكى تۇگمەنلەردە، مۇنچىدا ياشايدۇ، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنى بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ.

پەرىلەرنىڭ ياشايدىغان جايلىرى چەكلەنمەيدۇ.

كەڭ يىلتىز تارتىپ كەتكەن كونا دەرەخلەر، جىگدىلىكلەر، ئەتراپىدا باشقا دەرەخلەر بولمىغان يالغۇز دەرەخلەر ئادەتتە جىن ـ پەرىلەر ماكانى دەپ قارىلىدۇ.

خەلق ئېتىقادىدا يامان روھلاردىن ساقلايدىغان نەرسىلەرمۇ بار. بۇلار: ئوق، خەنجەر، پىچاق، قايچا، مىخ، سامساق، ئىسىرىق، كۆز مونچاق، تىلتومار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردىن

ئىبارەت. بۇلار ئەپسانە ساھەسىدىكى خەلق ئېتىقادىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دىمونولوگىيىلىك پېرسوناژلارنىڭ بەزىلىرى تۈركىي خەلقلەرگە خاس ئىپتىدائىي ئېتىقادلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، بەزىلىرى ئىران خەلقلىرىنىڭ كونا دىنى ئېتىقادلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛ بەزىلىرى ئىسلام دىنى ئېتىقادلىرى (بۇنىڭ ئىچىدە تۈرلۈك مەزھەپلەر بولۇپمۇ تەسەۋۋۇرچىلىق) بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛ بەزىلىرى بوددا دىنى ئېتىقادلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك (مەسىلەن، ئادەملەرنىڭ تۈرلۈك ھايۋانلارغا ئايلىنىپ قېلىشى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر بۇلارنىڭ كېلىش مەنبەلىرى ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن بۇلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئۇزاق مۇددەت ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، تەكرار - تەكرار ئېيتىلىش جەريانىدا، شەكىل جەھەتتىن ئۇيغۇرلارغا خاس مىللىي خۇسۇسىيەت ئالغان؛ شۇڭا بۇلارنى بىز ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى دەپ تونۇيمىز. بۇلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خەلق ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە رەسىم-يوسۇنلىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ باي ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىسىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي پىكىر فورمىسى، كومپوزىتسىيىلىك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ تۈراقلىقى، لېكسىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئۆزىگە خاسلىقى جەھەتلەردە ئۆز

ئىپادىسىنى تاپىدۇ ۋە مۇشۇ جەھەتلەردە باشقا خەلقلەرنىڭ ئەپسانىلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

پېرسوناژلىق شەكىل جەھەتتە ئۇيغۇر ئەپسانىلىرى مۇنداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

بۇ خىل ژانىردا ھەممىشە ئىسپات كەلتۈرۈش (يەنى ۋەقەنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش) ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ، ۋەقە ھەممىشە ئاڭلىغۇچىلارغا مەلۇم بولغان بىر جايدا يۈز بېرىدۇ. ۋەقە ھەممىشە مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە (ئادەتتە قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئاخشىمى ياكى كېچىدە) يۈز بېرىدۇ.

كومپوزىتسىيىسى بىرقەدەر مۇقىم بولىدۇ. ئورۇن؛ ۋاقىت، پېرسوناژ تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاجايىپ-غارايىپ ۋەقەنىڭ ھېكايىسى باشلىنىدۇ. دىمونولوگىيىلىك پېرسوناژ بىلەن ئۇچرىشىش ئالدىدا قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك كەيپىيات تەسۋىرلىنىدۇ. جىن-شەيتانلاردىن قۇتۇلۇش ۋاستىسى كۆرسىتىلگەن بولىدۇ، ئۇلار بىلەن ئۇچراشقانلىقنىڭ ئاقىۋىتى بايان قىلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىردا ئادەمگە ئۇچراشقان دىۋە ياكى جىننىڭ قايسى دىۋە ياكى جىن ئىكەنلىكى ئىزھار قىلىنىدۇ. بۇ يەردە يەنە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەك. قىسقا ئىنفورماتسىيە تەرىقىسىدە ئىشلەتكەن يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بولۇشى شەرت ئەمەس.

ئەپسانە ئادەتتە تۇرمۇشتا دۇچ كەلگەن بىرەر ۋەقەنى سۆزلەش بىلەن باشلىنىدۇ. مۇنداق بايان ئانچە ئۇزۇن بولمايدۇ.

هېكايە سۆزلىگۈچىنىڭ دىققىتى دۇچ كەلگەن تاسادىپىي ۋەقەنى ۋە ئاجايىپ-غارايىپ مەخلۇقنى تەسۋىرلەشكە قارىتىلغان بولىدۇ. هېكايىگە مەزكۇر ۋەقەدىن سىرت هېچ نەرسە قىستۇرۇلمىغان بولىدۇ. قەھرىمانىنىڭ روھىي-ھالىتى تەبىئەت مەنزىرىسى تەسۋىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دېتاللارغا ئانچە كۆپ ئورۇن بېرىلمەيدۇ (بۇلار بولسىمۇ بەك قىسقا بولىدۇ)

بۇ ژانىرنىڭ قانۇنىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، هېكايە دىنامىكىسى بەك جىددىي داۋام قىلىدۇ، سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزلىرى بىر خىل خۇپىيانە-سىھىرلىك تۇسكە كىرگۈزۈلىدۇ. ئەمما ۋەقەنى بايان قىلىش ئۇسۇلى تەمكىن، سالماق بولىدۇ. قورقۇنچلۇق، خۇپىيانىلىك كەيپىياتىنى يارىتىشتا هېكايىچىنىڭ ھەرىكىتى (ئىنتوناتسىيىسى، مىمىكىسى، كەسكىن پاۋزىلىرى) مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئەپساندە هېكايىنىڭ باشلىنىشى، كولمىناتسىيىسى ۋە ئاخىرى ئەنئەنىلىك بولىدۇ.

سۆز ئادەتتە، "بىرچاغلاردا" "كۈنلەردىن بىر كۈنى"، "شۇنداق بىر ۋەقە بولغان" دېگەندەك مۇقىم ئىبارىلەر بىلەن باشلىنىدۇ. كولمىناتسىيە "بىردىن"، "تۇيۇقسىز"، "ئۇشتۇمتۇت" دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن باشلىنىدۇ. ۋەقەنىڭ ئاخىرى "بىردىن غايىب بولدى"، "قانداق تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق تۇيۇقسىز يوقالدى" دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

هېكايىچى بۇ هېكايىنى ئۆزى ئىجاد قىلمىغان بولغاچقا ئۇ بۇنى سۆزلەشتە بۇ ژانىرنىڭ شۇنداق ئەنئەنىلىك قانۇنلىرىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدۇ. ئەۋلادتىن ئەۋلاتقا سۆزلىنىپ كەلگەن مۇشۇنداق كۆپ ئەسىرلىك ئەنئەنە ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇشۇنداق ژانىر فورمىلىرىنىڭ تۇراقلىق بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرگەن.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ژانىرنىڭ كۆپ تەكرارلىنىشتىن ئىبارەت ئىجادىيەت يولى مەزمۇنىنى، ئوبرازلارنى قايتا ـ قايتا تاللاشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. بۇ نەرسە، ئۆزگە خاس ئالاهىدە ئىستىل ۋە ئالاهىدە شەكىل پەيدا بولۇشىغا ئىمكانىيەت بېرىدۇ. بۇنداق تۇرغۇن مورفولوگىيىلىك شەكلى قۇرۇلما، لېكسىكىدىكى تۇراقلىق، سۆز ـ ئىستىل ئامىللىرىدىن پايدىلىنىشتىكى ئىزچىل-لىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئەپسانىلەرنىڭ لېكسىكىسىدا بەزى هەممىگە ئورتاق مۇقىم ئىبارىلەر، سۆز تەكرارلىرى (ماڭا ـ ماڭا، ئۇزاق ـ ئۇزاق، ئېغىر ـ ئېغىر دېگەنگە ئوخشاش) بىر خىل ئەنئەنىگە ئايلانغان بولىدۇ، ئىملىقلارمۇ ئەپسانىلەردە مۇهىم رول ئوينايدۇ (بىردىن ئىتلار هاۋ ـ هاۋ قىلىپ هاۋشۇشقا باشلىدى، ئات تېپىر ـ تېپىر، تېپىر ـ تېپىر قىلىپ تۇرۇۋالدى، شەيتان ها، ها، ها قىلىپ كۈلۈپ كەتتى دېگەندەك).

ئۇيغۇر ئەپسانىسىدىكى يەنە بىر خۇسۇسىيەت ئۇنىڭدا ئىسلام دىنى ئەنئەنىلىرى بىلەن غەيرىي دىنلار دەۋرىدىكى ئېتىقادلار

(بولۇپمۇ شامانىزم دەۋرىدىن قالغان ئېتىقادلار) ئارىلاشقان. مەسىلەن، كېسەلنى داۋالاشقا تېۋىپلار بىلەن باخشىلار، داخانلار بىردەك قاتنىشىدۇ، جىن ـ ئالۋاستىلاردىن ياكى دىۋە ـ پەرىلەردىن كەلگەن كېسەللىكلەرنى كۆپىنچە باخشىلار، داخانلار داۋالىشى شەرت دەپ ئېتىقاد قىلىنىدۇ. ئۇيغۇر تارىخىدىكى تارىخىي شەخس سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى ئاسمانغا چىقىرىپ ئۇنىڭغا خۇدانىڭ دەرگاھىدا پەيغەمبەرلەر قاتارىدا ئورۇن بېرىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

ئېتىقاد جەھەتتىكى بۇ خىل مۇرەككەپلىك ئۇيغۇر ئەپسانىسى تەتقىقاتىنى يەنىمۇ قىيىنلاشتۇرىدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتتا ناھايىتى ئېھتىياتلىق مۇئامىلىدە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانىشۇناسلىق ژانىرى ئۇيغۇر فولكلورچىلىقىدا ئالاھىدە تەتقىق قىلىدىغان بىر خىل بەدىئىي بايلىق، خەلقىمىز ياراتقان بىر خىل سەنئەت شەكلى. گوركى: "ئادەم تەبىئىتى بىلەن رەسسامدۇر. ئۇ ھەممە يەردە يا ئۇنداق يا مۇنداق شەكىلدە ئۆز تۇرمۇشىغا گۈزەللىك كىرگۈزۈشكە تىرىشىدۇ. "كىچىك كىشىلەر" تەرىپىدىن يارىتىلغان خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى، ئەپسانىلەر، چۆچەكلەر، رىۋايەتلەر، سېھىرلىك ئېتىقادلار، ناخشا ـ قوشاقلار، ماقال ـ تەمسىللەر بىزنى بۇنىڭغا ئىشەندۇرىدۇ" دەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تارىخى يادىكارلىقى

## — قوچۇ (ئۇيغۇر) مەھكىمىسىنىڭ ساقۇرت پۈتۈكى

### (تونۇشتۇرۇش)

«قوچۇ (ئۇيغۇر) مەھكىمىسى ساقۇرت پۈتۈكى» (سېلىشتۇرما سۆزلۈكى) ئۇيغۇر تىلىنىڭ 15 - ئەسىرگە ئائىت مۇھىم يادىكارلىقلىرىدىن بىرى. ياۋروپا ئىلىم دۇنياسىغا 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ مەلۇم بولغان بۇ «ساقۇرت پۈتۈك» مەملىكىتىمىزدە رەسمىي نەشىر قىلىنمىغان بولغاچقا، تۈركىي تىللار بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئىلمىي خادىملارنىڭ دىققەت نەزىرىدىن چەتتە قېلىپ كەلگەنىدى. ھازىر يولداش خۇجىغخۇا بىلەن خۇاڭ رۈنخۇا بۇ نادىر يادىكارلىقنىڭ مىن ۋە چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە نەشىر قىلىنغان بىرقانچە نۇسخىسىنى پۇختا سېلىشتۇرۇپ رەتلەپ چىقىپ، ئەسلىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى لاتىن ھەرپلىرى بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىپ، تۈركىي تىللار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىلمىي خادىملارغا سوۋغا قىلدى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ

بۇ قىممەتلىك يادىكارلىقنى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈش-تۈرگەنلىكى ئۈچۈن بىز بۇ يولداشلارغا چىن قەلبىمىزدىن ھاشقالللا ئېيتىمىز.

«قوچۇ (ئۇيغۇر) مەھكىمىسىنىڭ ساقۇرت پۈتۈكى» مەملىكىتى-مىزنىڭ مىن دەۋرىدە تۈرلەرگە بۆلۈش ئۇسۇلى بىلەن تۈزۈل-گەن ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە سىلىشتۇرما سۆزلۈك. بۇ سۆزلۈكنىڭ تۈزۈلگەن ۋاقتى ۋە ھەر خىل نۇسخىلىرى ھەققىدە رەتلىگۈچى يولداشلار ئوبدان ئىزاھات بېرىپ ئۆتكەن (تۆۋەنگە قارالسۇن). مەن پەقەت بۇ سۆزلۈكنىڭ بىزنى قىزىقتۇرغان بەزى تىل خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئىلمىي قىممىتى ھەققىدىلا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى مەھمۇت قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلار دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىلنىڭ تەبىئىي داۋامى ۋە ۋارىسى، قوچۇ ئۇيغۇر مەھكىمىسى سۆزلۈكى بۇ ئىلمىي ھەقىقەتنى ناھايىتى ئوبدان يورۇتۇپ بېرىدۇ. بۇ سۆزلۈكتە، بىر تەرەپتىن قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئەدەبىي تىلنىڭ بىرمۇنچە خۇسۇسىيەتلىرى ئەينەن ساقلانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن (بولۇپمۇ لېكسىكا جەھەتتىن) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بىرمۇنچە خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بۇ سۆزلۈكتە ئالدى بىلەن خاقانىيە ئەدەبىي تىلى بىلەن ئوخشاش نۇقتىلار مۇنۇ جەھەتلەردە پايقىلىدۇ.

1. خاقانىيە تىلى تۈركىي تىللارنىڭ "d" تىلى باسقۇچىدىن

www.uyghurkitap.com

”y“ تىلى باسقۇچىغا كۆچۈۋاتقان دەۋرى. ئۇ تىلدا ”d“ تىلى يەنىلا ئۇستۇنلۇكنى ئىگەللەيدۇ. «قوچۇ سۆزلۇكى» بۇ نۇقتىدا خاقانىيە تىلى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆز پېتى ساقلىغان. ud (ئۆي)، adak (ئاياق)، kodup (قويۇپ)، adik (ئېيىق)، kadin (قېيىن ئانا ياكى قېيىن دەرىخى)، bədük (بۈيۈك)، kədin (كېيىپ) دېگەندەك سۆزلەر بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

2. خاقانىيە تىلى ئاساسەن ”ə“ تىلى ئىدى، ئۇ تىلدا ”ə“ تاۋۇشى ”e“غا ياكى ”i“غا ئۆزگىرىشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ”ə“ يەنىلا ئۇستۇنلۇكنى ئىگەللەيتتى، قوچۇ سۆزلۇكىمۇ بۇ نۇقتىدا خاقانىيە تىلى ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرغان. مەسىلەن، kəyik (كېيىك)، qəqək (چېچەك)، kədin (كېيىن)، təriŋ (تېرەن)، kəpəz (كېۋەز)، kəzik (كېرەك)، yəmix (يېمىش) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

3. خاقانىيە تىلىدا جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇشلار كۆپىنچە سوزۇلمايدۇ (ئىككى قاتلانمايدۇ)، قوچۇ سۆزلۇكى بۇ جەھەتتىمۇ خاقانىيە تىلىغا ئوخشايدۇ. مەسىلەن، otuz (ئوتتۇز)، səkiz (سەككىز)، tokuz (توققۇز)، yiti (يەتتى).

5. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تاۋۇش ئالماشقان نۇرغۇن سۆزلەر قوچۇ ئۇيغۇر سۆزلۇكىدە خاقانىيە دەۋرىدىكى شەكلىنى ساقلىغان، مەسىلەن، /yaqmur (يامغۇر)، /kəkərttə (كۈدە)، karbuz (تاۋۇز)، bars (يولۋاس)، yaliuz (يالغۇز)

6. چاغاتاي ئەدەبىي تىلىدا ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كۆپىنچە ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرگە ئالماشقان نۇرغۇن سۆزلەر «قوچۇ سۆزلۈكى»دە خاقانىيە تىلى دەۋرىدىكى ئەسلى تۈركىي سۆزلەر بويىچە ساقلانغان. مەسىلەن، əgüz (دەريا)، taluy (دېڭىز)، yənkə (پىل)، ətmək (نان)، ət (گۆش)، biqin (مايمۇن)، ərin (لەۋ)، kəbit (دۇكان)، ulus (دۆلەت)، buyan-kut (بەخت-سائادەت)، nom (مۇقەددەس كىتاب)، bitig (خەت، كىتاب)...

7. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلاردىكى تەتۈر ئاسسىمىلاتسىيە (ئۇرغۇ يۆتكىلىشى ياكى كېيىنكى بوغۇمدىكى "i"نىڭ تەسىرى بىلەن بىرىنچى بوغۇمدىكى "a"، "e"لەرنىڭ "e" ياكى "i"غا ئۆزگىرىشى 15-ئەسىردە يېزىق تىلىدا تېخى يۈز بەرمىگەن، قوچۇ مەھكىمىسى سۆزلۈكىدىمۇ ئەھۋال شۇنداق، مەسىلەن، yaxil (يېشىل)، sarïk (سېرىق) tarïk (تېرىقچىلىقتىكى تېرىق)، aqïz (ئېغىز) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش.

8. ساناق سىستېمىسىمۇ تولۇق ئۆزگىرىپ بولمىغان (بىزگە مەلۇم كونا ئۇيغۇرچە ساناق سىستېمىسى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆزگىرىشكە باشلىغان، بۇ ئۆزگىرىش قەشقەرىيىدە 10 — 11-ئەسىرلەردە يۈز بەرگەن. «قوچۇ سۆزلۈكى»دىكى bir yigirmə ay (11-ئاي) دېگەن سۆز بۇنىڭدىن دالالەت بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا «قوچۇ سۆزلۈكى»دە دەرىجە سان قوشۇمچىسىنىڭ ئىككى

ۋارىيانتى مەۋجۇت، مەسىلەن ikindi، üqünq دېگەندەك سۆز-
لەردىكى ndi+، nq+ قوشۇمچىلىرىغا ئوخشاش، بۇ قوشۇمچىلار-
دىمۇ خاقانىيە ئەدەبىي تىلىدىكى ئەنئەنە ساقلانغان. «قوچۇ
سۆزلۈكى»دىكى ساناق سىستېمىسىغا ئائىت سۆزلەردە يەنە yüz،
miŋ، tümən، yüz tümən(مىليون)، kəldi (يۈز مىليون)،
nayot (مىليارد) دېگەن پۈتۈن بىر يۈرۈش ئاتالغۇلارنىڭ
بولۇشى 15 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلى ساناق سىستېمىسىنىڭ
مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى.

9. بۇ سۆزلۈكتە يەنە قەدىمكى تۈركىي تىللارغا خاس
بولغان sewinq (خۇشاللىق)، qïmat (غەزەپ)، boxux
(ھەسرەت)، əmgək (مۇشەققەت، ئازاب)، bükti (ئۇسۇل،
رەقس)، qïqay (كەمبەغەل)، aŋït (تازىم)، əbqi (خوتۇن).
ḳakxi (باخشى، ئۇستاز)، دېگەنگە ئوخشاش كونا سۆزلەر
خېلى كۆپ مىقداردا ساقلانغان.

”قوچۇ مەھكىمىسى“، سۆزلۈكى ئەكس ئەتتۈرگەن ھازىرقى
زامان ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەرگە كەلسەك، بۇلارنىڭ سانى
ناھايىتى كۆپ، مۇنداق سۆزلەرنىڭ بىرمۇنچىسى پەقەت
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىلا ساقلانغان بولۇپ، باشقا تۈركىي
تىللاردا كۆپ ئۇچرىمايدۇ، مەسىلەن، əmdiki (ئەمدىكى)،
yïqaq (يىغاچ)، səgət (سۆگەت)، ḳaqaura (قۇچۇرا)، qəxüm
(جۇجەم)، sünük (چۇلۇك)، qintən (چىنتەن دەرىخى)،
məkiyən (مىكىيان)، baytal (بايتال)، otïqi (ئوتىچى،

تېۋسىپ)، tawar (دۇردۇن-تاۋار)، kaxtax (قاشتېشى)، sirkə (سىركە)، altin (تۆۋەن، ئالتىن ئارتۇش دېگەندىكى ئالتىن)؛ iqkiri (ئىچكىرى)، taxķïri (تاشقىرى)، sidam (سىدام) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش،

يەنە بىر تەرەپتىن كۆپچىلىك تۈركىي تىللار ئۈچۈن ئورتاق بولغان بىرمۇنچە سۆزلەرمۇ بۇ سۆزلۈكتە ئۇيغۇرچە ۋارىيانتى بىلەن كىرگەن.

tawuxķan (توشقان، باشقىلاردا قويان)، taķaw (توخۇ، باشقىلاردا تاۋۇق) bəg (بەگ)، yürək (يۈرەك)، iqək (ئىچەك)، ķaznaķ (قازناق)، tüŋlük (تۈڭلۈك)، tuƣ (تۇغ)، yiŋnə (يىڭنە)، qoki (چوكا)، soƣn (سوغا)، ətük~ötük (ئۆتۈك)، altun (ئالتۇن)، yaƣ (ياغ).

قىسقىسى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆتۈش دەۋرىدىكى قۇمۇل-تۇرپان ئۇيغۇر تىلىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ سۆزلۈك — ئۇيغۇر تىلى تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم بىر باسقۇچنى يورۇتۇپ بېرىش جەھەتتىن ئىنتايىن زور قىممەتلىك يازما يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ.

شۇڭا بىز بۇ مۇھىم يادىكارلىقنىڭ نەشر قىلىنغانلىقىنى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىكى بىر چوڭ ۋەقە دەپ قارايمىز، شۇنىڭدەك بۇ مۇھىم ئەسەرنى پۇختا، ئىلمىي ئاساستا نەشرگە تەييارلىغان پروفېسسور خۇ جېڭخۇا ۋە خۇاڭ رۇنخۇا يولداشلارنى بۇ يېڭى ئىلمىي ئەمگىكى نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى

بىلەن قىزغىن تەبرىكلەيمىز.

تۆۋەندە، بىز خۇ جىڭخۇا ۋە خۇاڭ رۇنخۇا بولداشلارنىڭ "ساقۇرت پۈتۈك" ئۈچۈن يازغان «كىرىش سۆز»نى بۇ ماقالىگە ئىلاۋە قىلىپ كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىمىز.

1983 .10 .5

## قوشۇمچە ماتېرىيال:

### قوچۇ (ئۇيغۇر) مەھكىمىسىنىڭ ساقۇرت پۈتۈكى

### (سۆزلۈك)

1407 ــ يىلى (يۇنلۇ 5 ــ يىلى) مىن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چەت ئەللەردىن ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن تارتۇق ئۈچۈن بېيجىڭغا كەلگەن ئەمەلدارلارغا تەرجىمانلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن "يات مىللەتلەر مەھكىمىسى" تەسىس قىلدى، بۇ مەھكىمە دەسلەپتە پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە خەنلىگۈەن قاراشلىق ئىدى. 1494 ــ يىلى "تەيچاڭ سى" ناملىق دىۋان مەھكىمىسى تەۋەلىكىگە ئۆتكۈزۈلۈپ، تەرجىمە خىزمىتىگە دىۋان بېگى ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىنى مەسئۇل قىلىندى، جياجىڭ يىللىرىغا (1565 ــ 1567) كەلگەندە خىزمەتكە پەقەت دىۋان بېگىنىڭ مۇئاۋىنىلا مەسئۇل بولىدىغان بولدى.

يات مىللەتلەر مەھكىمىسىدە ھەربىر تىل ئۈچۈن بىردىن خەت تەرجىمانى ۋە تۇڭچى (تىلماچ) تەيىنلىنىپ، بۇلار خەت ــ ئالاقە تەرجىمىسى ۋە ئېغىزچە تەرجىمە خىزمىتىنى بېجىرەتتى، بۇ مەھكىمىدە

باشتا موڭغۇل، جۇرجان (مانجۇ)، تۇبۇت، ئەندەكە (ھىندى)، مۇسۇلمان، بۇيى، ئۇيغۇر، بىرما مەھكىمىلىرى تەسىس قىلىنغانىدى. 1511 ـ يىلى بابا مەھكىمىسى، 1579 ـ يىلى بولسا تايلاند مەھكىمىسى قوشۇلدى، شۇنىڭ بىلەن مەھكىمىلەرنىڭ سانى 11 گە يېتىپ، بۇلار ئۆزلىرى مەسئۇل بولغان رايون ياكى دۆلەتلەردىن تارتۇق ئۇچۇن كەلگۈچىلەرنىڭ تەرجىمانلىق خىزمىتىنى ئۆتىدى. مىللەتلەر مەھكىمىسى ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن خەت ـ ئالاقىلەرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلاتتى، كېيىن بۇ خەت ـ چەكلەرنى كىتاب قىلىپ توپلەيتتى، شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى مەھكىمىلەرنىڭ "خەت ـ ئالاقىلىرى" مەيدانغا كېلەتتى، مەھكىمىلەر يەنە بۇ "خەت ـ ئالاقىلار"دىكى سۆزلەملەرنى تۈرلەرگە ئايرىپ مىللىي تىللار بىلەن خەنزۇ تىلى سېلىشتۇرۇلغان سۆزلۈكلەرنى تۈزۈپ چىقاتتى، بۇ سۆزلۈكلەر ھەرقايسى مەھكىمىلەرنىڭ "ساقۇرت پۈتۈكى" (سېلىشتۇرما سۆزلۈكى) دەپ ئاتىلاتتى، «ئۇيغۇر مەھكىمىسى ساقۇرت پۈتۈكى» مىن سولالىسى دەۋرىدە، تۈرلەرگە ئايرىپ تۈزۈلگەن خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) سېلىشتۇرما سۆزلۈكتۇر، «ئۇيغۇر مەھكىمىسى ساقۇرت پۈتۈكى»نىڭ بىرقانچە خىل نۇسخىسى مەۋجۇت. بىز بېيجىڭ دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان ئۈچ خىل نۇسخا بىلەن مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان يەنە بىر خىل نۇسخىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ چىقىپ، بۇ نۇسخىلاردىكى سۆزلەرنى بىرگە توپلاپ، جەمئىي 1002 سۆزلەمدىن تەركىب تاپقان بىر سۆزلۈك ماتېرىيالى تۈزۈپ چىقتۇق، تۆۋەندە بۇ نۇسخىلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

1. «ئۇيغۇر مەھكىمىسى ئاغدارما بېتىكى» (تەرجىمە كىتابى) بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بېسىلغان، كىتاب

ئېگىزلىكى 27.6 س. م، كەڭلىكى 17.8 س.م، خەت ئېگىزلىكى 21.3 س.م، كەڭلىكى 14.5 س. م، كىتابىنىڭ تۇپلەنگەن جايىغا «ئۇيغۇر مەھكىمىسى» (خەنزۇچە «高昌馆») دېگەن سۆزلەر بېسىلغان.

2. «ئۇيغۇر مەھكىمىسى ساقۇرت پۈتۈكى»، بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا، بۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كۆچۈرۈلگەن. كىتاب ئېگىزلىكى 29.3 س. م، كەڭلىكى 14.4 س.م، بەت ئېگىزلىكى 22.7 س. م، كەڭلىكى 15 س. م.كىتاب ئاغزىغا «تۇكۇۋېنتاڭ» دېگەن قىزىل تامغا بېسىلغان.

يۇقىرىقى ئىككى خىل نۇسخىسىنىڭ مەزمۇنى ۋە تىزىلىش تەرتىپى بىردەك.

3. «خەنزۇچە، چەت تىلچە سۆزلۈك»، بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا، جەمئىي ئون جىلد، موڭغۇل، جۇرجان (مانجۇ) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تىللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇلاردىن ئۈچ جىلدنى ئۇيغۇر مەھكىمىسى سۆزلۈكى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ كىتاب مىن سولالىسى دەۋرىدە كۆچۈرۈلگەن، ناھايىتى چىرايلىق ھۆسن خەت بىلەن يېزىلغان، شىراز باغلىنىشى ۋە تۇپلىنىشىمۇ كۆركەم، ئاق مەشۇت قەغەزگە يېزىلغان، كىتاب ئېگىزلىكى 32 س. م. كەڭلىكى 19.7 س. م، بەت ئېگىزلىكى. 23 س. م، كەڭلىكى 15.2 س. م، مۇقاۋىسىدا 张瑷若章، («جاڭ ئەيرو مۆھۈرى») 玉堂侍御 دېگەن تامغىلار بېسىلغان. بىرىنچى بەتتە: ”尊孟阁“ ، ”御赐张并擅之斋“ («مىڭزىنى ھۆرمەتلەش راۋىقى») «云中白雀» («بۇلۇتتىكى ئاق قۇشقاچ»)، ”北京图书馆“ (”بېيجىڭ كۇتۇپخانىسى“) دېگەن تامغىلار بېسىلغان. بۇنىڭدىن بۇ كىتابنىڭ «ئۇيغۇر مەھكىمىسى دەرسلىكى» دېگەن كىتاب بىلەن بىرلىكتە چىڭ سۇلالىسى پادشاھى كاڭ شىنىڭ ئوردا ئەمەلدارى جاڭ ئەي تەرىپىدىن ساقلانغان كىتاب ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ سۆز-



www.uyghurkitap.com

لۇكـىنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقـتى بالدۇر، بۇنىڭدا، توپلانغان سۆزلەرنىڭ سانىمۇ كۆپ (يۇقىرىقى ئىككى نۇسخىسىغا قارىغاندا بۇ توپلامدا 254 سۆز ئارتۇق، بۇنىڭدىكى سۆزلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 940).

4. «ئۇيغۇر مەھكىمىسى ساقۇرت پۈتۈكى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇ نۇسخا «ياپونىيە كىتاب خەزىنىسى»دە ساقلانغان نۇسخىسىنىڭ كۇنگە قاقلاپ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى. بۇنىڭدا توپلانغان سۆزلەرنىڭ سانى ئەڭ ئاز بولسىمۇ لېكىن بۇنىڭدا (يەنى «خەنزۇچە، چەت تىلچە سۆزلۈك»تە)، «ئۇيغۇر مەھكىمىسى ساقۇرت پۈتۈكى»دە يوق بىرمۇنچە سۆزلەر بار.

بىز ئاساسەن «خەنزۇچە، چەت تىلچە سۆزلۈك»، «ئۇيغۇر مەھكىمىسى ساقۇرت پۈتۈكى»نى ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭغا ياپونىيە كىتاب خەزىنىسى نۇسخىسىدىكى سۆزلەرنى قوشتۇق ۋە بەزى سۆزلەرنى ئېنىقلاپ تۈزەتتۇق. «خەنزۇچە، چەت تىلچە سۆزلۈك»، «ئۇيغۇرمەھكىمىسى ساقۇرت پۈتۈكى»نىڭ كۆچۈرۈلۈش فورمىسى مۇنداق: ھەر بەتكە تۆت سۆز جايلاشتۇرۇلۇپ يۇقىرى تۆۋەن ئىككى قۇر قىلىپ تىزىلغان، ھەربىر سۆزلەم ئۈچ قۇرنى ئىگەللەپ، ئوڭدىن سولغا تىك يېزىلغان. بىرىنچى قۇرنى ئۇيغۇرچە ئەسلى تېكىست ئىگەللەيدۇ، ئىككىنچى قۇردا ئۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى بېرىلگەن، ئۈچىنچى قۇرغا ئۇيغۇرچە سۆزنىڭ خەنزۇچە ترانسكرىپىيىسى بېرىلگەن.

مەسىلەن:

腾克力　　　天

پۈتۈن كىتاب 17 بۆلۈمگە بۆلۈنگەن. بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

ئاسترونومىيە بۆلۈمى　　42　　سۆزلەم

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| جوغراپىيە بۆلۈمى | 38 | سۆزلەم |
| ۋاقىت ـ پەسىل بۆلۈمى | 46 | سۆزلەم |
| گۈل ـ گىياھلار بۆلۈمى | 60 | سۆزلەم |
| ھايۋانلار بۆلۈمى | 58 | سۆزلەم، |
| ئادەملەر بۆلۈمى | 104 | سۆزلەم |
| بەدەن بۆلۈمى | 32 | سۆزلەم |
| مەنسەپلەر بۆلۈمى | 29 | سۆزلەم |
| ئەسۋابلار بۆلۈمى | 48 | سۆزلەم |
| كىيىم ـ كېچەكلەر بۆلۈمى | 28 | سۆزلەم |
| جاۋاھىرات بۆلۈمى | 20 | سۆزلەم. |
| يېمەك ـ ئىچمەك بۆلۈمى | 29 | سۆزلەم |
| كىتاب ـ تارىخ بۆلۈمى | 20 | سۆزلەم |
| تەرەپ ـ بۇرۇچ بۆلۈمى | 16 | سۆزلەم. |
| تاۋۇش ـ رەڭ بۆلۈمى | 18 | سۆزلەم. |
| سانلار بۆلۈمى | 32 | سۆزلەم. |
| ئادەم پائالىيەتلىرىگە ۋە ئومۇمىي ئىشلارغا ئائىت سۆزلەر بۆلۈمى | 118 | سۆزلەم. |

ئۈچىنچى خىل نۇسخىسىدا يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن باشقا يەنە ئون بەت "قوشۇمچە" ئىلاۋە قىلىنىپ، 78 سۆز قوشۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «خەنزۇچە، چەت تىلچە ئاغدارما سۆزلەر» دېگەن نام ئاستىدا 19 بەت قوشۇلۇپ، 146 سۆز كۆپەيتىلگەن (بۇنىڭدا ياپونىيە كىتاب خەزىنىسىدىكى سۆزلەردىن 62 سۆز كەم).

ئىلگىرى چەت ئەللەردە بەزىلەر («ئۇيغۇر مەھكىمىسى ساقۇرت پۈتۈكى»نى تەتقىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار توپلىغان ماتېرىياللار بىزنىڭ بۇ توپلامدىكىدەك تولۇق ئەمەس. بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل

ئىلگىرى ۋېنگرىيە تۈركولوگى نېمېت تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر مەھكىمىسى ساقۇرت پۈتۈكى»مۇ تولۇق ئەمەس.

«ئۇيغۇر مەھكىمىسى ساقۇرت پۈتۈكى» بىزنىڭ مىن دەۋرىدىكى تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىل-يېزىق ئەھۋالىنى ۋە شۇ دەۋردىكى خەنزۇ تىلىنىڭ ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشىمىزغا كۆپ ياردەم بېرىدۇ. شۇنىسى ئەپسۇسكى، بىز بۇ ھەقتە بىر ئىلمىي ماقالە يازغانىدۇق، ۋاقىت يار بەرمىگەنلىكتىن بۇ ماقالىنى بېسىپ ئۈلگۈرتەلمىدۇق، بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلارغا بىز بىرقانچە يىل ئىلگىرى ترانسكرىپسىيە قىلىپ رەتلەپ چىققان بۇ ماتېرىيالىنى تەقدىم قىلدۇق. قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسىدە خاتا بولغان جايلار بولسا تۈزىتىپ قويۇشىڭىزلارنى ئۆتۈنىمىز.

خىۇ جىڭخىۋا

خۇاڭ رۇنخۇا

1973-يىلى ترانسكرىپسىيە قىلىنىپ، 1980-يىلى كۆچۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# خەنزۇ خەلقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىي مۇناسىۋەتكە زور تۆھپە قوشقان مەشھۇر تەرجىمان سىنقۇسېلى[①]

مىلادى 9 — 11 - ئەسىرلەر قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى راسا گۈللەنگەن بىر دەۋر ئىدى. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئىككى مەركەزدە، ئىككى خىل دىنىي مۇھىتتا راۋاج تاپقانىدى. بۇنىڭ بىرى — قوچۇ (تۇرپان ئويمانلىقى)نى مەركەز قىلغان بۇددا دىنى مۇھىتىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى؛ يەنە بىرى — قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئىسلام دىنى مۇھىتىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى. ئەدەبىي تىل نۇقتىسىدىن ئالغاندا، بۇنىڭ بىرىنچىسىگە سىنقۇسېلى ۋە پرتاراكشىتقا ئوخشاش مەشھۇر تەرجىمان ۋە ئەدىبلەر ۋەكىللىك قىلسا، ئىككىنچىسىگە مەھمۇت قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش ئۇلۇغ تىلشۇناس ۋە ئەدىبلەر ۋەكىللىك قىلىدۇ.

11 - ئەسىردىن كېيىن قەشقەردە ئىسلام دىنىي مۇھىتىدا

① بۇ 1982 - يىلى 11 ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن لېكسىيە.

يېتىلگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىي تىلى 9 — 10 ـ ئەسىر ـ لەردە قوچۇدا بۇددا دىنىي مۇھىتىدا يېتىلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىي تىلى ئاساسىدا راۋاج تاپقان، بولۇپمۇ ئەدەبىي تىل نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئەھۋال شۇنداق. چۈنكى 9 — 10 ـ ئەسىرلەردە بۇددا دىنىي مۇھىتىدا پىشىپ يېتىلىپ ئۆزىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىي تىلى بولمىغان بولسا، 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلامىيەتنى يېڭىدىن قوبۇل قىلغان خاقانىيە ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىي تىلى قىسقىغىنا مۇددەت ئىچىدە ئۇنداق يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلەلمىگەن بولاتتى. 10 ـ ئەسىر ئۆپچۆرىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر تەرجىمان ۋە ئەدىب سىنقۇ ـ سېلىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگو (سىنقۇسېلىنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا "ئۇلۇغ تابغاچ ئېلى...»)، بولۇپمۇ خەنزۇ تىلى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدىكى چوڭقۇر مەلۇماتى ۋە مۇھەببىتىنى توغرا چۈشەنگەندىلا، ئىسلام مۇھىتىدا يېتىلگەن ئۇلۇغ تىلشۇ ـ ناس مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋەتىنىمىز جۇڭگو (ئۇلارنىڭ ئۆز ئاتالغۇسى بىلەن ئېيتقاندا "چىن" ياكى "تابغاچ ئېلى") ۋە خەنزۇ مەدەنىيىتى (بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرى) ھەققىدىكى مەلۇماتى ۋە كۆز قاراشلىرىنى توغرا چۈشەنگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىنقۇسېلىنىڭ تەرجىمە پائالىيىتى ۋە ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش يالغۇز تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىنلا زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە

بولۇپ قالماي، بەلكى خەنزۇ خەلقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك مەدەنىي مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىمۇ زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

## 1. سىنقۇسېلىنىڭ ھاياتى ۋە ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىتى

سىنقۇسېلىنىڭ ھاياتى ھەققىدە بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز. سىنقۇسېلى تەرجىمە قىلغان «ئالتۇن ياروق» ۋە «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» خاتىمىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە سىنقۇسېلىنىڭ تولۇق ئىسمى سىنقۇسېلى تۇتۇڭ، يۇرتى بەشبالىق ①

بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ «ئالتۇن ياروق» خاتىمىسىدىكى مۇنۇ بىر ئابزاس سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتسەك ئارتۇقچە بولماس:

"ئۇلۇغ تاۋغاچ ئەلىنتە تەيشىڭ ساۋشىڭ ئالقۇ شاسترلارىغ قاماغ نوملارىغ (قالسىز) ئۆتكۈرمىش بۇدىساتۋا كىتسو سامتسو ئاتلىغ ئاچارى ئەنەتكەك تىلىنتىن تاۋغاچ تىلىنچە ئەۋىرمىش، يەنە بۇ بەش چۆپىدىك كەيۈك بۇلغانۇق ياۋۇز ئۇدتە قولۇتا كىنكى بوشغۇتلۇق بەش بالىقلىغ سىنقۇسېلى تۇتۇڭ تاۋغاچ تىلىنتىن تۈرك-ئۇيغۇر تىلىنچە ئىكىلەيۈ ئەۋىرمىش نوم ئىلىگى بىتىيۈ تولۇتۇگەل بولتى."

تەرجىمىسى:

”ئۇلۇغ تاۋغاچ (جۇڭگو) ئېلىدە چوڭ ـ كىچىك مەزھەپلەرگە ئائىت ھەممە تەفسىرلەر ۋە نوملارنى قالدۇرماستىن (كۆزدىن) ئۆتكۈزگەن بۇدساتۋا كىتسو سامتسو ئىسىملىك راھىب ئەنەتكەك (قەدىمكى ھىندى) تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان. يەنە بۇ بەش خىل پاسكىنىلىقلار بىلەن بۇلغانغان قەبىھ زاماندا كەم بىلىملىك بەشبالىقلىق سىنقۇسېلى تۇتۇڭ خەنزۇ تىلىدىن تۈرك ـ ئۇيغۇر تىلىغا ئىككىنچىلەپ ئۆرىگەن مۇقەددەس كىتابلار شاھى تولۇق تامام بولدى.“

بۇ خاتىمىدىن مەلۇم بولۇشىچە، «ئالتۇن يارۇق» ئاۋۋال سانسكرىت (قەدىمكى ھىندى) تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئاندىن بەشبالىقلىق سىنقۇسېلى ئۇنى خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

بەزى ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، سىنقۇسېلى ئۆز تەرجىمىسىدە ئاساسلانغان «ئالتۇن يارۇق» نۇسخىسىنى يى جىڭ ناملىق خەنزۇ بۇددا ئالىمى (قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا بۇ ئالىم كىتسو سامتسو دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتالغان) مىلادى 700 ـــ 712 ـ يىللىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان.

«ئالتۇن يارۇق»نىڭ ئۇيغۇرچىغا قاچان تەرجىمە قىلىنغانلىقى مەلۇم بولمىسىمۇ، ئەمما ئا. ۋون گابايىن خانىم: سىنقۇسېلى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان يەنە بىر داڭلىق ئەسەر «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمھالى» كېيىنكى تاڭ دەۋرىدە (923 ـ يىلدىن كېيىن) تەرجىمە قىلىنغان، دەپ پەرەز قىلىدۇ.② ئەگەر

بۇ پەرەز توغرا بولغاندا، سىنقۇسىلى 10 ـ ئەسىردە ياشىغان ئادەم بولۇپ چىقىدۇ. ئۇنداق بولغاندا «ئالتۇن يارۇق»نى ئۇيغۇر تىلىغا 10 ـ ئەسىردە تەرجىمە قىلىنغان بولىدۇ.

تىل جەھەتتىن تەكشۈرگەندىمۇ «ئالتۇن يارۇق»نىڭ تىلى 9 ـــ 10 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ پاكىتمۇ سىنقۇسىلىنىڭ 10 ـ ئەسىر ئۆپچۆرىسىدە ياشىغان ئادەم ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بىزگە مەلۇم، بۇ دەۋر قوچۇنى مەركەز قىلغان تۇرپان ئويمانلىقىدا بۇددىزم مەدەنىيىتى راسا گۈللەنگەن دەۋر ئىدى. سىنقۇسىلى تۇغۇلغان بەشبالىق قوچۇ ئىدىقۇتلىرىنىڭ (خانلىرىنىڭ) يازلىق قارارگاھى ئىدى.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قوچۇغا ئەلچى بولۇپ كەلگەن ۋاڭ يەندېنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە يېزىلىشىچە، قوچۇدا 50 تىن ئارتۇق بۇددا ئىبادەتخانىسى بولغان. بۇ ئىبادەتخانىلارنىڭ ھەممىسىگە تاڭ سۇلالىسى ھەدىيە قىلغان لەۋھەلەر ئېسىلغان، بۇ ئىبادەتخانىلاردا «大藏经» («ئۇلۇغ ئاغىلىق نوم») نامىلىق بۇددا نوملىرى توپلىمى، «唐韵»[3] «玉篇»[4] «经音»[5] دېگەنگە ئوخشاش خەنزۇچە ئەسەرلەر ۋە لۇغەت كىتابلىرى بولغان.

ئازادلىقتىن كېيىن تۇرپاندا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشلەردە تېپىلغان «لۇنيۈي» نامىلىق كۇڭفۇزى ئەسەرلىرى ۋە خەنزۇ شائىرلىرىنىڭ توپلاملىرىمۇ قوچۇ ئۇيغۇر

خانلىقى تەۋەسىدىكى زىيالىيلار ئارىسىدا ئىچكى ئۆلكىلەردە بولغان نۇرغۇن دىنىي ۋە دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ بولغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ.

تۇرپان سىنگىمدىن تېپىلغان بىر قەدىمكى ئۇيغۇرچە پراگ-مېنتتا «(جەمئىي 70 نەچچە پارچە پۇچۇلغان ۋاراقتا) خەنزۇچە سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىلىرى يېزىلغان ⑥. بۇ پاكىت شۇ دەۋردە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئوتتۇرىسىدا خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش كەڭ قانات يايغانلىقىنى، بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان خەنزۇچە كىتابلاردىن يالغۇز ئۇ يەرلەردە ئىستىقامەت قىلىپ بۇددا دىنىنى تەتقىق قىلىۋاتقان خەنزۇ راھىبلارلا پايدىلاند-ماستىن، ئۇيغۇر راھىبلارمۇ پايدىلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تۇرپان بېزەكلىكتىكى ۋە بەشبالىق بۇددا ئىبادەتخانىسىدىكى تام رەسىملىرىگە يېزىلغان ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە لەۋھەلەرمۇ شۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بۇ ئىككى تىلدىن تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

مۇشۇنداق دىنىي، مەدەنىي مۇھىتنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈر-سەك، سىنقۇسېلىغا ئوخشاش خەنزۇ تىلى ۋە مەدەنىيىتىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان بىر ئۇيغۇر ئالىمىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى تاسادىپىي بىر ئەھۋال بولماستىن، بەلكى شۇ دەۋردىكى تارىخىي مۇھىتنىڭ، ئۇيغۇر خەلقى بىلەن خەنزۇ خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى قويۇق مەدەنىي مۇناسىۋەتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

www.uyghurkitap.com

## 2. سىنقۇسېلى تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەر

سىنقۇسېلى تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەردىن ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغانلىرى تۆۋەندىكىلەر:

1) «ئالتۇن يارۇق» (قەدىمكى ئۇيغۇرچە تولۇق ئىسمى «ئالتۇن ئۆڭلۈك يارۇق يالتىراقلىغ قوۋپتا كۆتۈرۈلمىش نوم ئىلىگى ئاتلىغ نوم» — يەنى ئالتۇن رەڭلىك يورۇق نۇرلۇق ئىنتايىن مۇقەددەس دىننىڭ شاھ ئەسىرى ناملىق مۇقەددەس كىتاب). بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى سانسكرىتچە ئىسمى «سوۋارنا پراباسا». بۇ كىتابتا بۇددا دىنىنىڭ ئاساسلىرى ۋە بۇددانىڭ ھاياتىغا ئائىت رىۋايەتلەر بايان قىلىنغان.

بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە ئەڭ تولۇق نۇسخىسى 1910 ـ يىلى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۇەن شەھىرى يېنىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدىن تېپىلغان، بۇنى س. ي. مالوۋ روسىيىگە ئېلىپ كېتىپ، 1913 ـ ، 1917 ـ يىللىرى رادلوۋ بىلەن بىرلىكتە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلغان، بۇ نۇسخا جەمئىي 707 بەت، ئىلاۋىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ 727 بەت.

بۇ كىتابنىڭ 1902 ـ ، 1914 ـ يىللىرى گېرمانىيە ئارخېئولوگلىرى تۇرپاندىن تېپىپ ئېلىپ كەتكەن بىرقانچە نۇسخىسى بولسىمۇ، بۇ نۇسخىلار تولۇق ئەمەس.

2) «شۋەنجۇاڭنىڭ تەرجىمھالى» (قەدىمكى ئۇيغۇرچە

تولۇق نامى: «بۇددىساتۋا ئاساتىسو ئاچارىنىڭ يورۇغىن ئوقۇتىماق ئاتلىغ... نوم بىتىگ».

بۇ كىتابتا مەملىكىتىمىزنىڭ 7 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ساياھەتچىسى، تەرجىمانى ۋە بۇددا ئالىمى شۈەنجۇاڭنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيەتلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مىلادى 629 — 641 ـ يىللىرى شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستانغا قىلغان ساياھىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

بۇ ئەسەر 1930 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىن تېپىلغان، ھەجمى جەمئىي 378 ۋاراق (756 بەت بولۇپ، بۇنىڭ 248 ۋارىقى بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا (1951 ـ يىلى فوتوغا ئېلىپ نەشر قىلىندى)، 23 ۋارىقى فرانسىيەدە، 7 ۋارىقى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ساقلانماقتا.

3) «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى». بۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسىنىڭ شۇ دەۋردە مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇيغۇرچىغا تولۇق تەرجىمە قىلىنغانلىقى تېخى ئېنىق بولمىسىمۇ، ياپونىيىدە ساقلىنىۋاتقان بىر ۋارىقىدىن قارىغاندا (بۇ بىر ۋاراق قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتتە «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»دىكى بىر ھېكايە بايان قىلىنىدۇ)، سىنقۇسېلى بۇ ئەسەرنىمۇ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان بولسا كېرەك. تىل نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ بىر ۋاراقنىڭ تىلى يۇقىرىقى ئىككى ئەسەردىكى تىلغا ئوخشايدۇ.

سىنقۇسېلى تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەر بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەن-

مەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە يەنە بىر قانچە كىچىك بۇددا نوملىرىمۇ بار، بۇلارغا بۇ يەردە تەپسىلىي توختىلىپ ئولتۇرمايمىز.

## 3. سىڭقۇسېلىنىڭ تەرجىمە ماھارىتى

سىڭقۇسېلىنىڭ تەرجىمە ماھارىتى ھەققىدە بىر چۈشەنچىگە كېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەرجىمىسىدىن بىر مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتەيلى: «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمالى»نىڭ 7 ـ قىسمىدا مۇنداق بىر پارچە خەت بار:①

"大唐国　刍玄奘谨修书中印度摩诃陀国三藏智光法师坐前自一辞违俄十余载境域避远音微莫闻思恋之情每增延结彼苾刍法长至蒙向并承起居康予豁然目朗若睹尊颜踊跃之怀笔墨难述节候渐暖不审信后何如又往年侠还承正法藏大师无常奉向摧割不能已矣呜呼可谓苦海舟沉天人眼灭迁夺之痛何期速欤……"

ئۇلۇغ تاۋغاچ ئىلىنتەكى ھۇنتسو ئەسەنگۇ بىتىگىم (۰) ئورتۇن ئەنەتكەك ئىلىنتەكى ماگادلىغ ئۈچ ئاغىلىغ نوم بىلمىش ئىنانىپىردى ئاچارىقا (۰) بىر كىيە ئادرىلمىش دىن بەرۈ ئانىن ئارا ئون يىل بولتى (۰) ئىل ئۇلۇس يىراقىنا ئەدگۈ ساۋىن ئەشىدـ گەلى بولمازبىز (۰) ساقىنماق ئامرانماق كۆسۈشۈمۈز كۈن كۈنىنە ئۈستەلۈر بولۇر (۰) ئويۇن دىرگادىبى كەلىپ ئەسەن

---

① بۇ خەت يولداش گېڭ شىمىننىڭ «كىتابلارغا باھا» ژۇرنىلىنىڭ 1978 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدىن ئېلىندى.

تەگدى (٠) ئاچارىنىڭ داد... ماھابۇتىلارى ئىنچىن تۇزىن ئەشدىپ ئانتا ـ كىيا ئوق كۆزۈمىز يارۇلتى قالتى (،) ئاياغۇلۇقىن كۆرمۈشتەك بولۇپ (٠) قالى... قالانۇردى كۆكۈلۈمۈز بىرلى مەكەلى سۆزلەگۈسۈز ئول (٠) كىم ئانتا تەگ... ئەر قولۇلار كەزىگىنتە ئەرۈ ئەرۈ ئىسىگ باشلادى (٠) بۇ ئىسىگ ئۆدتە بىلمەز بىز بەلەگدە كىن نەتەك ئىنچمۇ ئەركى (٠) يەنە بىلتىر دارمايىل ئەنەتكەكدىن كەلىگلى ئارقىشتىن درما گۇبداكى ئاتلىغ نومچى ئاچارى باغىسمىزنى قىيلتى تىپ ئەشدىپ سىنماقىمىز بۇزۇلماقىمىزنى تۇگەتگەلى ئۇمادىمىز (٠) ئاي... ئەمگەكلىك تالۇينىڭ كىمىسى باتمىش (٠) تەكرىلى كىشلىنىڭ كۆزى تەگىلمىش (٠) ئەدرەملىگ كۆرمەكىنىڭ ئەمگەكى نەيەمە تاڭ نەيەمە تاۋراق ئاي(!)

تەرجىمىسى:

سالام خەت. ئوتتۇرا ھىندىستان ئىلىدىكى ماگادلىق ئۇچ خەزىنىلىك نوم بىلىدىغان ئىناپىردى ئۇستازغا!

بىز ئايرىلغاندىن بىرى ئارىلىقتا ئون يىل ئۆتتى. يۇرتلار يىراق بولغاچقا، ئۇزۇندىن بىرى ياخشى خەۋەرلىرىنى ئاڭلىيالماي كەلدۇق. سېغىنىش ۋە (دىدار) كۆرۈشۈش ئارزۇيىمىز كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ باردى. راھىب درگامۇنى كېلىپ ئېسەن (سالام) تەگدى. ئۇستازنىڭ بۇزرۇكۋار تېنىنىڭ ئېسەن ئامانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇددى ھەزرەتلىرىنى كۆرگەندەك بولۇپ كۆزىمىز نۇرغا تولدى. خۇرسەنلىكىمىزنى قەلەم ۋە سىياھ بىلەن ئىپادى-

www.uyghurkitap.com

لەپ بىرىش تەس. ھازىر ھاۋا بارا ـ بارا ئىسسىقا باشلىدى. بۇ ئىسسىق كۈنلەردە ئەھۋاللىرى قانداق بولۇۋاتىدىكىن: تىنچ ئىسەنمىكىن. يەنە بۇلتۇر ـــ دارما يىلى ھىندىستاندىن كەلگەن كارۋاندىن درماگوپتاكى ئىسىملىك نومچى ئۇستاز باخشىمىزنى ۋاپات بولدى دەپ ئاڭلاپ، ئىيتىپ تۈگەتكۈسىز قايغۇ ـ ھەسرەتكە چۆمدۇق. ئاھ! جاپا دىڭىزىنىڭ كېمىسى غەرق بولۇپتۇ. خۇددى تەڭرىنىڭ، ئىنساننىڭ كۆزى كور بولغاندەك، پەزىلەت كامالىتگە يېتىش ئازابىنىڭ يېتىپ كېلىشى نېمدېگەن ئاجايىپ، نېمدېگەن تېز!

بۇ خەت نېمدېگەن تەسىرلىك تىل بىلەن تەرجىمە قىلىنغان. بۇنى ئوقۇغان ئادەم ئۇنى ھەرگىز تەرجىمە دېگۈسى كەلمەيدۇ.

مۇشۇ خەت تەرجىمىسى (شۇنىڭدەك «ئالتۇن ياروۇق»نىڭ بىز كۆرگەن قىسىملىرىنىڭ تەرجىمىسى) كۆزدىن كەچۈرگۈدەك بولساق مۇنۇ نۇقتىلار كۆزگە روشەن چېلىقىدۇ:

1. سىنقۇسېلى ئۆز تەرجىمىسىدە قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى سۆز ۋە ئىبارىلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا ئىمكانىقەدەر تەڭ قىممەتلىك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلىگەن. مەسىلەن:

境域避远 ئۇل ـ ئۇلۇس يىراقتا

闻莫微音 ئەدگۈ ساۋىن ئەشىدگەلى بولماز بىز

情思恋之 ساقىنماق ئامراىماق كۆسۈشۈمۈز.

增每 كۈن كۈنگە ئۆستەلۈر

蒙问 ئەشدىپ (ئاڭلاپ)

无常 قىيلتى (ۋاپات بولدى)

日朗 كۆزۈمىز يارۇلتى

若睹尊颜 ئاياغۇلۇقىن كۆرمۈشتەك بولۇپ.

ئالتۇن يارۇقتىن مىسال:

名字 ئاتى كۈسى

众多 قالىن

禽兽 قۇش، كەيىكلەر

那时 ئول ئۆدۈن

树神 سۆگۈت تەڭرىسى

بۇ مىساللارغا دىققەت بىلەن نەزەر سالساق، خەنزۇچىدا بىر خەت بىر سۆز بولغان بولسا، ھەربىر خەتنى مۇستەقىل سۆز بىلەن تەرجىمە قىلغان (مەسىلەن، 名字 ئات كۈ)؛ خەنزۇچىدا ئىككى خەت ئۇيغۇرچىدىكى بىر سۆزنىڭ مەنىسىگە توغرا كەلسە، ئۇنى بىر سۆز بىلەنلا تەرجىمە قىلغان (若睹 كۆرمۈشتەك)، (尊颜 ئاياغۇلۇق — ھۆرمەتلىك).

2. خەنزۇچە جۈملىنى ئەينەن تەرجىمە قىلغاندا ئۇيغۇرچە جۈملە كەمتۈك بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا زۆرۈر بولغان سۆزلەرنى ياكى ئالماشلارنى قوشقان، نەتىجىدە خەنزۇچىدىكى مەنە تولۇق ئىپادىلەنگەن.

3. خەنزۇچە شەكلى (مەسىلەن، يۇقىرىقى خەتنىڭ باش قىسمى) ئۇيغۇرچە ئادەتكە توغرا كەلمىسە، ئۇنى ئۇيغۇر

ئادىتىگە ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلغان. مەسىلەن، خەنزۇچىدا "ئىسەنگۈ بىتىگ" (سالام خەت) دېگەن سۆز يوق، سىنقۇسېلى بۇنى قوشقان. خەنزۇچە دۇئايى سالام خەتتە ئىشلىتىلىدىغان "坐前" دېگەن خەتنى (ھۆرمەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان خىتاب سۆزىنى) ئۇيغۇرچىغا ئەينەن تەرجىمە قىلغاندا، ئۇيغۇرچىدا مەنە ئۇقۇلمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇ خەتنى ئەينەن ئالماي، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇرچىدىكى ئادەت بويىچە يۆنىلىش كېلىش يەنى غا قوشۇمچىسىنى ئىشلەتكەن.

4. چەت ئەل يەر، ئادەم ئىسىملىرىنى، دىنىي ئۇنۋان نامىلىرىنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ ئالماستىن (ياكى خەنزۇچە ئاۋاز تەرجىمىسىگە ئەگەشمەي)، ئەسلى ھىندىچە شەكلى بىلەن ئالغان؛ خەنزۇچە ئادەم ئىسىملىرى ۋە يەر ئىسىم-لىرىنى بولسا خەنزۇچە تەلەپپۇزى بىلەن ئالغان، مەسىلەن:

中印度 ئورتۇن ئەنەتكەك ئېلى

智光 ئىناپىردى

摩沙陀国 ماگادلىغ

法师 ئاچارى

鸠摩罗 كومارا (ئالتۇن ياروق)،

尼乾子 نىگرانتا (ئالتۇن ياروق)،

玄奘 ھوينتسو

大唐 تەيتو

5. خەنزۇچىدىكى بىرلا خىل تەرجىمە قىلىش لازىم بولغان،

www.uyghurkitap.com

تاللاپ ئولتۇرغىلى بولمايدىغان كونكرېت نەرسە ئىسىملىرىنىڭ ئۇيغۇرچە نەق ئۆزىنى تېپىپ تەرجىمە قىلغان. مەسىلەن:

豺 قارساق، 豹 مانۇ، 狐 ئىرپىز، 猩 تىلكى، 雕鹫 يىتى قاراقۇش، 城 بالىق، 王 ئىلىگ، 国 ئۇلۇس، 叶 يالپىراغاق، 池 كۆل، 树 سۆگۈت، 河 ئۆگۈز (دەريا)، 海 تالۇي (دېڭىز)

(بۇ مىساللار «ئالتۇن يارۇق»نىڭ 25-قىسمىدىن ئېلىندى.)

مۇنداق كونكرېت شەيئىلەرنى ئۆزىنى تېپىپ توغرا تەرجىمە قىلىش تەرجىمىنىڭ ئىلمىيلىكى بولىدۇ.

6. خەنزۇچىدا نازاكەت، سۇپايىلىق كۆپىنچە خەتنىڭ مەنىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇرچىدا بولسا كۆپىنچە هۆرمەتنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلار ياردىمى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. سىنقۇسېلى بۇ مەسىلىدە ئۇيغۇرچىدىكى قوشۇمچىلاردىن جايىدا پايدىلىنىپ، خەنزۇچىدىكى نازاكەت تۇيغۇلىرىنى بەك ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلىگەن (يۇقىرىقى خەتكە قاراڭ).

7. سىنقۇسېلىنىڭ ئاتالغۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا تۇتقان يولىمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر.

1) بۇددا دىنىي ئەقىدىلىرى، پەلسەپىسى ۋە قائىدە-يوسۇنلىرىغا خاس ئاتالغۇلارنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۇيغۇر تىلى لۇغەت بايلىقىدىن ۋە سۆز ياساش ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، كۆرۈنۈشتە ئاددىي بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك

ئاتالغۇلارنى ئىشلەپ چىققان (ياكى ئىشلەتكەن). مەسىلەن:
身 — ئەت - ئۆز (ۋۇجۇت)، 回向义 — بۇيان ئەۋرىرمەك، (ساۋاب ياندۇرماق)، 使有意识 ئۇگلەتتۇر (ئەقىل بەرمەك)، 特选 — تالۇ (تاللانغان)

摩法 — كۈمەن، — 占相 — كۆرۈمچى (پالچى)

减退相 ئىسلەر تۆزلۈك

不减退相 ئىسنمەك تۆزلۈك

得见 كۆرۈم بولمىش

色界无色界 ئۆڭلۈك ئۆڭسىز تەڭرى يىر

后学 (者) كېيىنكى بوشقۇتلۇق

2) ئۇيغۇر تىلىدا بولمىغان بىر قىسىم بۇددىزم ئاتالغۇلىرىنى ھەل قىلىشتا سانسكرىت، توخرى، قەدىمكى ئىران (مەسىلەن، سوغد، ساك) تىللىرىدىن ئاتالغۇ ئېلىش يولىنى تۇتقان. بۇنىڭدا ئۇ كۆپىنچە سانسكرىتچە ئاتالغۇلارنىڭ توخرىچە (قەدىمكى كۇچاچە) شەكلىنى ئىشلەتكەن.

ئۇنىڭ بۇنداق ئاتالغۇلارنىڭ ئىملاسىدا چەت سۆزلەرنى مۇمكىنقەدەر ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشقانلىقى ياكى بۇ ئاتالغۇلارنى شۇ چاغدا ئۇيغۇرلارغا بىرقەدەر تونۇش بولغان توخرىچە تەلەپپۇز بىلەن يېزىشى دىققەتنى ئۆزىگە تارتىدۇ. مەسىلەن:

| سانسكرىتچە شەكلى | خەنزۇچىسى | ئۇيغۇرچە شەكلى |
|---|---|---|
| ماخاراجە | 天王 | ماخاراج |

| | | |
|---|---|---|
| سۇتىر | 经 | سۇدۇر |
| نىرۋانا | 涅槃 | نىرۋان |
| دىيانا | 禅定 | دىيان |
| ئارخانت | 阿罗汉 | ئارخات |
| سىراتاپاننا | 入流 | سۇردا بان |
| شاسانا | 教律 | شاسان |
| راتناسىكا | 如来 | راتناسىكى |
| ماھايانا | 大乘 | تەيشىن ياكى ماھايان |
| ھىنايانا | 小乘 | ساۋشىن ياكى ھىنايان |

3) سىنقۇسىلى بەزى ئاتالغۇلارنى خەنزۇ تىلىدىن ئالغان.

بىزگە مەلۇم، خەنزۇ خەلقى بىلەن ئۇزاق مۇددەتلىك سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي مۇناسىۋەتلەر داۋامىدا بىرمۇنچە خەنزۇچە سۆز ۋە ئاتالغۇلار قەدىمكى چاغلاردىلا ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ، ئۇيغۇر تىلى سۆز بايلىقىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەتكەن. بۇ خىل سۆزلەر ئورخۇن-يەنسەي ئابىدىلىرىدىمۇ بار، مەسىلەن، لىنخۇا چەچەك 莲花، قونچۇي 公主، تۇتۇق 都统، ساڭغۇن 将军.

«ئالتۇن يارۇق» ۋە «شۇەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دا ئىلگىرى ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلىشىپ كەتكەن مۇنداق سۆزلەر "ئۇيغۇرچە سۆز" دەپ قارىلىپ داۋاملىق ئىشلىتىلگەندىن باشقا، يەنە تەيشىن (大乘)، ساۋشىن (小乘)، تويۇن (道人)، بۇشى (布施)، بورساڭ (佛增)، تۇي (罪) دېگەنگە

ئوخشاش بۇددا دىنىغا خاس خەنزۇچە ئاتالغۇلارمۇ ئىشلىتىلگەن.

سىنقۇسىلى بەزى خەنزۇچە سۆزلەرنىڭ تومۇرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا قوشۇمچە ئۇلاپ يېڭى ئاتالغۇ ياساش ئۇسۇلىدىنمۇ پايدىلانغان. مەسلەن، تسۇيۇرقا (مېھرى-شەپقەت) دېگەن سۆز خەنزۇچە 慈 (تسى — ئانا مېھرى) دېگەن سۆز تومۇرىغا ئۇيغۇرچە «يۇرقا» قوشۇمچىسىنى قوشۇش يولى بىلەن ياسالغان.

خەنزۇچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بەزى سۆزلەر خەنزۇچىدە تېكىستنىڭ ئېھتىياجى بىلەن باشقا شەكىلدە ئىشلىتىلسىمۇ، سىنقۇسىلى بۇ خىل سۆزلەرنى ئۇيغۇرچىدە ئۆزلەشكەن بىرلا شەكلى بىلەن تەرجىمە قىلغان (مەسلەن، «布施» بۇشى دېگەن سۆز خەنزۇچىدە «惠施» — خۇيشى شەكلىدە ئىشلىتىلگەندىمۇ، يەنىلا بۇشى دەپ تەرجىمە قىلىنغان).

يۇقىرىقى پاكىتلاردىن سىنقۇسىلىنىڭ تەرجىمە ماھارىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تەرجىمە خىزمىتىگە چوڭقۇر مەسئۇلىيەت بىلەن قارىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

سىنقۇسىلىنىڭ تەرجىمە ئىستىلىغا توختالغاندا، مۇنداق بىر نۇقتىنىمۇ ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

سىنقۇسىلى مەملىكىتىمىزنىڭ شۇ چاغدىكى نامى بولغان — «大唐国» سۆزىنى «ئۇلۇغ تابغاچ ئېلى» دەپ تەرجىمە قىلغان.

خەنزۇچىدە بەزىدە «大» سۆزى چۈشۈپ قالغاندىمۇ. سىنقۇسىلى «ئۇلۇغ» دېگەن سۆزنى قوشۇپ «ئۇلۇغ تابغاچ ئېلى»

دەپ تەرجىمە قىلغان. بۇ پاكىت سىنقۇسىپىلىنىڭ ۋە ئۇمۇمەن غەربىي رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شۇ دەۋردە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە بولغان ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

سىنقۇسىپىلى يالغۇز نەسرى تەرجىمىنىڭلا ماھىر ئۇستىسى بولۇپ قالماي، شېئىر تەرجىمە قىلىشنىڭمۇ ئۇستىسى. بۇنى ئۇنىڭ «ئالتۇن يارۇق»تىكى خەنزۇچە شېئىرىي پارچىلارنى تەرجىمە قىلىشتىكى ماھارىتىدىن كۆرگىلى بولىدۇ، مەسىلەن:

祸哉爱子端严相
因何死若先来通
若我得在沏前亡
岂见如斯大苦事

قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى:

نەئادا ئەردى ئاتايىم
كۆركلە- كىيە ئۆكۈكۈم
ئۆلمەك ئەمگەك نەچۈكىن
ئۆڭرە كەلىپ ئەرتتۈردى.

سەنتىدە ئۆڭرە ئۆلمەكىگ
بولايىن ئاي كۈن- كىيەم
كۆرمەيىن ئەرتى مۇنتەگ
ئۇلۇغ ئاچىغ ئەمگەكىگ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هازىرقى ئۇيغۇرچىسى:

نە ئاپەت بۇ ئاتىكام
چىرايلىقىم شۆھرىتىم
ئۆلۈم ئازابى نە ئۇچۇن
ئاۋۋال سىنى ئەپكەتتى

سەندىن ئاۋۋال ئۆلمەكنى
تىلەيتتىم ئەي قۇياشىم
كۆرمەس ئىدىم بۇنىڭدەك
ئۇلۇغ ئاچچىق كۈلپەتنى.

خۇددى يولداش گېڭ شىمىن ئۆزىنىڭ سىنقۇسىلى ھەققىدىكى بىر ماقالىسىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، سىنقۇسىلى بۇ خەنزۇچە شېئىرنى تەرجىمە قىلغاندا، ئەسلى تېكىستتىكى چوڭقۇر ھېسسىيات ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇننى جانلىق ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەپ بېرىش ئۈچۈن ئاجايىپ ئىجادكار يول تۇتقان. ئۇ شۇ دەۋردە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كەڭ قوللىنىلغان يەتتە بوغۇملۇق مەرسىيە (بۇنداق مەرسىيەلەرنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بىر مۇنچە نەمۇنىلىرى بار) ئۇسلۇبىدىن ماھىرانە پايدىلىنىپ، ئەسلى شېئىرنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى ۋە سۆزلىرى بىلەن چەكلەنمەستىن، خەنزۇچە بىر كۇپلېت شېئىرنى ئۇيغۇرچىدە ئىككى كۇپلېت قىلىپ پۈتۈنلەي قايتا يېزىپ چىققان. نەتىجىدە بۇ شېئىر شەكىل جەھەتتىن خەنزۇچىغا ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن مەزمۇن

جەھەتــتىن ئەســلى شېئىردىــكى چوڭــقۇر مەنە ۋە ھېسسىياتــنى ناھايىتى كۈچلۈك ئىپادىلەپ بەرگەن.
سىنقۇسىيلى ئۆزىنىڭ مۇشۇنــداق شېئىر تەرجىمــلىرى بىلەن بىزگە خەنزۇچە شېئىرلارنى، بولۇپمۇ قەدىمكى خەنزۇ تىــلى بىلەن يېزىلغان شېئىرلارنى قانداق تەرجىمە قىلىــش جەھەتتىمۇ ئوبدان نەمۇنە يارىتىپ بەرگەن.

## 4. سىنقۇسىيلىنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرى

1. سىنقۇسىيلى قەدىمكى خەنزۇ مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق نامايەندىلىرىدىن بولغان «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمھالى» ۋە «ئالــتۇن يارۇق»قا ئوخــشاش داڭــلىق ئەسەرلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق، خەنزۇ مەدەنىيــتى ۋە ئەدەبىياتــنى ئۇيغۇرلارغا ۋە غەربىي رايوندىكى باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلەشــكۈچى خەلقلەرگە تونۇشتۇرۇپ، ئۆز دەۋرىدە ۋەتىنىــمىزدىــكى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى ۋە مەدەنىــيەت ئالماشتۇرۇشىغا زور تۆھپە قوشقان.
2. قەدىمكى خەنزۇ تىلى ئاسان تىل ئەمەس، بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرى ئاشۇنداق قىيىن تىلدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىــلىش تەرجىمانلىق تارىخىدىمۇ ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەن ئىنــتايىن قــيىن ئىش. ئۆزىــدىن ئىلــگىرى ھېچبىر مىللەت ئالىمى قىلىپ باقمىغان مۇشۇنداق قىيىن ئىشنى بىرىنچى

www.uyghurkitap.com

بولۇپ ئىشلىگەنلىك ۋە بۇ جەھەتتە ھېچكىم يۇرۇپ باقمىغان بىر چىغىر ئاچقانلىق ـــ سىڭقۇسىلىنىڭ تەرجىمە ئىلمىگە قوشقان بۇيۈك تۆھپىسى. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭغا ھەرقانچە يۇقىرى باھا بەرسەكمۇ ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ.

3. بۇددا دىنى غەربىي رايونغا مىلادىنىڭ باشلىرىدىن تارتىپلا غەربتىن كىرگەن. ئىچكى ئۆلكىلەرگىمۇ غەربىي رايون ئارقىلىق تارقالغان. سىڭقۇسىلىنىڭ «ئالتۇن ياروق»قا ئوخشاش چوڭقۇر بۇددىزم ئەسىرىنى سانسكرىتچىدىن ياكى قەدىمكى كۇچا تىلىدىن تەرجىمە قىلماستىن (ئۇنىڭ بۇ تىللارنى ئوبدان بىلگەنلىكى ئۇنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىدىكى تىل پاكىتلىرىدىن ئوچۇق بىلىنىپ تۇرىدۇ)، خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىشى ئۇنىڭ خەنزۇ بۇددا ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى غەربىي رايونغا تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، بۇ پاكىت مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ بۇددا دىنى ساھەسىدىمۇ بىر ـ بىرىدىن ئۆگەنگەنلىكىنى، بىر ـ بىرى بىلەن قويۇق مەنىۋى مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ نۇقتا بولۇپمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلار دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر مۇھىم نۇقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن سىڭقۇسىلىنىڭ بۇ ھەقتىكى تۆھپىسىگىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

4. «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» بىلەن «ئالتۇن ياروق» گەرچە دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەر بولسىمۇ، ئەمما بۇ

ئەسەرلەردە غەربىي رايونىنىڭ ۋە قەدىمكى ھىندىستاننىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، دىنىي ئەقىدىلىرى ۋە پەلسەپىسى ھەققىدىكى نۇرغۇن مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. سىنقۇسېلى بۇ ئەسەرلەرنى خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلغاندا نۇرغۇن يەر، ئادەم ۋە نەرسە ئىسىملىرىنى دىنىي ئۇنۋانلارنى ۋە دىنىي ئەقىدىلەرنى ئەسلىگە قايتۇرۇپ تەرجىمە قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بىزگە قەدىمكى خەنزۇچە يەر، ئادەم ئىسىملىرى، جۇغراپىيى ناملار، دىنىي ئۇنۋانلار ۋە ئەقىدىلەرنىڭ شۇ دەۋردىكى ئەسلى ئاتىلىشىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بەك قىممەتلىك ماتېرىيال قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ ماتېرىياللارمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيە-تىنى، جۈملىدىن بۇددىزم مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيال، سىنقۇسېلىنىڭ بۇ ھەقتىكى تۆھپىسىمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر.

5. سىنقۇسېلى «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دىكى خەنزۇلارغا خاس نۇرغۇن يەر، ئادەم ئىسىملىرىنى شۇ دەۋردىكى خەنزۇچە تەلەپپۇز بويىچە يېزىپ قالدۇرغان. خۇددى يولداش گېڭ شىمىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، قەدىمكى خەنزۇ تىلى فونېتىكىسىغا ئائىت مۇنداق ماتېرىياللار خەنزۇ تىلى تەتقىقاتى ئۈچۈن زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

6. سىنقۇسېلى ئۆز تەرجىمە ئەسەرلىرىدە قوللانغان ئەدەبىي تىل — ئۆز دەۋرىنىڭ پىشقان ئەدەبىي تىلى. بۇ تىل مەيلى ئىملا جەھەتتىكى پۇختىلىقى، گرامماتىكا جەھەتتىكى ساغلام-

لىقى، ئىپادىلەش قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈكلىكى ۋە بەدىئىي ۋاسىتە-لەردىن (مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى قوش سۆزلەر، ماقال-تەمسىللەر، ئوبرازلىق ئىبارىلەردىن) پايدىلىنىشتىكى ماھارىتى جەھەتتىن بولسۇن، ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ ئوبدان نەمۇنىسى. شۇنداق بولغاچقا، سىنقۇسېلى تەرجىمە قىلغان بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي رايوندىكى باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەر ئارىسىدا ئۇزاق زامانغىچە قولدىن قولغا كۆچۈرۈلۈپ («ئالتۇن ياruq»نىڭ جىۇچۈەن نۇسخىسى كاڭشىنىڭ 26-يىلى دۇنخۇاڭدا كۆچۈرۈل-گەن)، كىشىلەر تەرىپىدىن سۆيۈپ ئوقۇلغان ۋە نۇرغۇن ئەدىب-لەرگە نەمۇنە بولۇپ بەرگەن. بۇ پاكىت سىنقۇسېلىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنىڭ ناھايىتى زور ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

7. سىنقۇسېلى تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەر قەدىمكى ئۇيغۇر نەسرى ئەدەبىياتى ۋە شېئىرىي ئەدەبىياتىنىڭمۇ پارلاق نەمۇنىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن سىنقۇسېلىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوشقان تۆھپىسىگىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدا بولۇپمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى — سىنقۇسېلى ئۆز دەۋرىدىكى خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن بولغان بۇ ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا تونۇشتۇرۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى راۋاجلان-دۇرۇشتا خەنزۇ ئەدەبىياتى ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەردىن

پايدىلىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن.

بۇ پاكىت مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى بىر-بىرىدىن پايدىلىق ئۆزۈقلارنى ئېلىش ئارقىلىق گۈللەنگەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلايدۇ. بۇ مەسىلىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا سەل قارىغىلى بولمايدىغان بىر مۇھىم مەسىلە. بىزگە مەلۇم، دۇنيادىكى ھەممە مىللەتلەر ئۆز ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا بىر-بىرىدىن ئۆگەنگەن، ئۇيغۇرلارمۇ بۇنىڭدىن خالىي ئەمەس، ۋەھالەنكى، بۇ چاغقىچە بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا قەدىمكى ئىران ۋە باشقا غەرب ئەللىرى ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك نەزەر تاشلاپ كەلدۇق، لېكىن قەدىمكى خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئانچە دىققەت قىلمىدۇق. سىنقۇسىلىنىڭ تەرجىمە پائالىيىتىنى تەتقىق قىلىش بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى بوشلۇقنى تولۇقلاپ ئېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

8. سىنقۇسىلىنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىنى پۇختا بىلىشى، قەدىمكى خەنزۇ مەدەنىيىتى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئەھۋالىدىن تولۇق خەۋەردارلىقى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مەملىكىتىمىز جۇڭگوغا («ئۇلۇغ تاۋغاچ ئېلى» گە) بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى ۋە مۇھەببىتىمۇ ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن مۇھىم مەنىۋى مىراسلىرىدىن بىرى. قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى راسا گۈللەنگەن دەۋردىكى سىنقۇسىلىغا ئوخشاش زىيالىيلار ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان مۇنداق كۆز قاراش (بۈگۈنكى ئاتالغۇ

بلەن ئىيتىقانـدا ۋەتەنـپەرۋەرلىـك كۆز قارىـشى) تاسادىـپىي ئەھۋال ئەمەس، بەلـكى ئۇزاق مۇددەتـلىك سـىياسىي، ئىقتىـ-
سادىي، مەدەنىي مۇناسىۋەتلەر تارىخىدىن چىقىرىلغان مەنتىقىي خۇلاسە. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز بىرلەشكەن دەۋردىكى بىر زىيالىيـدا مۇنـداق كـۆز قاراش بولـسا، ئۇنى شۇ چاغـدىـكى سـىياسىي تەلەپتىن بولغان بولسا كېرەك دېيىش مۇمـكىن، لېـكىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدە پارچىلىـنىش يۈز بەرگەن، جۇمـلىـدىن ئۇيغۇرلار شىنجاڭدا ئىككى سىياسىي ھاكىمىيەت قۇرغان (بىرى قاراخانىلار خانلىقى، يەنە بىرى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى) دەۋرىدە، قوچۇدا ياشىغان بىر ئۇيغۇر زىيالىيـسىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىـمىز جۇڭگوغا مۇنداق چوڭقۇر ئېھتىرام ۋە مۇھەببەت بىلەن قارىـشى كىـشىنى ھەقىقەتەن چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ.

بۇ پاكىت سىنقۇسىلـىدىن بىر ئەسىر كېـيىن ئۆتـكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر مەھمۇت قەشقەرىنىڭ: چىن ئۈچكە بۆلۈنىدۇ، ئۇنىڭ بىرى يۇقىرى چىن، بىرى ئوتتۇرا چىن، يەنە بىرى قويى چىن دەپ تونۇغانلىقى، بولۇپمۇ قاراخانىـلارنىڭ مەركىزىي رايونى بولغان قەشقەرنىمۇ چىننىڭ بىر قىسمى ــ يەنى قويى چىن دەپ قارىغانـلىقى تاسادىـپىي ئەھۋال بولـماستىن، شۇ دەۋردىـكى ئۇيـغۇر زىـيالىيـلىرىـنىڭ ئورتاق كۆز قارىـشى ئىكەنـلىكىنى، ئۇزاق مۇددەتـلىك تارىـخىي تەرەققىيات نەتىجىسـىدە مەيدانغا كەلگەن ئوبيېكتىپ ھەقىقەتـنىڭ توغرا ئىنـكاسى ئىـكەنـلىكـىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئاخىرىدا، سىنقۇسىلى ۋەكىللىك قىلغان قوچۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن مەھمۇت قەشقەرى ۋەكىللىك قىلغان قاراخانىلار مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن، سىنقۇسىلى ئۆز تەرجىمە ئەسەرلىرىدە ئىشلەتكەن تىل بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋەكىللىك قىلغان ئەدەبىي تىلنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە بەزى يۈزەكى چۈشەنچىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، سىنقۇسىلى ئۆز تەرجىمە ئەسەرلىرىدە ئىشلەتكەن ئەدەبىي تىل بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» تىلى ياكى شۇ دەۋردىكى ئاتالغۇ بىلەن ئاتىغاندا خاقانىيە تىلى ئوتتۇرىسىدا مۇنداق ئورتاقلىقلار بار:

1) ھەر ئىككى تىلنىڭ فونېما سىستېمىسى ئوخشاش، «ئالتۇن يارۇق» تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلار سەككىز (a، ə، ï، i، o، u، ө، ü) «دىۋان» تىلىدىمۇ سوزۇق تاۋۇشلار خۇددى شۇنداق.

«ئالتۇن يارۇق» تىلىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارمۇ «دىۋان» تىلىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارغا ئاساسەن ئوخشاش.

ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىدىكى تۈپ ئاھاڭ قانۇنىيەتلىرى (سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئورۇن ۋە لەۋلىشىش جەھەتلىرىدىكى ئاھاڭداشلىقى، ئۈزۈك تاۋۇشلاردىكى جاراڭلىق-جاراڭسىزلىق ئاھاڭداشلىقى) جەھەتتە «ئالتۇن يارۇق» تىلى «دىۋان»

تىلىدىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ، ھەر ئىككى تىلدا قاتتىق سۆزلەر بىلەن يۇمشاق سۆزلەر كەسكىن پەرقلىنىدۇ. سۆزلەرنىڭ لەۋلىشىش دەرىجىسىمۇ ھەر ئىككى تىلدا ئوخشاش، جاراڭلىق جاراڭسىزلىق قانۇنىيىتىنىڭ تۇراقسىزلىق دەرىجىسىمۇ ھەر ئىككى تىلدا ئوخشاش (مەسىلەن، ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسىنىڭ ti شەكلىمۇ بار، di شەكلىمۇ بار) "d" تىلى (adak) بىلەن "y" تىلى (ayak) مەسىلىسىدىمۇ ھەر ئىككى تىل ئوخشاش (يەنى ھەر ئىككى"d" تىلىغا كىرىدۇ).

2) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى گراماتىك كاتېگورىيىلەر (ئىسىم ۋە پېئىللاردىكى شەخس كاتېگورىيىسى، بىرلىك، كۆپلۈك كاتېگورىيىسى، كېلىش كاتېگورىيىسى، پېئىل زامانلىرى ۋە دەرىجىلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار) ھەر ئىككى تىلدا ئوخشاش.

ياردەمچى پېئىللارنىڭ ئىستېمالى ھەر ئىككى تىلدا ئوخشاش (ئەرمەك، تۇرماق، قىلماق، ئەتمەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار).

جۈملە تۈزۈلۈشى نەسرى ئەسەرلەردە بولسۇن، شېئىرىي ئەسەرلەردە بولسۇن ھەر ئىككى تىلدا ئوخشاش.

3) لۇغەت سوستاۋى بوددىزمغا ۋە ئىسلام دىنىغا خاس دىنىي ئاتالغۇلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەر ئىككى تىلدا ئوخشاش.

نۇرغۇن ئاتالغۇلار ھەر ئىككى تىلدا بىر خىل مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن:

| تۈركىي تىللار دىۋانىدا | | ئالتۇن يارۇقتا |
|---|---|---|
| arkïx | (كارۋان) | arkïx |
| əlqi | (ئەلچى) | əlqi |
| ilig | (خان) | ilig |
| ɵgüz | (دەريا) | ɵgüz |
| taluy | (دېڭىز) | taluy |
| balik | (شەھەر) | balik |
| bayaqut | (بايۋەتچە) | bayaqut |
| alpaqut | (باتۇر) | alpaqut |
| ülüx | (ئۈلۈش) | ülüx |
| ulus | (مەملىكەت) | ulus |
| tïnlïq | (جانىۋار) | tïnlïq |
| antaq | (ئانداق) | antaq |
| kɵsüx | (ئارزۇ) | kɵsüx |
| yarlïka | (بۇيرۇماق) | yarlïka |
| təlim | (كۆپ) | təlim |
| kamuq | (ھەممە) | kamuq |
| yaŋa | (پىل) | yaŋa |
| bolmïx | (بولغان) | bolmïx |
| kildaqï | (قىلغۇچى) | kildaqï |
| ɵtrü | (كېيىن) | ɵrtü |

سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارمۇ ھەر ئىككى تىلدا ئوخشاش:

| | | |
|---|---|---|
| əm – qi | (تېۋىپ) | əm – qi |
| ot – luoq | (ئوتلۇق) | ot – luoq |
| bor – luk | (ئۈزۈملۈك) | bor – luk |
| irtə – kən | (ئەتىگەن) | irtə – kən |
| kïl – oqu | (قىلىش) | ķïl – oqu |
| kəl – təqi | (كېلىدىغان) | ķəl – təqi |

قىسقىسى «ئالتۇن ياروۇق» تىلى بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋەكىللىك قىلغان ئەدەبىي تىل ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پرىنسىپال پەرق يوق. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسىي پەرق — «ئالتۇن ياروۇق» تىلىدا بۇددىزمغا خاس ئاتالغۇلار كۆپ. خاقانىيە تىلىدا بولسا ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلار كۆپ؛ «ئالتۇن ياروۇق»تا كونا ساناق سىستېمىسى ئىشلىتىلگەن، خاقانىيە تىلىدا يېڭى ساناق سىستېمىسى ئىشلىتىلگەن. بۇلار ئىككى تىل ۋەكىللىك قىلغان مەدەنىي مۇھىتنىڭ تەسىرىنىلا ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

بۇ ئىككى تىلنىڭ مۇنداق ئوخشاش بولۇشى، بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، خاقانىيە تىلى «ئالتۇن ياروۇق» ۋەكىللىك قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا راۋاجلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۇ تىل پاكىتلىرى شۇ دەۋردە ئىككى خىل سىياسىي ھاكىمىيەت ئاستىدا ياشىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئورتاق ئەدەبىي

تىل ئىشلەتكەنلىكىنى، بىر - بىرىنىڭ ئەدەبىياتى ۋە كىتاب-لىرىدىن ھېچ قىينالماي پايدىلىنىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ (ئىسلام مۇھىتىدا يېزىلغان بىرمۇنچە شېئىرلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرىنىڭ تېپىلغانلىقى بۇنى ئىسپاتلايدۇ). مۇشۇنداق بولمىغاندا، مەھمۇت قەشقەرى قوچۇ ئۇيغۇر تىلىنى "ساپ تۈرك تىلى" دېمىگەن بولاتتى. قەشقەر، خوتەن خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇددىزم مەزمۇنىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئوقۇشتىن قالغان بولسىمۇ، لېكىن سىنقۇسىلى ياشىغان دەۋردە قەشقەر خەلقىمۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، بۇددا دىنىي كىتابلىرىنى ئوقۇيتتى. شۇڭا ئۇ چاغلاردا قەشقەر زىيالىيلىرىنىمۇ سىنقۇسىلى ئەسەر-لىرىدىن خەۋەردار دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن. مەسىلىگە مۇشۇنداق قارىغاندا، مەھمۇت قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن جۇڭگو ۋە خەنزۇ مەدەنى-يىتى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى توغرا چۈشەنگىلى بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» مۇقەددىمىسىدە ئېيتقان چىن ئالىملىرى ۋە مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىدىن پايدىلانغان-لىقى ھەققىدىكى سۆزلەر بولماستىن، بەلكى ئۆزىدىن سەل ئاۋۋال ئۆتكەن سىنقۇسىلىغا ئوخشاش ئۇلۇغ تەرجىمان ۋە ئەدىبلەرنىڭ خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرى ئارقىلىق خەنزۇ ئالىملىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىدىن ھەقىقەتەن خەۋەردار بولغانلىقىنىڭ ئىنكاسىدۇر. بىز بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى كۆچەيتىپ

بەزى چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ بۇ ھەققەتنى ئىنكار قىلىدىغان سۆزلىرىگە پۇختا ئىلمىي ئاساستا رەددىيە بېرىشىمىز لازىم.
سىنقۇسپلى تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىش تۈركىي تىللار تەتقىقاتىدىكى بىر چوڭ تېما، بولۇپمۇ تىل جەھەتتىن ئالغاندا شۇنداق. بۇنىڭ ئۈچۈن يالغۇز تۈركىي تىللارنى بىلىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە سانسكرىت تىلى، توخرى (توخار) تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە بۇددا دىنىدىن ئەتراپلىق مەلۇماتقا ئىگە بولۇش كېرەك. مۇشۇ ساھەلەر بويىچە ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولغاندا ياكى مۇشۇ ساھەلەردىكى مۇتەخەسسىسلەر ئورتاق تىرىشقاندىلا، بۇ تەتقىقات ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىغىلى بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى «ئالتۇن يارۇق» ئۈستىدە نۇرغۇن يىللار ئىشلىگەن چەت ئەل ئالىملىرىمۇ تەكىتلەپ كۆرسەتمەكتە. مەملىكىتىمىزدە ۋە چەت ئەللەردە بىرمۇنچە ئالىملار ھازىر بۇ خىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانماقتا، مەملىكىتىمىزدىن ئالغاندا مەرھۇم پروفېسسور فېڭ جياشېڭ ۋە ئۇنىڭ ئىشىنى داۋام قىلدۇرۇۋاتقان يولداش گېڭ شىمىننىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى بۇ جەھەتتىكى ئوبدان باشلىنىشتۇر.
مەن بۇ ماقالىدە شۇ يولداشلارنىڭ ۋە چەت ئەللەردىكى بەزى ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا ئۆزەمنىڭ بەزى پىشىمىغان كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇم، پىكىرلىرىمدە توغرا بولمىغان جايلار بولسا، يولداشلارنىڭ

كۆرستىپ بېرىشنى سەممىي ئۈمىد قىلىمەن.

ئىزاھاتلار:

① بەشبالىق شەھىرىنىڭ خارابىسى ھازىر جىمسار ناھىيىسى تەۋەسىدە. يېقىندا بۇ يەردىن بىر چوڭ بۇددا ئىبادەتخا-نىسىنىڭ خارابىسى تېپىلدى. بۇ ئىبادەتخانىنىڭ تام رەسىملىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە لەۋھەلەر بار. بۇ ئىبادەتخانا شۇ دەۋرلەردە بۇددا دىنى ئالىملىرىنىڭ (جۈملىدىن سىنقۇسېلىنىڭ) پائالىيەت مەيدانى بولغان بولسا كېرەك.

② س. ي. مالوۋ: بىبلىئوتىكا، XX V II، لېنىنگراد، 1930-يىل.

③ ④ ⑤ تاڭ دەۋرىدىكى خەنزۇ تىلى، شېئىرىيىتى ۋە بۇددىزم ئەدەبىياتى ھەققىدىكى ئەسەرلەر.

⑥ قۇربان ۋەلىنىڭ «ئاسارئەتىقىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1980-يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان بۇ ھەقتىكى ماقالىسىگە قارالسۇن.

ئۇيغۇركىتاب تورپېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقان تورپېتى
www.uyghurkitap.com

# كۇچالىق مەشھۇر تەرجىمان كۇمارا جىۋانىڭ تەرجىمە ئۇسۇللىرى ھەققىدە①

كۇماراجىۋا (349 ـــ 409) نىڭ ئاتىسى ھىندىستانلىق، ئانىسى كۇچا ھۆكۈمدارىنىڭ قىزى ئىدى. ئۇ، توققۇز يېشىدا ئانىسى بىلەن كەشمىرگە بېرىپ، بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا مەزھەپىدە تەربىيىلىنىدۇ. كېيىن يەكەنگە كېلىپ يەكەن پادىشاھى سولىنا سومۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىنى قوبۇل قىلىدۇ.

كۇماراجىۋا كىچىكىدىنلا بەك قابىل بالا بولغان. بىر كۈندە مىڭ مىسرا ئايەتنى ياد ئالالىغان. 20 يېشىدا كۇچانىڭ مەشھۇر بۇددا ئالىمى بولۇپ تونۇلۇپ، ھەر تەرەپكە داڭقى كەتكەن. ئالدىنقى چىن پادىشاھى فۇ جيەن كۇماراجىۋانى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، لۈي گۇاڭ قوماندانلىقىدا قوشۇن ئەۋەتىپ، كۇچا خانى بىلەن سوقۇشۇپ، ئۇنى يېڭىپ، كۇمارا-جىۋانى لياڭجۇغا ئېلىپ كېتىدۇ. شۇ ئارىلىقتا ئۇنى ئالدۇرغان پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن، كۇماراجىۋا لياڭجۇدا 15 يىلچە

① «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

تۇرۇپ قالىدۇ ۋە خەنزۇ تىلىنى پىششىق ئۆگىنىدۇ. مىلادى 401 ـ يىلى چاڭئەنگە كەلتۈرۈلۈپ، بۇددا دىنى ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىنىدۇ. كۇماراجىۋا جەمئىي 400 دىن ئارتۇق بۇددا دىنى كىتابىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، ھىندىستاننىڭ بۇددا دىنى تەلىماتىنى جۇڭگوغا ئۆز ئەينى بويىچە تونۇشتۇرۇپ، جۇڭگودا بۇددا دىنىنىڭ كەڭ تارقىلىشى ۋە گۈللىنىشىگە زور تۆھپە قوشىدۇ.

جۇڭگودا بۇددا دىنى ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش مىلادى 148 ـ يىلىدىن باشلانغان، ئەمما ئۇ چاغلاردىكى تەرجىمىلەر خەتمۇخەت تەرجىمە بولغاچقا، ئۇلارنى ئوقۇپ چۈشىنىش بەك تەس بولغان.

كۇماراجىۋا جۇڭگودا بىرىنچى بولۇپ مەنە تەرجىمە ئۇسۇلىنى قوللانغان ئۇلۇغ تەرجىمان. كۇماراجىۋا سانسكرىت تىلى ۋە توخرى (قەدىمكى كۇچا) تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدا يۇقىرى مەلۇماتلىق بولغاچقا، تەرجىمىدە ئەسلى مەزمۇننى بۇزماسلىق شەرتى ئاستىدا، ئەسلى تېكىستنىڭ شەكلىگە تولا قاتتىق ئېسىلىۋالماسلىق كېرەك. دەپ تەكىتلىگەن. ئۇ دەۋرلەردە، خەنزۇ ئەدەبىي تىلدا گۈزەل ئىبارىلەرگە قىزىقىش بەك يۇقىرى بولغاچقا، كۇماراجىۋا بۇ خىل ھەۋەسنى نەزەردە تۇتۇپ، بەدەننى (ئەسلى مەزمۇننى) بۇزماسلىق شەرتى ئاستىدا، "چاپاننى" قانچە گۈزەل قىلسا، شۇنچە ياخشى، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان. يەنە بىر تەرەپتىن، كۇماراجىۋا سانسكرىت تىلىدا ئۆزىنىڭ-

ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان مۇرەككەپ جۈملە تۈزۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىدىغانلىقىنى، خەنزۇ تىلىدا بولسا، ئىخچام ئىبارىلەرنى ئىشلىتىش ئادەت ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆز تەرجىمىسىدە سانسكرىت تىلىدىكى بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان ئۇزۇن تەسۋىرلەرنى قىسقارتىپ، مەزمۇنىنى خەنزۇچە ئىخچام ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن.

كۇماراجىۋا مەنە تەرجىمىسى تەرەپدارى بولسىمۇ، لېكىن تەرجىمىدە جۈملىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا بەك ئېھتىياتچان بولغان. سانسكرىت تىلىدىكى قاپىيىلىك نەسىر ئۇسلۇبىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، خەنزۇ تىلىدا ئۆزگىچە خاس بەش خەتلىك قاپىيىسىز بىر ئۇسلۇب ئىجاد قىلغان. ئۇ، ياراتقان بۇ ئۇسلۇب كېيىنكى چاغلاردا خەنزۇچە سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئاھاڭغا سېلىنغان نەسرى ئۇسلۇبىغا ئاساس بولدى.

كۇماراجىۋا تەرجىمىدە ”تەرجىمە مەيدانى“ دەپ ئاتىلىدىغان كوللېكتىپ تەرجىمە ئۇسۇلىدىن پايدىلانغان. بۇنىڭدا ئۇ ئالدى بىلەن، سانسكرىتچە ئەسەرنى خەنزۇچە ئېيتىپ بېرىپ، مەنىسىنى شەرھلەپ چىققان. ئاندىن ئۇنى (تەرجىمىنى) ئاڭلىغان 500 دىن ئارتۇق ئادەم تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىپ چىققاندىن كېيىن، تەرجىمىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى يېزىپ چىقىلغان. ئاندىن بۇ نۇسخە كونا تەرجىمە نۇسخىلىرىغا سېلىشتۇرۇپ چىقىلغان. ئاندىن تەرجىمىنىڭ مەزمۇنى بۇددا دىنىنىڭ «سودۇر» ۋە نوملىرى (بۇددانىڭ تەلىماتلىرى ۋە شەرھلىرى)گە توغرا

كېلىش ـ كەلمەسلىكى تەكشۈرۈپ چىقىلىغان. تەرجىمىدە ئىشلە-
تىلىدىغان ئاتالغۇلار ۋە سۆزلەرگە بەك ئېھتىياتچان مۇئامىلىدە
بولۇنغان، ئەگەر مەزكۇر ئەسەرنىڭ توخرىچە تەرجىمىلەردە
سۆز خاتالىرى بولسا، سانسكرىتچە ئاساسدا تۈزەتكەن. پۈتۈن
ئەسەر تەرجىمىسى تاماملانغاندىن كېيىن، ئاخىرقى تەكشۈرۈش-
تىن ئۆتكۈزۈلگەن، ھېچقانداق گۇمان ۋە مەسىلە قالمىغاندىن
كېيىن، تەرجىمە بېكىتىلگەن.

كۇماراجىۋا تەرجىمە ئاخىرىسىغا تەرجىمان مەسئۇل بولۇپ
قول قويۇشى كېرەك، دەپ ئۆزى تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەرگە
"توغرىلىقىغا مەسئۇلمەن" دەپ ئىمزا قويىغان. "ئەگەردە تەر-
جىمەمدە خاتا كەتكۈزگەن بولسام، ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ
تىلىم كۆيگەي" دېگەن. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ تەرجىمە ئىشىغا
ناھايىتى مەسئۇلىيەت بىلەن قارىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

كۇماراجىۋا بۇددا دىنى كىتابلىرىنى ناھايىتى پۇختا ئۆگەن-
گەن بولسىمۇ، ئەمما بىرەر يېڭى ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشقا
كىرىشكەندە، ئۇنى ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىپ قايتا ئۆگىنىپ
چىققان. مەسىلەن، «ئۇن ئەقىدە» ناملىق كىتابنى تەرجىمە
قىلماقچى بولۇپ قولغا ئالغاندا، "بىر ئايدىن ئارتۇقراق تەرەد-
دۇتقا چۈشۈپ، قولغا قەلەم ئالالمىغان." بىر ئۇستازنى تېپىپ،
ئۇنىڭدىن بۇ ئەسەر ھەققىدە تەلىم ئېلىپ، قىيىن مەسىلىلەرنى
تولۇق ھەل قىلىپ ئالغاندىن كېيىنلا تەرجىمىگە تۇتۇش قىلال-
غان. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، كۇماراجىۋا تەرجىمە

خىزمىتىگە ناھايىتى ئېھتىياتلىق مۇئامىلىدە بولغان.

كۇمارا جىۋادەك ئۇلۇغ تەرجىمانىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن تەرجىمە ـ تەجرىبىلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش ھازىر تەرجىمىدە دۇچ كېلىۋاتقان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا بىزگە نۇرغۇن بىلىم ۋە ئىلھام بېرىدۇ.

# تەرجىمە نەزەرىيىسى ھەققىدە

## 1. تەرجىمە ۋە ئۇنىڭ تارىخى

تىل ئىنسانلارنىڭ مۇھىم ئالاقە ۋاستىسى ۋە تەپەككۇر قورالى.

ئىنسانلار بىر خىل تىلدا سۆزلىگەندە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىۋاستە بولىدۇ؛ ھەر خىل تىلدا سۆزلىگەندە تەرجىمە ۋاستىسى بىلەن بولىدۇ.

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىلا، ئىككى خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان ئىككى مىللەت ئارىسىدا تەرجىمە پائالىيىتى مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، بۇ پائالىيەت داۋاملىق گۈللەنمەكتە.

قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتى گۈللەنگەن دەۋردە تەرجىمە پائالىيىتىمۇ گۈللىنىشكە باشلىغان. مىلادىدىن 3200 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن مىسىر پىرئاۋۇنىنىڭ ئىككى تىلدا يېزىلغان خېتى شۇ دەۋردىكى تەرجىمە پائالىيىتىنىڭ قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتى بىلەن بىللە مەيدانغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى قەدىمكى رىم مەدەنىيەتتە

www.uyghurkitap.com

گۈللىنىشكە باشلىدى، شۇ دەۋردە قەدىمكى گرېك خەلقىنىڭ ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرى لاتىن تىلىغا كۆپلەپ تەرجىمە قىلىنىپ، رىم مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە نۇرغۇن ھەسسە قوشقانىدى. ئوتتۇرا ئەسىردە ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان. 7 — 8 - ئەسىرلەردە قەدىمكى گرېك پەيلاسوپلىرىنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى پارلاق ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە كۆپ ھەسسە قوشقان. ئوتتۇرا ئاسىيادا يېتىشكەن ئىبن سىنا، فارابىلارنىڭ ئىلمىي كۆز قاراشلىرىنى ۋە ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرىنى ئەنە شۇ تەرجىمە پائالىيەتلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

مەملىكىتىمىز جۇڭگودا تەرجىمە پائالىيىتى بۇددا دىنى ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ تەرجىمە قىلىش بىلەن باشلانغان. بۇنىڭدا غەربىي رايون (شىنجاڭ) ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان، بۇنىڭ ئۈچۈن كۇچالىق ئۇلۇغ تەرجىمان كۇماراجىۋانىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە بېرىپ، بۇددا دىنى كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا كۆرسەتكەن ئۇلۇغ خىزمەتلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. ئۇ دەۋرلەردە شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارغان، ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا كەلگەن نۇرغۇن بۇددا ئالىملىرى ۋە راھىبلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق تەرجىمانلىرى ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەرجىمە پائالىيەتلىرى ئارقىلىق مەملىكىتىمىز

بىلەن چەت ئەللەر ئوتتۇرىسىدا ۋە جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ ئۆز ئارىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئالغا سۈرۈشتە نۇرغۇن تۆھپە قوشقان.

تەرجىمە خىزمىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. ھازىر بىزگە مەلۇم بولغان يازما يادىكارلىقلارغا قارىغاندا ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە پائالىيىتى مىلادىدىن كېيىنكى 5 ـ ئەسىرلەردە مانى دىنىنىڭ تۆۋە دۇئاسىنى تەرجىمە قىلىشتىن باشلانغان. بۇ پائالىيەت 10 ــ 13 ـ ئەسىرلەردە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇرلار شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي تۈگۈنىگە جايلاشقان بولغاچقا، ئۇلار جەنۇبتا بۇددا دىنى ئارقىلىق قەدىمكى ھىندى مەدەنىيىتى بىلەن، غەربتە ئاۋۋال مانى، نىستورىيان دىنلىرى، كېيىن ئىسلام دىنى ئارقىلىق ئىران ۋە ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە شۇلار ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىز مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولغان بولسا، شەرقتە قەدىمكى خەنزۇ مەدەنىيىتى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە پائالىيىتى تىل جەھەتتىن ئالغاندا خەنزۇ (تاۋغاچ)، قەدىمكى ھىندى (ئەنەتكەك)، توخرى (قەدىمكى كۇچا ۋە قاراشەھەر)، سوغدى ۋە سۇرىيانى تىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەسىلەن: بەشبالىقلىق سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ «ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنجاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئەسەر-

لەرنى خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلغان.

ئىلىبالىقلىق پرتانىياراكشىت «مايتىرى سىمىت»نى توخرى (قەدىمكى كۇچا) تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

ئامۇگا ئاچار «سەككىز مۇقەددەس ئورۇنغا مەدھىيە» ناملىق بۇددا دىنى كىتابىنى ئەنەتكەك (قەدىمكى ھىندى) تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر بۇددا، مانى، نىستورىيان ۋە زەردەشت دىنلىرىغا ئائىت كىتابلاردىن باشقا، يەنە: (1) تەقۋىم (كالېندارچىلىق) ۋە ئاسترونومىيىگە ئائىت ئەسەرلەر؛ (2) تىبابەتچىلىككە ئائىت ئەسەرلەر؛ (3) ساياھەتنامىلەر (مەسىلەن، شۇەنجاڭنىڭ تەرجىمىھالىغا ئوخشاش)؛ (4) تىجارەت ۋە سودا ـ سېتىققا ئائىت ئەسەرلەر ھەمدە خەت ـ چەكلەر؛ (5) تارىخقا ئائىت ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇ دەۋردىكى تەرجىمە پائالىيىتىدە يالغۇز چەت تىللاردىن ئۇيغۇر تىلىغىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا تىللارغىمۇ تەرجىمە قىلىنغان. بۇنىڭغا دۇنخۇاڭدىن يىللىيوت تاپقان تىبەتچە يېزىق يادىكارلىقلىرىدىن «بەش كىشىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئۇيغۇر خانىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، شىمالىي ئاسىيادا ياشىغۇچى 35 قەبىلىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى»نى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. بۇ دوكلات ئەسلى ئۇيغۇرچە يېزىلغان بولۇپ، كېيىن ئۇيغۇر تىلىدىن تۆبۈت

تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان (ھازىر بۇ ئەسەر خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى، ئەمما ئۇيغۇرچىسى ساقلانمىغان).

تەرجىمە تۈرلىرىدىن قارىغاندا قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمە ئەسەرلىرى بەزىلىرى تولۇق، بەزىلىرى قىسقارتىلىپ تەرجىمە قىلىنغان، بەزىلىرى ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ئېلىپ، ئۇيغۇر تىلىدا قايتا يېزىپ چىقىلغان. مۇنداق قايتا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى بەدىئىي جەھەتتە ئەسلى ئەسەردىن ئېشىپ كەتكەن.

قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن «ئالتۇن يارۇق»، «مايترى سىمىت»قا ئوخشاش چوڭ ھەجىملىك ئەسەر-لەرنىڭ تەرجىمە سەۋىيىسى مەيلى تىل جەھەتتىكى پۇختىلىقى، مەيلى بەدىئىي جەھەتتىكى گۈزەللىكى ۋە ئاتالغۇلارنىڭ پۇختا ئىشلەنگەنلىكى تەرەپلىرىدىن بولسۇن، ناھايىتى يۇقىرى سەۋى-يىگە يەتكۈزۈلگەن. بۇنىڭدىن شۇ دەۋردىكى تەرجىمانلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە يۇقىرى سەۋىيىلىك تىل ئۇستىلىرى بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئەسەرلەر ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈز-گەن رادلوۋ، مالوۋ، گابايىن قاتارلىق تۈركولوگلارنىڭ ھەممىسى بۇ نۇقتىنى بىردەك تەكىتلەپ كۆرسەتمەكتە.

10 ـ ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىش ئىشىمۇ ئەۋج ئالدى، بۇ خىل تەرجىمىلەرگە 12 ـ ئەسىردە تەرجىمە قىلىنغان قۇرئان تەرجىمىسى، چاغاتاي

www.uyghurkitap.com

ئەدەبىياتى دەۋرىدە پارسچە ۋە ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان «شاھنامە»، «گۈلىستان»، «مىڭ بىر كېچە»گە ئوخشاش ئەسەرلەرنى ئۇلگە قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. ئىسلام دىنى ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا، دەسلەپتە خەتمۇخەت تەرجىمە ئۇسۇلى (12 ـ ئەسىردىكى قۇرئان تەرجىمىسى بۇنىڭغا مىسال)، كېيىن تەفسىرلەش ئۇسۇلى، ئەدەبىي ئەسەرلەر تەرجىمىسىدە بولسا، بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىدىكى تەرجىمە ئۇسۇلى قوللىنىلغان.

يۇقىرىدىكى پاكىتلاردىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، تەرجىمە مەسىلىسى مەيلى پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن بولسۇن، ياكى بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بولسۇن، يېڭى بىر ئىش بولماستىن، بەلكى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە كونا مەسىلە. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىز بۈگۈن تەرجىمىدە دۇچ كەلگەن ھەممە مەسىلىلەرگە، يەنى ئۆز تىلىدىن چەت تىلغا، چەت تىلدىن ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلىش، ئېغىزچە تەرجىمە ۋە قەلەم تەرجىمىسى، نەسرىي ھەم شېئىرىي تەرجىمە، سىياسىي، ئىلمىي ئەسەرلەر، بەدىئىي ئەسەرلەر تەرجىمىسى، تولۇق تەرجىمە، قىسقارتىلغان تەرجىمە، خەتمۇخەت تەرجىمە، مەنە تەرجىمىسى ۋە تەفسىرى تەرجىمەلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاللىقاچان دۇچ كەلگەن ۋە ئۇلارنى ئۆز دەۋرىدە خېلى ياخشى ھەل قىلغان، شۇنىڭدەك بىزگە بۇ ھەقتە نۇرغۇن نەمۇنىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. شۇڭا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ تەرجىمە ساھەسىدە ئىشلىگەن ئىشلىرىنى پۇختا تەتقىق

قىلىپ چىقىش، تەرجىمە ساھەسىدە بىز بۈگۈن دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا زور ئىلمىي ۋە ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە.

تەرجىمە خىزمىتى يالغۇز ئىنسانلار ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇ-رۇشتىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالماستىن، يەنە مىللىي ئەدەبىي تىل تەرەققىياتىدىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ياۋروپا تىللىرىنىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر سالساق، گېرمانىيىدە 1522 - يىلى مارتىن لودى تەرىپىدىن نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىن-غان «ئىنجىل» تەرجىمىسى نېمىس ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققى-يات-ىغا ئاساس سېلىپ بەرگەن بولسا، 1611 - يىلى ئەنگلىيە كارولى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن «ئىنجىل» تەرجىمىسى ئىنگلىز ئەدەبىي تىلى تەرەققىياتىدا بۆشۈكلۈك رول ئوينىغان.

بۇددىزم ئەسەرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشمۇ خەنزۇ ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بۇددا دىنى ئەسەرلىرىنى ۋە باشقا دىنىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش ئاساسىدا ئىشلىنىپ چىقىپ، ئۇيغۇر تىلىنى ئۆز دەۋرىدە پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. قەدىمكى بۇددىزم كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق پىشىپ يېتىلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى خاقانىيە ئەدەبىي تىلىغا، شۇنىڭدەك چاغاتاي ئەدەبىي تىلىغا پۇختا ئاساس يارىتىپ بەرگەن.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ كېيىنكى 50 يىللىق تەرجىمە خىزمىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمانلارنىڭ ئەدەبىي تىل تەرەققىياتىدىكى رولىغا سەل قارىماسلىق كېرەك. چۈنكى، تەرجىمە تىلىغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش مەسىلىسى ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەرجىمە خىزمىتى بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن دۇنيادا ناھايىتى زور رول ئوينىماقتا. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىر مەلۇماتىغا قارىغاندا، 1967 ـ يىلى دۇنيا بويىچە بىر يىلدا تەرجىمە قىلىنغان ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ سانى 80 مىڭدىن ئاشقان. خەلقئارادا خىمىيە ساھەسى بويىچە يېڭى ئاتالغۇلار بىر ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100 دىن، ئېلېكترون تېخنىكىسى ئاتالغۇلىرى يىلىغا نەچچە مىڭدىن كۆپەيمەكتە.

پەقەت مۇشۇ ئىككى مىسالدىنلا تەرجىمە خىزمىتى ھەل قىلىدىغان ئاتالغۇلار مەسىلىسى ئەدەبىي تىل تەرەققىياتىدا قانچىلىك زور سالماقنى ئىگەللەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 2. تەرجىمە ھەققىدىكى تەتقىقاتلار

تەرجىمە خىزمىتىنى ئىلمىي ئاساستا تەتقىق قىلىش يېقىنقى

زامانلاردا باشلاندى.

ياۋروپادا تىتلىر 1790 ـ يىلى بىرىنچى بولۇپ تەرجىمە ھەققىدە مەخسۇس كىتاب يازغان. ئاتاقلىق تىلشۇناسلاردىن مۇدمىئولدىت 1816 ـ يىلى تەرجىمە ھەققىدە مەخسۇس ئامىي مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. ئەمما ئۇلار تەرجىمىنىڭ مىللىي تىل تەرەققىياتىدىكى رولى، تەپەككۇر بىلەن تىل ئالاھىدىلىكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، تەرجىمە قىلىنىدىغان ئەسەرلەرنىڭ تۈرلىرى ۋە خاراكتېرى دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەر ھەققىدە سىستېمىلىق بىر تەرجىمە نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويمىغاندى.

سوۋېت تىلشۇناسلىرىدىن فېدوروۋ تەرجىمە نەزەرىيىسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ھاسىل قىلىنىدىغان ۋە ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇستەقىل بىر تىلشۇناسلىق ئىلمىي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ھازىر تەرجىمە نەزەرىيىچىلىرى تەرجىمە نەزەرىيىسى بىلەن تىلشۇناسلىق ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئوخشاشلىق بارلىقىنى ۋە تەر- جىمە بىلەن باشقا پەنلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىرقەدەر ئوچۇق كۆرسىتىپ ئۆتتى.

مونىن (1955، 1965) تەرجىمە نەزەرىيىسى بىلەن سىمانتى- كىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىپ، كونتېكستتىكى تىلنىڭ ئىجتىمائىي سىمانتىكىلىق ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭدەك سىمانتىكىدىن باشقا يەنە سېمىئوتىكا («符号学») پراگماتىكا («语文学»)، لوگىكا، پەلسەپە (بولۇپمۇ تىل

پەلسەپىسى)لەرمۇ تەرجىمە ئىلمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالماقتا.

ئامېرىكا تەرجىمە نەزەرىيىچىلىرىدىن ئېۋگېنى ئالبېرت نىدا (1965، 1975) ئالماشتۇرۇش گراماتىكىسى ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، سەككىز خىل تىپىك جۈملە فورمىسىنى — بىر تىلدىن يەنە بىر تىلغا ئالماشتۇرۇپ تەرجىمە قىلىشنىڭ قائىدىسىنى ئىشلەپ چىقتى.

كوتفارد (1965) ھالىلىرايىنىڭ سىستېمىلىق گراماتىكا ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، تىلدىكى ھەر خىل قاتلام، ھەر خىل قۇرۇلما، ھەر خىل سۆز تۈرى ۋە ھەر خىل بىرلىكلەر ۋە سىستېمىلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەر خىل تەرجىمە جەريانلىرىنى ناھايىتى ئۇنۇملۇك ئايرىپ چىقتى. بولۇپمۇ تىل مۇھىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سۆزنىڭ كونتېكستتىكى مەنىسىنىڭ تەرجىمان ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

تەرجىمە نەزەرىيىچىلىرىنىڭ مانا مۇشۇنداق تەتقىقاتلىرى نەتىجىسىدە تەرجىمە ئىلمى ھازىر مۇستەقىل بىر ئىلىم بولۇپ شەكىللىنىپ، تىلشۇناسلىق ئىلمىدىن دۇكان ئايرىپ چىقتى.

## 3. تەرجىمە نەزەرىيىسىدىن دەسلەپكى چۈشەنچىلەر

بىر تىلدىكى سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن ئۇقۇمنى يەنە بىر

تىلدىكى تەڭ قىممەتلىك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش تەرجىمە[1] دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككى تىلدا مۇتلەق تەڭ قىممەتلىك سۆزلەرنى تېپىش ئاسان بولمىسىمۇ، تەرجىماننىڭ ۋەزىپىسى ئىمكانىقەدەر تەڭ قىممەتلىك سۆزلەرنى تېپىپ تەرجىمە قىلىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن مەنە جەھەتتە تەڭ قىممەتلىك قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك، ئەلۋەتتە.

تەرجىمىدە مەنە جەھەتتىن كەتكۈزۈپ قويۇش ئىككى جەھەتتە: بىرىنچىسى، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتە؛ ئىككىنچىسى، ھەددىدىن ئارتۇق كېمەيتىۋېتىشتە يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭغا ئەسلى تېكىست بەك مۇجمەل بولۇپ، تەرجىماننىڭ ژادىلا ئىقتىدارى يەتمەيدىغان ئەھۋاللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۆۋەندىكى ئەھۋاللار سەۋەب بولىدۇ:

1. ئەسلى ئەسەر مەزكۇر تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقنىڭ تەبىئىي شارائىتى، ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاندا، ئاسان خاتالىق يۈز بېرىدۇ. مۇنداق چاغلاردا مۇنۇ ئۈچ ئۇسۇلدىن بىرىنى قوللى-

[1] كونا ئۇيغۇر تىلىدا "تەرجىمە" دېگەن ئاتالغۇ "ئېۋىرمە" دېيىلەتتى. "تەرجىمان" سۆزى ئورنىدا "تىلماچ" سۆزى ئىشلىتىلەتتى. تەرجىمە قىلغۇچى دېگەن سۆز جانلىق تىلدا خەنزۇچە "通舌" دېگەن سۆزدىن كەلگەن "تۇڭچى" دېگەن سۆز بىلەن ئاتىلاتتى.

نىشقا توغرا كېلىدۇ: a، ئاۋاز تەرجىمىسى؛ b مەنە تەرجىمىسى؛ c. ئىزاھلاپ تەرجىمە قىلىش (بۇنىڭغا تىرناق ئىچىدە ياكى ھاشىيىدە بېرىلىدىغان ئىزاھلارمۇ كىرىدۇ).

مەسىلەن، "شەرق شامىلى" دېگەن سۆز جۇڭگونىڭ تەبىئىي شارائىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، "ئوڭۇشلۇق"، "پايدىلىق بولۇش" دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما بۇ سۆز ئەنگلىيىدە پۈتۈنلەي ئەكسىچە ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ. چۈنكى، ئەنگلىيىدىكى "شەرق شامىلى" شىمالىي قۇتۇپتىن سوققان سوغۇق شامال بولۇپ، ئۇ ئاپەت. "غەرب شامىلى" بولسا ئەتىيازغا ۋەكىللىك قىلىدىغان يىللىق، يېقىملىق شامال ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا جۇڭگو-دىكى "شەرق شامىلى" دېگەن ئۇقۇمنى ئىنگلىزچىغا "غەرب شامىلى" دېگەن سۆز بىلەن تەرجىمە قىلىشقا ياكى ھاشىيىدە ئىزاھات بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

2. ئىككى تىل ئۆزىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكلىرى، ئىجتىمائىي، مەدەنىي مۇھىتتىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن بىر-بىرىگە ئوخشى-مايدىغان لېكسىكا، گراماتىكا ۋە فونېما سىستېمىلىرىغا ئىگە بولسا، ئۇ تىللاردا ھەر خىل شەكىلدىكى ئوبيېكتلار ۋە نەزەرىي، ئەخلاقىي چۈشەنچىلەر بىر-بىرىگە ئوخشىمىسا، مەزمۇندا كېتىپ قېلىش ئاسانلا يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى تىلدىكى سۆز، سۆز بىرىكمىسى، ئىبارە ۋە جۈملىلەردە تەڭ قىممەتلىك بولۇش تەس بولغاچقا، مۇنداق تۆت خىل لېكسىكا ئامىلى رول ئوينايدۇ:

1) شەكىل دەرىجىسى، يەنى قېتىپ قالغان شەكىللەردىن

ئەركىن شەكىللەرگىچە بولغان پەرق؛

2) ھېسسىيات دەرىجىسى، ھېسسىياتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدىن ئەڭ تۆۋەن پەللىسىگىچە بولغان پەرق. مەسىلەن، ئەڭ قىزغىن ھېسسىياتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئوتتۇرىچە ياكى ئەڭ تۆۋەن قىزغىنلىقنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن تەرجىمە قىلىنىپ قېلىش؛

3) ئابستراكتسىيە دەرىجىسى، يەنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئابستراكلاشتۇرۇلغان ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆز ياكى ئىبارىلەر ئادەتتىكى كونكرېت ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆز ياكى ئىبارىلەرگە ئايلىنىپ قېلىش؛

4) باھالاش دەرىجىسى، بۇ مۇنداق تۆت تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: a. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق؛ b. ئالىيجاناب ئارزۇلار بىلەن پەسكەش ئارزۇلار؛ c. قەتئىي ئىرادە بىلەن بوش ئىرادە؛ d. كەڭ قورساقلىق بىلەن ئىچى تارلىق پەرقى.

تەرجىمىدە ئىشلەتكەن لېكسىكا مۇشۇ جەھەتلەردىن پۇختا ئويلاپ تاللانمىسا، ئەركىن مۇئامىلە قاتمال مۇئامىلىگە، قىزغىن ھېسسىيات سوغۇق ھېسسىياتقا، ئابستراكت ئۇقۇم ئاددىي ئۇقۇمغا، ماختالغان نەرسە كەمستىلگەن نەرسىگە، ئالىيجاناب تۇيغۇ پەسكەش تۇيغۇغا ئايلىنىپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ دەرىجىسى تۆۋەنلەيدۇ ياكى ئاشۇرۇۋېتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەنىگە قۇسۇر يېتىپ، تەرجىمە تەڭ قىممەتلىك بولماي قالىدۇ.

تەرجىمە قىلىنغان ئەسەر ئەسلى ئەسەرگە تەڭ قىممەتلىك

بولۇش پرىنسىپى، تەرجىمە نەزەرىيىسىدە دائىم تالاش بولۇپ كېلىۋاتقان سادىقلىق-سادىق بولماسلىق، خەتمۇخەت تەرجىمە، مەنە تەرجىمە دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرنىڭ تۈگۈنى.

تەڭ قىممەتلىك بولۇش پرىنسىپى تەرجىماندىن ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە سېزىم قۇۋۋىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، تەرجىمان ئۆزىنى ھەرگىز ئاپتور ئورنىدا كۆرمەستىن، ئەسلى ئەسەرنى ناھايىتى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىكى مەنە ۋە ھېسسىياتنى ئۆز ۋۇجۇدىغا كۆچۈرۈۋېلىشى، ئەسلى ئەسەردىكى پىكىر ۋە ھېسسىياتلارغا نىسبەتەن ئۆزىدە بىر خىل سەممىي ئىنكاس ۋە ھېسداشلىق تۇيغۇسىنى ئويغىتىشى لازىم.

ئاپتور ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان ئادەم ۋە ۋەقەلەرگە ھەر خىل مۇئامىلىدە بولىدۇ، بەزىلىرىنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن، بەزىلىرىنى چوڭقۇر نەپرەت بىلەن بايان قىلىدۇ. بەزىلىرىنى ئاچچىق ساتىرا بىلەن بايان قىلسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ساتىرا ئاستىغا ئاپتورنىڭ مۇھەببىتى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بەزىلىرىنى كۆرۈنۈشتە سۆيۈملۈك سۆزلەر بىلەن بايان قىلغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن مۇنداق تەسۋىرلەر ئىچىگە ئاپتورنىڭ غەزىپى، نەپرىتى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بولۇپمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەردە مۇنداق ئەدەبىي ۋاسىتىلەر دائىم ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر تەرجىمان ئاپتورنىڭ چوڭقۇر مۇھەببەت ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسخىرىلىرىنى يامان غەرەزلىك مەسخىرىگە، غەزەپ ۋە نەپرەت تۇيغۇلىرى

ئاساسىدىكى سۆيۈملۈك تەسۋىرلەرنى مۇھەببەت ئاساسىدىكى سۆيۈملۈك تەسۋىرلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويسا، ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى قوپال بۇرمىلىغانلىق بولىدۇ.

لېكسىكىدىن تاشقىرى جۈملە تۈزۈلۈشى، سۆز تەرتىپى، تۇراق ـ قاپىيە ۋە ئۇرغۇ ـ ئىنتوناتسىيىلەرمۇ بىر قىسىم مەنە يۈكىنى ئۈز ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. شۇڭا تەرجىمە قىلىدىغان ئەسەرلەرنىڭ تۈرىگە قاراپ، بۇ نۇقتىلارغىمۇ ھەر خىل دەرىجىدە ئېتىبار بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

نەزەرىيە جەھەتتىن ئالغاندا، تەڭ قىممەتلىك تەرجىمىدە مۇنۇ ئۈچ خىل ئۇسۇل بىرقەدەر سىنالغان ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ:

1. توغرىدىن توغرا تەرجىمە قىلىش — توغرىدىن توغرا تەرجىمە قىلغاندا، ئەگەر ئەسلى تېكىستتىكى ئۇقۇم توغرا ئىپادە قىلىنىدىغان بولسا، مۇنداق تەرجىمە ئەڭ ئوبدان تەرجىمە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى مۇنداق تەرجىمە ئەسلى تېكىستقا سىنتاكسىسلىق تۈزۈلۈش ۋە لېكسىكىلىق تەركىب جەھەتتىن ئەڭ يېقىن بولىدۇ.

ئەگەر تەرجىمە قىلىنىدىغان جۈملىنىڭ سىنتاكسىسلىق تۈزۈلۈشىنى تەرجىمىدىمۇ خۇددى شۇنداق ۋاسىتىلەر بىلەن ئىپادىلىگىلى بولسا، مۇنداق تەرجىمە مەزكۇر تېكىستنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەرجىمە شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ئەكسىچە، توغرىدىن توغرا تەرجىمە قىلغاندا، مەنە ئەسلىدىكىدەك ئوبدان ئۇقۇلمىسا ياكى ئۇنىڭدا تەرجىمە قىلىنىدىغان تىلغا يات جۈملە تۈزۈلۈشى،

ئىپادە فورمىلىرى بولۇپ، مۇنداق ئامىللار مەنىسىنى چۈشەندۈ-رۈشكە قۇسۇر يەتكۈزسە، ئۇ چاغدا مەنە تەرجىمىسى ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. يەنى جۈملىنى ئۆز تىلىنىڭ نورمىلىرىغا ئۇيغۇن قىلىپ قايتىدىن ئىشلەپ چىقىش كېرەك. بۇنىڭدا لېكسىكىلىق ئامىللار مۇنداق يوللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ:

a. سۆز، سۆز بىرىكمىسى ۋە ئىبارىلەرنىڭ ئۆز تىلىدىكى خۇددى شۇ مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان تەڭدىشى تاللىۋېلىنىدۇ، مۇنداق تەڭداش سۆزلەر ياكى ئىبارىلەر شەكىل جەھەتتىن ئەسلى تېكىستتىكىگە ئوخشىماسلىقى مۇمكىن؛

b. ئوخشىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىدۇ. يەنى ئۆز تىلىدىن شەكىل جەھەتتىن ئوخشىمىسىمۇ، مەزمۇن جەھەتتىن خۇددى شۇنداق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئوخشىتىشلار تاللىۋېلىنىپ تەرجىمە قىلىنىدۇ؛

c. تەسۋىرىي تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى ئىشلىتىلىدۇ، يەنى مەزكۇر ئۇقۇم تەسۋىرىي ئۇسۇلدا ئىپادىلەپ بېرىلىدۇ.

2. تەڭ قىممەتلىك سۆز تاللىغاندا، مەزكۇر سۆزنى ئەسلى تىلغا قايتۇرۇپ تەرجىمە قىلسا، يەنە بىر خىل مۇھىم تەڭداش مەنىسى بولۇپ قالماسلىقى لازىم.

3. تەرجىمىدە ئەسلى تىلنىڭ پۇتلىكاشاڭ بولۇشىدىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك. ئەسلى ئەسەر تىلىدىكى ئۆزىگە خاس جۈملە تۈزۈلۈشى، ئۆزىگە خاس سۆز بىرىكمىلىرى، ئۆزىگە خاس سۆز تەرتىپى ۋە ئۆزىگە خاس تىنىش ئالامەتلىرى تەرجىمە

تىلىغا ئەينەن كۆچۈرۈلسە، بەزى ئوشۇق سۆزلەر زورلاپ كىرگۈزۈلۈپ، كۆپىنچە تەرجىمە تىلىنىڭ راۋانلىقىنى بۇزىدۇ، چۈشىنىشنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ، بۇ تەرجىمە ئۈچۈن چوڭ پۈتلىكا-شاڭلىق. 19 - ئەسىردە ئۆتكەن ئىنگلىز شائىرى ۋە تەنقىدچىسى ماتتىۋئارنولدنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: "تەرجىمان ئۆز تەرجىمىسىنى شۇنداق تەرجىمە قىلىش كېرەككى، كىتابخان ئۇ ئەسەرنى ئوقۇغاندا ئۆز تىلىدا يېزىلغان بىر ئەسەرنى ئوقۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلسۇن". لېكىن تەرجىمىنى بۇ دەرىجىگە يەتكۈزۈش ئاسان ئەمەس، شۇڭا بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ئوخشىتىش بار: "تەرجىمە خۇددى بىر نازىنىنغا ئوخشايدۇ، مۇنداق نازىنىنلارنىڭ چىرايلىقى سادىق بولمايدۇ، سادىقى چىرايلىق بولمايدۇ." لېكىن شۇنىڭغا قارىماي تەرجىماننىڭ ۋەزىپىسى ئۆز تەرجىمىسىنى ھەم سادىق، ھەم چىرايلىق قىلىش ئۈچۈن، ئىمكانىقەدەر تىرىشىشتىن ئىبارەت. جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق تەرجىمانى يەن فۇ بۇ تەلەپنى دۇرۇس بولۇش، راۋان بولۇش، گۈزەل بولۇش دەپ يىغىنچاقلىغان.

## 4. تەرجىمىنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە تەرجىمە سەنئىتى

بىر ئەسەرنىڭ تىلىدىكى سۆزلەر نورمال سۆزلەر ۋە نورماللاشمىغان سۆزلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

نورمال سۆزلەر دەپ، يىل - ئاي ئىسىملىرى، ئۆلچەم

بىرلىكلىرىنىڭ ناملىرى، كونكرېت نەرسىلەرنىڭ ئىسمىلىرى، مەخسۇس كەسىپ ئاتالغۇلىرى، دۆلەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاتالغۇلىرى، ماقال ـ تەمسىللەر، قائىدە ـ يوسۇن سۆزلىرى، خىتاب سۆزلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەمىشە بىر خىل قېلىپتا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرگە ئېيتىلىدۇ. مۇنداق سۆزلەرنى تەرجىمە قىلىشنىڭ بىر خىللا مۇقىملاشقان تەكىدىشى بولىدۇ. شۇڭا مۇنداق سۆزلەرنى تەرجىمە قىلىشتا تەرجىمانىنىڭ سۆز تاللاپ ئولتۇرۇشىغا ھاجەت يوق. تەرجىمانىنىڭ ۋەزىپىسى مۇنداق سۆزلەرنىڭ نەق ئۆزىنى تېپىپ ئىشلىتىشتىن ئىبارەت. بۈگۈنكى كۈندە ناھايىتى زور سالماقنى تەشكىل قىلىدىغان پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرىمۇ مۇشۇ تۈركۈمدىكى سۆزلەردىن ھېسابلىنىدۇ. مۇنداق پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرى دۇنيانىڭ نۇرغۇن تىللىرىدا كۆپىنچە ئورتاق بولىدۇ. مەسىلەن، مېتىر، لىتىر، ئېلېكتىر، ئامپېر، ۋولت، پروفېسسور، ئىنژېنېر، تېخنىك دېگەنلەرگە ئوخشاش. مۇنداق سۆزلەرنىڭ دەل تەكىدىشىنى تېپىپ تەرجىمە قىلىش تەرجىماندىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئىلمىي پوزىتسىيە بولىدۇ، مۇنداق سۆزلەرنىڭ توغرا تەرجىمە قىلىنىشى، تەرجىمىنىڭ ئىلمىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر تىلىدا بەزى ئىلمىي ئاتالغۇلار تېخى تولۇق قېلىپلىشىپ بولمىغان، مۇنداق ئەھۋالدا بىر ئاتالغۇنىڭ ئىككى ۋارىيانتى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما تەرجىمىدە مۇنداق ئىككى خىللىقتىن ئىمكانقەدەر ساقلىنىش كېرەك. بەزى ئىلمىي



www.uyghurkitap.com

ئاتالغۇلارنىڭ ئىككى خىل مەنىدە ئىشلىتىلىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ، مۇنداق چاغلاردا تەرجىمان مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ مۇشۇ ئورۇندىكى مەنىسىنى ئېنىقلاپ توغرا تەرجىمە قىلىشى لازىم.

بىر قېلىپتا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەردىن باشقا سۆزلەر نورماللاشمىغان سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. مۇنداق سۆزلەرنىڭ بىرلا خىل تەڭ قىممەتلىك تەڭدىشى ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ، ئۇلارنى تەرجىمە قىلىشنىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرى بولىدۇ. تەرجىماننىڭ ۋەزىپىسى ئەنە شۇ ۋارىيانتلار ئىچىدىن مۇشۇ ئورۇندىكى مەنىنى ئىپادىلەشكە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان شەكىلنى تاللاپ تەرجىمە قىلىش لازىم، مانا بۇ تەرجىمە سەنئىتى. تەرجىماننىڭ سەنئەتكارلىقى مانا مۇشۇ نۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن تەرجىمان ئەسلى نۇسخا تىلىدىن ۋە مەزمۇنىدىن پۇختا خەۋەردار بولۇشى، ئەسلى ئەسەرنىڭ سۈپىتىگە باھا بېرەلىشى ۋە ئۆزى تەرجىمە قىلىدىغان تىلدا خېلى يۇقىرى يېزىقچىلىق ماھارىتىگە ئىگە بولۇشى لازىم. ئەسلى تېكىست ناھايىتى ياخشى يېزىلغان بولسا، تەرجىمان ئەسلى نۇسخىدىكى گراماتىكىلىق، ئىستىلىستىكىلىق ۋە سىمانتىكىلىق ماھارەتنىڭ نىمىلەردە ئىپادىلەنگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۆز تىلىدىن ئاشۇنداق ماھارەتنى ئىپادىلەيدىغان ۋاستىلەرنى تېپىپ، توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بولۇشى لازىم. ئەگەر ئەسلى تېكىست ئۇنداق ياخشى يېزىلمىغان بولسا، تەرجىمان بۇنىڭدىكى كەمچىلىكلەرنى پەرق ئېتىپ، ئۇنى يېزىقتا ياكى تەپەككۇردا

توغرىلىقۇپلىشى، ئاندىن نورمال، ساغلام ئەدەبىي تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشى لازىم.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە پېرسوناژ ياكى ۋەقەنى تەسۋىرلەشنىڭ ئۆزىگە خاس جەريانى بولىدۇ. تەرجىمان ئاپتورنىڭ ئۇسلۇبىغا ۋە يېزىۋاتقان مەزمۇنغا تۇتقان پوزىتسىيىسىگە دىققەت قىلىشى كېرەك. بۇ خىل ئامىللار ئادەتتە ئىشلەتكەن تىل شەكىللىرىدە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇنداق مەسىلىلەرنى ئۇستىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ماھارىتى تەرجىمە سەنئىتى دېيىلىدۇ.

## 5. تەرجىمە خىزمىتىنىڭ تەرتىپى

تەرجىمە خىزمىتى ئادەتتە مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ:

1. ئەسلى تېكىستنى تەھلىل قىلىش.

ئەسلى تېكىست ئېغىزچە سۆزلەنسە، ناتىقنىڭ بارلىق تىل ئامىللىرى تەرجىماننىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالماسلىقى لازىم. چۈنكى، مۇنداق ئامىللارمۇ بىر قىسىم مەنىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. ئەگەر ئەسلى تېكىست يازما ئەسەر بولسا، تەرجىمان ئالدى بىلەن ئۇنى تولۇق تەكشۈرۈپ چىقىشى، ئەگەر ئۇ نەشر قىلىنغان ئەسەر بولسا، ئۇنىڭ ئەڭ يېڭى نەشرىنى تاللىشى كېرەك. مانا شۇندىن كېيىن تەھلىل ھالقىسى باشلىنىدۇ:

a. لېكسىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق ئامىللارنى تەھلىل قىلىش.

جۇملە ۋە ئابزاسلارنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇنىڭ ھەممە مەنە تەركىبلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىش كېرەك. مەنە تەركىبلىرىگە: سىنتاكسىسلىق مەنىسى، دېمەكچى بولغان مەنە، ھېسسىيات چەھەتتىكى مەنىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار كىرىدۇ.

لېكسىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا، شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ بىرلىكىگىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. چۈنكى، بەزى ئەدەبىي ژانىرلاردا شەكىل بىلەن مەزمۇن بىرلىكى بەك مۇھىم رول ئوينايدۇ.

b. پۈتۈن ماقالە، پۈتۈن ئەسەر نۇقتىسىدىن تەھلىل يۈرگۈزۈش. ئايرىم ئۇزۇن جۇملە ۋە ئابزاسلارنى لېكسىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق نۇقتىدىن تەھلىل قىلغاندا، ئۇلارنى يەنىمۇ كەڭ دائىرە ئىچىگە قويۇپ دەڭسەپ كۆرۈش كېرەك. چۈنكى، ھەربىر ئۇزۇن جۇملە ۋە ئابزاس ئۆز ئالدىغا يەككە-يېگانە تۇرمايدۇ، بەلكى پۈتۈن كونتېكىست، پۈتۈن ماقالە، ھەتتا پۈتۈن ئەسەر بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. ھەربىر جۇملە ۋە ئابزاسنى پۈتۈن ئەسەر بىلەن باغلاپ قارىغاندىلا ئۇنى توغرا چۈشەنگىلى ۋە بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ.

c. ئەسلى ئەسەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەھلىل قىلىش. ئەسلى ئەسەردىن باشقا يەنە ئەسەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى: ① ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئىدىيە ئەھۋالىنى، ئىجتىمائىي ئورنىنى، ② ئەسەر يېزىلغان تارىخىي ئارقا كۆرۈ-نۈشنى، ③ ئەسەر ئاپتورىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

تەسۋىرىمۇ ياكى ئاپتورنىڭ ئىجادىيىتىمۇ؟ مانا مۇشۇنداق مەسىلىلەر ھەققىدە تەرجىمان ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى لازىم.

d. ئەسلى ئەسەرنىڭ مەدەنىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەھلىل قىلىش. ھەرقانداق بىر ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن، شۇ ئەسەر ۋەكىللىك قىلغان مەدەنىي ئارقا كۆرۈنۈش-تىن خەۋەردار بولۇش كېرەك. چۈنكى، سۆزلەر مەلۇم ئارقا كۆرۈنۈشتە ئۆزىگە خاس مەنىگە ئىگە بولىدۇ. بىز نۇتۇق ياكى ماقالىنىڭ مەزمۇنى مەزكۇر جەمئىيەتتىكى ئادەملەرنىڭ قىلىقلىرى ۋە تەپەككۇرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئاشۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولغاندىلا ئۇ ئەسەرنى توغرا چۈشەنگىلى ۋە تەرجىمىدە توغرا چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە كونكرېت تەرجىمە خىزمىتىدە مەزكۇر تەرجىمىنى قوبۇل قىلىدىغان كىشىلەرنىمۇ نەزەردە تۇتماي بولمايدۇ. قوبۇل قىلغۇچىلار قانداق سەۋىيىدىكى ئادەملەر، ئۇلارنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ۋە تۇرمۇش تەجرىبىسى، ئىجتىمائىي ئورنى قانداق؟ مانا بۇلارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك. مۇنداق ئەھۋاللاردا بىر ئەسەرنىڭ ھەر خىل سەۋىيىدىكى ئادەملەرگە قارىتىلغان بىرقانچە خىل تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن.

## 6. تەرجىمە ماھارىتى مەسىلىسى

تەرجىمە ماھارىتى دېگەندە، مۇنۇ نۇقتىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ:

1. سۆز قوشۇش ماھارىتى. بۇ مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: a. ئەسلى تېكىستتە قىسقارتىلغان سۆزلەرنى تولۇقلاش؛ b. تەرجىمە تىلىدا زۆرۈر بولغان گىراماتىك ئامىللارنى قوشۇش. بۇ ئىككى تەرەپنى تازا جايىدا بىر تەرەپ قىلىش خېلى زور ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ.

2. سۆز قىسقارتىش ماھارىتى. ئەسلى ئەسەر تىلىدا شۇ تىلنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن كېلىپ چىققان بىر مۇنچە ئارتۇق سۆزلەر (ئەسلى تىل ئۈچۈن ئارتۇق بولمىسىمۇ، تەرجىمە قىلىدىغان تىل ئۈچۈن ئارتۇق سۆزلەر) بولىدۇ. بۇندىن تاشقىرى ئەسلىدىكى تىلدا تەرجىمە قىلىنىدىغان تىلدا بولمىسىمۇ بولىدىغان بىر مۇنچە باغلىغۇچى سۆزلەر بولىدۇ. تەرجىمان ئەنە شۇنداق سۆزلەرنى قىسقارتىش ماھارىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

3. ئالماشتۇرۇش ماھارىتى. تەرجىمىدە بۇ ئۇسۇل ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ، سۆز تۈرلىرىنى ئالماشتۇرۇش، سۆز تەرتىپىنى ئالماشتۇرۇش، ياردەمچى جۈملىلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇش، كاتېگورىيىلەرنى ئالماشتۇرۇش دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇمۇ تەرجىمان پۇختا ئىگەللەيدىغان ئاساسىي ماھارەتلەردىن بىرى.

4. توغرا ئىزاھلاش ماھارىتى. تەرجىمىدە ئىزاھلاش مۇنداق ئىككى ۋەزىپىنى ئۆتەيدۇ: a. تىلدا ۋە مەدەنىيەتتە يات تۇيۇلغان نەرسە ۋە ئۇقۇملارنى چۈشەندۈرۈش؛ b. تارىخىي، مەدەنىي ماتېرىياللار بىلەن قوشۇمچە تەمىنلەش. مۇنداق ئىزاھاتلار كىتابخانلارنىڭ تېكىستنى توغرا چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ. زۆرۈر بولغان جايلاردا مۇشۇنداق ئىزاھاتلارنى پۇختا، ئىلمىي ئاساستا بېرىشمۇ تەرجىماندىن تەلەپ قىلىنىدىغان ماھارەت ھېسابلىنىدۇ. مۇنداق ئىزاھاتلار ئادەتتە ھاشىيىدە بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەرجىمان مەسئۇل بولۇپ قول قويىدۇ.

## 7. كونتېكستتىكى مەنە مەسىلىسى

تەرجىمىدە قىلىنىدىغان تەھلىلنىڭ يەنە بىرى كونتېكستتىكى مەنىنى تەھلىل قىلىش.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تەرجىمە ئىلمىي تىلشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولغان سىمانتىكا (ياكى سىماسئولوگىيە) بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا تەرجىمان ئومۇمىي سىمانتىكا ئىلمىدىن خەۋەردار بولۇشى لازىم.

سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك مەنىسى، لۇغەت مەنىسى، ئىستېمال مەنىسى، كۆچمە مەنىسى دېگەنگە ئوخشاش ھەر خىل مەنىلىرى بولىدۇ.

تىلشۇناس سۆزنىڭ ئاشۇ مەنىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەھلىل

قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە قىزىقىدۇ، ئەمما تەرجىمان ئۈچۈن سۆزنىڭ كونتېكىستتىكى مەنىسى ھەممىدىن مۇھىم بولىدۇ. شۇڭا ھازىر تەرجىمە نەزەرىيىسىدە سۆزنىڭ كونتېكىستتىكى مەنىسىنى تەكشۈرۈشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلمەكتە. "كونتېكىستتىكى مەنە ئىلمى" ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر ئىلىم بولۇپ ئايرىلىپ چىقماقتا.

سۆزنىڭ مەنىسىنى تەھلىل قىلىشتا مۇنداق ئۈچ خىل تەھلىل ئۇسۇلى بار:

1. مەركەزگە قارىتىلغان تەھلىل، يەنى سۆزنىڭ ھەممە مەنىلىرىگە ئاساس بولغان، ھەممە مەنىلىرىنى بىر-بىرىگە باغلايدىغان مەركىزىي مەنىسىنى ئېنىقلاش.

2. مەركەزدىن قاچىدىغان تەھلىل، يەنى سۆزنىڭ مەركىزىي مەنىسىدىن شاخ ئايرىپ چىققان مەنىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىدىغان تەھلىل.

3. لىنىيىلىك تەھلىل، يەنى بىر سۆزنىڭ ھەر خىل تارىخىي دەۋرلەردە كونكرېت تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئالاھىدە مەنىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىدىغان تەھلىل.

مەسىلەن: ئۇيغۇرچە "كۆز" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئالساق، بۇ سۆزنىڭ مەركىزىي مەنىسى "كۆرۈش ئەزاسى" دېگەندىن ئىبارەت. ئەمدى بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى (نېمىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى) تەھلىل قىلساق، ئاتا-بوۋى-

لىرىمىز "كۆز" دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى "ز" تاۋۇشىنى "ز"غا ئۆزگەرتىش بىلەن "كۆرىدىغان ئەزا"نى بىلدۈرىدىغان ئىسىمنى ياساپ چىققان. ئىشنىڭ كۆزى، يىڭنىنىڭ كۆزى، بۇلاقنىڭ كۆزى، يىگىتلەرنىڭ كۆزى، كۆز - قۇلاق بول، دېگەنگە ئوخشاش ئىبارىلەردىكى "كۆز"لەرنىڭ مەنىسى ئەنە شۇ مەركەزىي مەنىدىن شاخ ئايرىپ چىققان مەنىلەردۇر. "يىڭنىنىڭ كۆزى" دېگەنلىك، كۆزنى ئەمەس تۆشۈكنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدا "كۆز" دېگەن ئەزانىڭ تۆشۈكلۈك خاراكتېرى ئاساس قىلىنغان. "ئىشنىڭ كۆزىنى بىلىدىغان ئادەم" دېسەك، ماھارەتنى، ئۇستىلىقنى بىلدۈرىدۇ. "بۇ يىگىت مەھەللىمىزدىكى يىگىتلەرنىڭ كۆزى" دېسەك، يىگىتلەرنىڭ ئەڭ چېۋىرى، ياخشىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. "كۆز - قۇلاق بولۇش" بولسا، دىققەت قىلىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تەرجىمان ئۈچۈن بۇ مەنىلەردىن كونتېكستتىكى (كونكرېت جۈملىدىكى) مەنە مۇھىم. "ئىشنىڭ كۆزىنى بىلىدىغان ئادەم" دېگەن كونتېكستتىكى مەنە ھەرگىز كۆرۈش ئەزاسىغا قارىتىلمىغان، بەلكى ماھارەتكە قارىتىلغان. تەرجىمان ئەنە شۇ "ماھارەت" دېگەن مەنىنى تېپىپ تەرجىمە قىلىش لازىم.

بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى مۇنداق تەھلىل بىلەنمۇ تېپىپ چىققىلى بولمىغاندا "لىنىيىلىك تەھلىل" ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مەزكۇر سۆزنىڭ كونكرېت تارىخىي ۋەقە بىلەن باغلانغان مەنىسىنى تېپىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مەسىلەن: «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك»تە "قىز بىلەن ۋورەشمە، قىسراق بىلەن يارىشما" (قىز بىلەن چېلىشما، قىسراق بايتال بىلەن بەيگىگە چۈشمە) دېگەن بىر تەمسىل سۆز كەلتۈرۈلۈپ، بۇ سۆز خاقانىيە قىزلىرىدىن بىرى نىكاھ كېچىسى سۇلتان مەسئۇدنى تېپىپ يىقىتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن خاقانىيىلىكلەر ئارىسىدا سۇلتان مەسئۇد توغرۇلۇق چىقىرىلغان، دەپ ئىزاھلانغان. مۇشۇ كونكرېت ۋەقەدىن خەۋەردار بولغاندا بۇ ماقالىنىڭ مەنىسى تېخىمۇ ئوچۇق بولىدۇ.

مۇنداق سۆزلەر خەنزۇ تىلىدا "典故" (ديەنگۇ) دېيىلىدۇ ۋە بەك كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. مۇنداق سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى پەقەت ئاشۇ سۆزلەر مەيدانغا كەلگەن تارىخىي ۋەقەلەردىن خەۋەردار بولغاندىلا توغرا چۈشەنگىلى ۋە تەرجىمە قىلغىلى بولىدۇ.

كونتېكستتىكى مەنە — تەرجىمان دائىم دىققەت قىلىشى لازىم بولغان مۇھىم مەنە. بىز پايدىلىنىدىغان ئادەتتىكى لۇغەتلەر سۆزنىڭ پەقەت ئاساسىي مەنىلىرىنىلا بېرىدۇ. كۆپ چاغلاردا ئۇ سۆزنىڭ بىز ئىستىگەن مەنىسى لۇغەتلەردىن تېپىلماي قالىدۇ. مۇنداق چاغلاردا تەرجىمان مەزكۇر سۆز ھەققىدە ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈشى لازىم. مۇنداق چاغلاردا سۆز تۈرلىرىنى ئۆزگەرتىپ كۆرۈش تەرجىمىدە كۆپ قوللىنىدىغان ئۇسۇللارنىڭ بىرى، مۇنداق قىلغاندا ئەسلى تىلدىكى ئىسىم تەرجىمە قىلغاندا پېئىلغا، سۈپەتكە ياكى ئالماشقا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئامېرىكا تىلشۇناسى نىدا ئەنئەنىلىك گراماتىد-

كىلاردىكى سۆز تۈرلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، سۆزلەرنى مۇنداق تۆت تۈرگە ئايرىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

1. ئوبيېكت سۆزلەر (بۇ خىل سۆزلەر ئادەتتىكى ئىسىملارغا توغرا كېلىدۇ)؛

2. ئىشنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر (مۇنداق سۆزلەر ئادەتتە پېئىللارغا توغرا كېلىدۇ)؛

3. ئابستراكت سۆزلەر (ئوبيېكتنىڭ ۋە ئىشلارنى ئېنىقلاپ كېلىدىغان سۆزلەر)؛

4. باغلىغۇچىلار (بۇ خىل سۆزلەر ئادەتتە قوشۇمچىلار ۋە باغلىغۇچىلارغا توغرا كېلىدۇ).

ئىككى تىلنى بىر-بىرىگە تەرجىمە قىلغاندا، باغلىغۇچى سۆزلەرگە باغلىغۇچى سۆزلەرنى توغرا كەلتۈرۈش ياكى باغلىغۇچنى تاشلىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىشنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى تەرجىمە قىلغاندا يەنە بىر تىلدىكى ئىشنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن تەرجىمە قىلىپ، ئاندىن شۇ تىلدا تەلەپ قىلىنغان گراماتىك شەكىلنى بېرىش كېرەك.

مۇندىن باشقا، سۆزنىڭ مەنىسىنى تەھلىل قىلغاندا، سۆز مەنىلىرى "كۆرسىتىدىغان مەنە ۋە ھېسسىيات مەنىسى" دېگەن ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. كۆرسىتىدىغان مەنە دەپ تىلنىڭ سىرتىدىكى، بەدەننىڭ سىرتىدىكى ئوبيېكتىپ ئەھۋالنى بىلدۈرىدىغان مەنىگە ئېيتىلىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسەن تىلدا بايان قىلىنىدىغان ۋاتقان مەدەنىي مۇھىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھېسسىيات مەنىسى

دەپ، سۆزنىڭ سىرتىدىكى، لېكىن سۆزلىگۈچىنىڭ بەدىنى ياكى قىلىقىدا پەيدا بولىدىغان مەنە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مۇنداق مەنە ئاساسەن مەزكۇر ئادەمنىڭ يۈز بىرىۋاتقان ئىشقا بولغان ئىنكاسىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

بۇنىڭدا سۆزنىڭ مەنىسىنى تىل مۇھىتىدىن تەھلىل قىلىشقا ئېتىبار بېرىلىدۇ، كېڭەيتىپ ئېيتقاندا، بۇ يەردە ئېيتىلغان مۇھىت پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تىل مۇھىتى ئىككى مۇھىم ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1. جۈملە تۈزۈلۈشى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك. بىر سۆزنىڭ جۈملىدە تۇتقان ئورنى (ئىگىمۇ، خەۋەرمۇ، ئېنىقلىغۇچىمۇ، تولدۇرغۇچىمۇ) شۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ئېنىقلاشقا ياردەم بېرىدۇ؛

2. مەنە تۈزۈلۈشى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك. بىر سۆزنىڭ قانداق مەنىدىكى سۆزگە باغلىنىپ كېلىشىگە قاراپمۇ ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە بىر چۈشەنچىگە كەلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى "توي - تۆكۈن" سۆزىدىكى "تۆكۈن" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلمەكچى بولساق، ئۇيغۇر تىلىدا كۆپچىلىك قوش سۆزلەرنىڭ مەنىداش بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، "تۆكۈن"نىڭمۇ "توي"، "مەرىكە" دېگەن مەنىدىكى بىر سۆز ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققىلى بولىدۇ ۋە بۇ قوش سۆزنىڭ "توي"غا قارىغاندا بىرئاز كەڭرەك مەنىدىكى سۆز ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ.

سۆزلەرنىڭ بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كېلىشى خېلى مۇرەككەپ

www.uyghurkitap.com

مەسىلە. بىر تىلدا بىر سۆز باشقا بىر خىل سۆز بىلەن قوشۇلۇپ كېلەلىسە، يەنە بىر تىلدا ئۇ سۆز بىلەن قوشۇلۇپ كېلەلمەيدۇ. مەسىلەن، ”قىلماق“ سۆزى ئۇيغۇرچىدا ”ئىش قىلماق“، ”توۋا قىلماق“، ”توي قىلماق“، ”زىدە قىلماق“ دېگەن شەكىللەردە كېلىشى مۇمكىن. بۇ بىرىكمىلەردىكى ”قىلماق“ پېئىلىنى خەنزۇچە تەرجىمىدە ھەممىلا يەردە ”做“ سۆزى بىلەن تەرجىمە قىلساق توغرا بولماي قالىدۇ. مۇنداق ئەھۋاللار خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندىمۇ قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ.

قىسقىسى، سۆزنىڭ كونتېكستتىكى مەنىسى مەسىلىسى تەرجىمىدە ھەل قىلىدىغان مۇھىم بىر سىمانتىكىلىق مەسىلە. ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە تەتقىقاتىدا بۇ مەسىلىنى نەزەرىيە جەھەتتىن پۇختا تەتقىق قىلىپ چىقىش تەرجىمە نەزەرىيىسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلار ئالدىدىكى ئاكتۇئال مەسىلىلەردىن بىرى.

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەققىدە①

يولداشلار ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە ناھايىتى ئوبدان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. مەن بۇ ھەقتە مەخسۇس ئىلمىي ماقالە ئېلىپ كېلىشكە ئۈلگۈرەلمىدىم. شۇڭا ئۆزەمنىڭ بەزى پىكىرلىرىمنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

شائىر ئابدۇخالىقنىڭ "ئۇيغۇر" دېگەن تەخەللۇسى ھەققىدە:

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياشىغان دەۋرلەردە خەلقىمىز ئومۇمىي بىر ئېتنىك نام بىلەن ئاتالماي، تۇرپانلىق، ئىلىلىق، قەشقەرلىق، ياكى ئالتىشەلىك، دولان، تارانچى، دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىپ يۈرەتتى. خەنزۇلار ۋە ئۇلار بىلەن ئارىلاشقان بىر قىسىم كىشىلەر خەلقىمىزنى "چەنتۇ"، "چەنتۇخۇي" دېگەن كەمسىتىش خاراكتېرىدىكىناملار بىلەن ئاتاپ كەلگەندى. "ئۇيغۇر" دېگەن ئېتنىك نام 15 ـــ 16 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن ئاساسەن گەنسۇدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلاردىلا قېلىپ، ئىسلام

① ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىگە بېغىشلانغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا قىلىنغان سۆز.

دىنىگە كىرگەن ئۇيغۇرلار ئىچىدە بارا ـ بارا ئۇنتۇلۇشقا باشلىغاندى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىغا كەلگەندە خەلقىمىز ئىچىدىن چىققان بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلار ”ئۇيغۇر“ دېگەن ئېتىنىڭ نامىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، خەلقىمىزنى بىر ئورتاق مىللىي نام ئاستىدا ئىتتىپاقلاشتۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يېتىپ، ھەر خىل سورۇنلاردا ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن بۇ نامنى تەشۋىق قىلىشقا كىرىشتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەنە شۇلارنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى ئىدى.

”ئۇيغۇر“ دېگەن سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ۋە مەنىسىگە كەلسەك، بۇ چاغقىچە بۇ ئاتالغۇ ھەر خىل ئالىملار تەرىپىدىن ھەر خىل چۈشەندۈرۈلۈپ كەلدى. رادلوۋ بۇ سۆزنى ”ئۇيماق، تېۋىنماق — ئەگەشمەك دېگەن مەنىدىكى ”ئۇي“ (تېۋىن) دېگەن تومۇرغا ”ئىشلىگۈچى“ دېگەن مەنىدىكى ”غۇر“ قوشۇمچە قوشۇلۇپ ياسالغان، مەنىسى ئەگەشكۈچى دېگەن بولىدۇ، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان (رادلوۋ. تۈرك شېۋىلىرىنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى، 1. توم، 1598 ـ بەت). ج. كلاۋسون بۇ سۆز ”ئۇيۇماق، قوشۇلماق“ (مەسىلەن: قېتىق ئۇيىدى دېگەندەك) دېگەن مەنىدىكى ”ئۇي“ ـ دېگەن تومۇرغا ئىسىم قىلغۇچى، دېگەن مەنىدىكى ”+غۇر، قوشۇمچىسى قوشۇلۇش بىلەن ياسالغان بولۇپ، مەنىسى ئۇيۇشقۇچى، ئىتتىپاق تۈزگۈچى، دېگەن بولىدۇ، دەيدۇ (ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى 1. ئالماتا، 1965). يېقىنقى يىللاردا بۇ ھەقتىكى تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى يەنە



www.uyghurkitap.com

ئىلگىرىلەپ، "ئۇيغۇر" دېگەن سۆز "ئوغۇر، ئوغۇز، ئۇگۇر، ئۇگۇز" دېگەنگە ئوخشاش بىرقەدەر قەدىمكى ئېتنىك ناملاردىن كەلگەن. بۇ ناملار ئەسلىدە "كۈچلۈك"، "قۇدرەتلىك"، دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، "ر" دىئالېكتىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەردە "ئۇغۇر"، "ز" دىئالېكتىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەردە "ئۇغۇز" دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. بۇ سۆزنىڭ تومۇرى ئۇقماق، پەملىمەك مەنىسىدىكى "ئو" ياكى "ئۆ" بولۇپ (مەسىلەن، قەدىمكى تۈركىي تىلدا "ئۆگە" — ئەقىل ئىگىسى، دانىشمەن دېگەن سۆز ئەنە شۇ "ئۆ" دېگەن تومۇردىن كەلگەن) بۇ سۆز تومۇرى، قەدىمكى تۈركىي تىلدا، "ئود" شەكلىدە، ئالتايلىقلار تىلىدا "ئوي" شەكلىدە ساقلانغان. ئۇيغۇر تىلىدا "ئوي-پىكىر، خىيال مەنىسىدە ھازىرمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مانا مۇشۇ سۆز تومۇرىغا+ غۇر، گۇر، ياكى غۇز، گۇز قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر، ياكى ئوغۇر، ياكى ئوغۇز دېگەن ئېتنىك ناملار مەيدانغا كەلگەن. بۇنىڭ مەنىسى "ئەقىللىق، پەملىك، چېۋەر ياكى ئەقلىي ئۆتكۈر، كۈچلۈك، قۇدرەتلىك" دېگەن بولىدۇ.

تارىختىن بىزگە مەلۇم، مىلادى 789 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا "ئۇيغۇر" دېگەن نامنى خەنزۇ يېزىقىدا قايسى خەتلەر بىلەن يېزىش ھەققىدە بىر كېلىشىم تۈزۈلۈپ، "回纥" دېگەن خەتلەر "回鹘"غا ئۆزگەرتىلگەن، "شۇڭقار" دېگەن قۇشنى بىلدۈرىدىغان 鹘 دېگەن خەت "چەبدەس، ئالغۇر" دېگەن مەنىلەرگە ۋەكىللىك قىلىپ "ئۇيغۇر"

دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسگە يېقىن كېلىدۇ. بىزگە مەلۇم بولۇشىچە، شۇ دەۋردە بۇ كېلىشمنى تۇزۇش ئىشىنى باشقۇرغان كىشى قەدىمكى ئۇيغۇر خەنزۇ تىللىرىدىن يۇقىرى مەلۇمات ئىگىسى بولغان تونيۇقوق ئىدى. شۇڭا "ئۇيغۇر" دېگەن ئىسمنى خەنزۇچە يېزىشقا تاللانغان خەتنىڭ مەنىسى "ئۇيغۇر" دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسگە بەك يېقىن كەلگەن. مۇشۇ پاكىتمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ دانىشمەنلىرى "ئۇيغۇر" دېگەن سۆزنى "چېۋەر، ئۆتكۈر، ئالغۇر" دېگەن مەنىدە چۈشىنىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. قەدىمكى زامانلاردا تۈركىي قەبىلىلەر ئىچىدە ئەڭ مەدەنىيەتلىك ھېسابلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ نامى مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، مەدەنىيەتكە، ئىلىم ـ مەرىپەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ھازىرقى زامان تۈرك تىلىدا "مەدەنىيەت" ("سىۋىلىزاتسىيە" 文明) دېگەن ئاتالغۇنىڭ "ئۇيغارلىق" دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىشىمۇ تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس.

شۇڭا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ "ئۇيغۇر" سۆزىنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلىپ ئېلىشى خەلقىمىزنىڭ ئۇنتۇلغان نامىنى تىكلەشتىن باشقا يەنە ئۇنىڭ خەلقىمىزنى يېڭى مەدەنىيەتكە باشلاش، ئىرادىسىنىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

2. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەملىكىتىمىزدە مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا داغدۇغۇلۇق قانات يايغان 4 ـ ماي مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ روھىنى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە مىللىي شەكىلدە ئىزچىللاشتۇرغان ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئىدى. خۇددى لۇشۇن

ۋەكىللىك قىلغان ئىلغار خەنزۇ يازغۇچىلىرى خەنزۇ ئەدەبىيا-
تىدا، قەدىمكى خەنزۇ ئەدەبىي تىلى (ۋېنيەن) ئەنئەنىلىرىنى
ئىسلاھ قىلىپ، ئاممىباب يېڭى ئەدەبىي تىلنى تەشەببۇس
قىلغاندەك، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كونا
چاغاتاي ئەدەبىي تىلى ئەنئەنىلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئاممىباب
هازىرقى زامان ئەدەبىي تىلىنى تەشەببۇس قىلدى ۋە ئۆز
ئەسەرلىرىدە بۇ خىل تىلنىڭ پارلاق نەمۇنىسىنى ياراتتى.
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ياراتقان مۇنداق ئاممىباب تىل بىرمۇنچە
جەھەتلەردە ھەتتا ھازىرقى بەزى شائىرلىرىمىزنىڭ تىلىغا
قارىغاندىمۇ خەلققە يېقىنراق تۇرىدۇ. ئابدۇخالىق شېئىرلىرىنىڭ
ئۆز ۋاقتىدا مەتبۇئاتتا ئاشكارا ئېلان قىلىنماي تۇرۇپمۇ خەلق
ئىچىدە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا ئۇنتۇلماي تارقىلىپ يۈرۈشى ۋە
ئاۋام خەلق تەرىپىدىن سۆيۈپ ئوقۇلۇشىمۇ مۇشۇ نۇقتىنى
ئوچۇق كۆرستىپ تۇرۇپتۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرىي
تىلدىكى مۇنداق ئاممىبابلىق ۋە خەلققە يېقىنلىق ئېقىمى
ھازىرقى ئۇيغۇر شېئىر تىلى تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ ئاكتۇئال
ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سىياسىي جەھەتتىمۇ كونا دېموكراتىزم
دەۋرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يېڭى دېموكراتىزمغا قەدەم قويغان
ئىلغار مۇتەپەككۇر ئىدى، ئۇنىڭ كونا سەنئىنجۇيىنىڭ بازىرى
قالمىغانلىقى ھەققىدىكى شېئىرلىرى ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدە ئىدىيە
جەھەتتىن "4 ـ ماي ھەرىكىتى" تەرەپكە، يەنى يېڭى دېموكرا-

ئىزم تەرەپكە كۈچلۈك قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنىڭ قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىغانلىقى ۋە شۇ يولدا ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلغانلىقى ئۇنىڭ مانا شۇنداق ئىنقىلابىي يولغا قەدەم قويغانلىقىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەلىلى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي مەيدانىغا باھا بەرگەندە بۇ نۇقتا چوقۇم ئەستە تۇتۇلۇشى لازىم.

بىزگە مەلۇم، ئۆكتەبر ئىنقىلابىنىڭ توپ ئاۋازى جۇڭگوغا ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئېلىپ كەلدى، جۇڭگونىڭ ئىلغار زىيالىيلىرى پەقەت ماركسىزم-لېنىنىزم جۇڭگونى قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەنە شۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ پېشۋاسى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن سەبدىشى قادىر ئاشۇرۇپنى مۇشۇ مەقسەتتە ئالمۇتىغا ئەۋەتكەن. بىزگە مەلۇم قادىر ئاشۇرۇپ، ئۆكتەبر ئىنقىلابىنىڭ ھەقىقىتىنى ئىزدەپ ئالمۇتىغا چىققاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇپ، شۇ يەردە سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى قۇرۇلۇشىغا بىرمۇنچە تۆھپىلەرنى قوشتى. بۇ پاكىتمۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ سىياسىي جەھەتتە ماركسىزم-لېنىنىزم تەرەپكە يۈزلەنگەنلىكىنىڭ كۈچلۈك دەلىللىرىدىن بىرى بولالايدۇ.

3. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 20-يىللاردا شىنجاڭدا باش كۆتۈرگەن يېڭى مەرىپەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ ھەيدەر ئەپەندى، ئەلى ئىبراھىموۋغا ئوخشاش

ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى مائارىپىغا نۇرغۇن ھەسسە قوشقان ئاتاقلىق مۇئەللىملەرنى تۇرپانغا تەكلىپ قىلىپ تۇرپاندا يېڭى مەكتەپ ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ شۇ مۇئەللىملەر بىلەن بىللە ئۆز ئۆيىدە مەكتەپ ئېچىپ، تۇرپاندا زامانىۋى يېڭى مائارىپقا ئاساس سالغان، شۇ دەۋرلەردە شىنجاڭدا زور تەسىر قوزغىغان ۋە بىرمۇنچە زىيالىيلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولغان چۆچەكتىكى مىرىيۇسۇپ كۇتۇپخانىسى، ئىلىدىكى ھۈسەيىن تاراتوۋ كۇتۇپخانىسى ۋە تۇرپاندىكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۇتۇپخانىسى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىغا زامانىۋى ئىلىم-پەن ئۇرۇقىنى چاچقان مەدەنىيەت ئوچاقلىرى ئىدى، شۇ چاغدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئارىسىدىكى مۇتەئەسسىپلەر مۇنداق يېڭى مەدەنىيەتكە پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇۋاتقان قاراڭغۇ-زۇلمەتلىك كۈنلەردە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ پۈتۈنلەي ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلغانلىقى ۋە تۇرپاندا مەتبەئە قۇرۇپ، نەشرىيات ئىشلىرىنى يولغا قويماقچى بولغانلىقى (بۇ مەتبەئە جىڭشۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ توسالغۇسى بىلەن قۇرۇلالماي قالغان) ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ھەقىقەتەنمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە پائالىيەتلەردۇر، شۇڭا بىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى بىر ۋەتەنپەرۋەر شائىر سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىي مائارىپىنىڭ ئاساس سالغۇچىلىرى قاتارىدىمۇ ئەسلىمەي ۋە ھۆرمەتلىمەي ئۆتەلمەيمىز.

4. ئۆز خەلقى ئىچىدىكى ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى ئېچىپ تاشلاشتا، لۇشۇن خەنزۇ ئەدەبىياتىدا، ئابدۇللا توقاي تاتار ئەدەبىياتىدا ئۆزلىرىنىڭ ئاچچىق ساتىرىك ئەسەرلىرى بىلەن قانداق رول ئوينىغان بولسا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ خەلقىمىز ئىچىدىكى نادانلىق، جاھالەت، چۈشكۈنلۈك ۋە مۇتەئەسسىپلىك ئىللەتلىرىنى ۋە باشقا رەزىللىكلەرنى ئايىماي ئېچىپ تاشلاشتا شۇنداق رول ئوينىغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بۇ ساھەدىكى جەڭگىۋارلىق روھى ھەقىقەتەن قىممەتلىكتۇر، بولۇپمۇ خەلقىمىز ئىچىدىكى ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى ھېچ ئەيمەنمەي ئېچىپ تاشلاشتا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىزگە ئاجايىپ پارلاق نەمۇنە قالدۇرۇپ كەتتى.

5. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە نۇرغۇن يولداشلار بەك ئوبدان سۆزلىدى، نۇرغۇن پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مەن ئۆزەم بىلگەن مۇنداق بىر پاكىتنى ئىلاۋە قىلىپ ئۆتەي: مېنىڭ ئاكام جامال مۇتىئۇللا (خەلق ئارىسىدىكى جامال سەيپۇڭ) شۇ دەۋرلەردە تۇرپاندا كۆزگە كۆرۈنگەن ئىلغار پىكىرلىك زاتلارنىڭ بىرى ئىدى، ھەج سەپىرىگە چىقىپ يول ئېتىلىپ قالغانلىقتىن، موسكۋادا تۇرۇپ قالغان چاغلىرىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن بىللە بولغان ۋە قايتقاندا ئۇ يەردىن ئائىلە كىنو ئاپپاراتى، ۋېلىسىپىت قاتارلىق بىر مۇنچە زامانىۋى بۇيۇملارنى ئالغاچ كەلگەن بولۇپ، ئۇرۇمچىدە بىرىنچى قېتىم

www.uyghurkitap.com

كىنو قويغان ۋە تۇرپانىدا بىرىنچى قېتىم ”شەيتان هارۋا“ — ۋېلسىپىت مىنىپ ”جامال شەيتان“ دېگەن لەقەم سىڭگەن.
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇرپاندىن ئۈرۈمچىگە چىققاندا، بىزنىڭ ئۆيدە دائىم بولاتتى. مەن گەرچە ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە قاتنىشالمىسامۇ، لېكىن چاي توشۇپ يۈرۈپ، نۇرغۇن قېتىم ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى كۆرگەن، شۇنداق ئولتۇرۇشلارنىڭ بىرىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خوجىنىياز هاجىغا غەنىيمەت ئالغان زامانىۋى قوراللارنى ئىشلىتىشنى ئۆگىتىدىغان ۋە رەھبەرلىك قىلىدىغان بىر ئۇستا مېخانىك ئەۋەتىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاخىرى بىزگە قوشنا ئولتۇرىدىغان بىر تاتار مېخانىكنى قۇمۇلغا يولغا سېلىپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن خەۋەر ئېلىش ئىشىنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشلىق مەجلىس ئەھلى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. بۇ مېخانىك خوجىنىيازهاجىنىڭ يېنىغا يوشۇرۇنۇقچە بېرىپ، بىرمەزگىل خىزمەت قىلىپ كېيىن ئۈرۈشتا ئوق تېگىپ قۇربان بولغان.
ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۈرۈمچىدە ئېلىپ بارغان مۇشۇنداق ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىمۇ ئۇنىڭ تەرجىمىھالىدىن ئورۇن ئېلىشى كېرەك.

1987 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرېسى

# ئۇيغۇرلاردا ئادەم ئىسىملىرى ۋە فامىلە مەسىلىسى

ئادەم ئىسىملىرى ــ ئانتروپونىمىيە تىلشۇناسلىقىنىڭ ئايرىم بىر تارمىقى. بىزدە تىل ئىلمىنىڭ بۇ ساھەسى تېخى دېگەندەك قولغا ئېلىنمىدى. مەن بۇ ماقالىدە ئۆزەمنىڭ بۇ ھەقتىكى بەزى يۈزەكى چۈشەنچىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن. بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچىلارغا بىر تۈرتكە بولۇپ قالار.

ئۇيغۇر ئادەم ئىسىملىرى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ھەر خىل ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ كەلدى.

1. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىكى ئادەم ئىسىملىرى:

قەدىمكى ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئۇزاقتىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئىسىم قويۇش ئەنئەنىسى بويىچە بالا تۇغۇلغاندا ئۇنىڭغا ئاۋۋال ئەركىلىتىش خاراكتېرىدىكى بالىلىق ئىسمى قوياتتى. بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن رەسمىي ئىسىم قوياتتى. ئەگەر بالا سىياسىي، ھەربىي ياكى ئىجتىمائىي ساھەلەردە بىرەر مەرتىۋىگە ئىگە بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئۆزگەرتىلىپ ئىگە بولغان مەرتىۋىسىگە مۇناسىپ يېڭى ئىسىم قويۇلغان.

مەسلەن، ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىككىنچى قاغانىنىڭ ئۆز ئىسمى بايان چۇر بولسىمۇ، قاغان بولغانىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسمى "تەڭرىدە بولمىش، ئېل ئېتمىش بىلگە قاغان" دەپ ئۆزگەرتىلگەن. (مەنىسى: "تەڭرىدىن (ئاسماندىن) تۇغۇلغان، ئەلنى ئىدارە قىلغان، بىلگە قاغان" دېگەن بولىدۇ.)

باللارغا قويۇلىدىغان ئىسىملار كۆپىنچىسى تۇتېمىستىك ئاساستىكى ئىسىملاردىن ئىبارەت بولغان (يەنى قەدىمكى قەبىلىلەر ئۇلۇغ كۆرىدىغان ھايۋان ئىسىملىرىدىن ئىبارەت بولغان). مەسلەن، ئارسلان، قاپلان، بۇقا، توغرۇل، بۆرە، بۇركۇت، ئوماي دېگەنلەردەك، بۇلاردىن ھەر خىل قوشما ئىسىملار ياسالغان. مەسىلەن: باربۇقا، سابى بۇقا، تۆمۈر بۇقا، ئەربۇقا، بۆگ بۇقا، قۇتلۇغ بۇقا، بۇقا خان دېگەندەك.

بەزى ئىسىملار ئاتا-ئانىلارنىڭ ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملاردىن ئىبارەت بولغان. مەسىلەن: ئالتۇن، تۇزۇن، قىزىل، كۈمۈش، تۆمۈر، چېچەك، باي، خان، سىلىگ (سىلىق) ۋە بۇلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان مېڭ تۆمۈر، باي تۆمۈر، ئەلتۆمۈر، بويان تۆمۈر، قۇتلۇغ تۆمۈر، ئاي سىلىگ دېگەندەك.

ئاتا بوۋىلىرىمىز تېۋىنىدىغان كونكرېت نەرسىلەرمۇ باللارغا ئات قىلىپ قويۇلاتتى. مەسلەن: يۇلدۇز، ئاي، چولپان؛ ئاييۇلدۇز، ئايكۈن، ئالتاي، ئايخان، تاغخان، كۈنخان، دېڭىزخان دېگەندەك.

بەزى ئىسىملار بولسا قەھرىمانلارنىڭ ۋە قوماندانلارنىڭ سۈپەتلىرى، ئاتلىرىدىن ئىبارەت بولغان. مەسىلەن: باتۇر، ئالىپ، كۆلىگىن، ئۇغۇز، تۇركان دېگەندەك.

قەدىمكى دەۋرلەردە رەڭلەرمۇ مۇقەددەس سانىلىپ، بالىلارغا ئىسىم قىلىپ قويۇلاتتى. مەسىلەن: قارا خان، سارىغخان، ئاقخان، قىزىلخان، بۇرلۇك قارا، تۇلەك قارا، مىڭ قارا، ئالتۇن قارا، قولۇن قارا، يەتمىش قارا، ئەسەن قارا، كىشى قارا، ئىشقارا، ئاتمىش قارا دېگەندەك.

بەزى دىنىي نام ۋە ئۇنۋانلارمۇ بالىلارغا ئىسىم قىلىپ قويۇلغان. مەسىلەن: تويۇن (بۇت قەلەندىرى)، تويۇنچاق، قارا تويۇن، بەرگەن تويۇن، سىنقۇسىلى، بۇ يان (ساۋاب) قارا، بۇرخان قۇلى، نوم قۇلى، تويۇن قۇلى، ئارىغ (پاكىزە)، كۈسەمىش (ئۈمىد)، ئاي تەڭرى، كۈن تەڭرى، ئاي چەچەك، قۇتادمىش، ئەل كەلمىش تەڭرىم، بۇسۇش تەڭرىم، قاچار تەڭرىم، ئىبتىمىش تەڭرىم، قومسا خاتۇن، يىدلاغ (خۇش پۇراق)، كۈن سىلىگ (مۇلايىم)، تەڭرى تۇغمىش، كۈن تەڭرىدە قۇت بولمىش، تەڭرىدە بولمىش، ئاي تۇغمىش، كۈن بەرمىش، كۈن ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش (كېيىنكىلەر — كۆپىنچە خانلارنىڭ ئىسىملىرى).

خان جەمەتى بالىلىرىغا كۆپىنچە ئەلنى ئىدارە قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىسىملار قويۇلاتتى.

مەسىلەن: ئىل قايا، ئىل بۇغا، ئىل ئالمىش، ئىل قۇتاتمىش،



www.uyghurkitap.com

ئېل ئىككەرمىش (ئەلنى ئىدارە قىلغان). ئېل باسمىش، ئېل ئەتمىش، ئېل ئىنانچ، ئېل ئەردەم، ئېل تۇزمىش، ئېل يىغمىش ئېل كىرمىش، ئېل تەرگەن، ئېلبەگ،...دېگەنلەردەك.

بەزىدە شاد، تېگىن، يابغۇ، تارخان، تۇتۇق، ئىنال، باسقاق دېگەندەك مەنسەپ، ئۇنۋان ئىسملىرىمۇ كىشلەرگە ئات قىلىپ قويۇلاتتى.

كۆل تارخان، ئاۋلۇچ تارخان، بىلگە تۇتۇق، سىنىقۇسېلى تۇتۇق، باسقاق ئىنال (ئىنال ــ مەنسەپ ئىسمى)، تىرەك تۇتۇق سانغۇن (سانغۇن ــ جاڭجۈن، بۇ ئىسمدا ئىككى مەنسەپ ئىسمى قاتار كەلگەن).

قەدىمكى ئۇيغۇر ئىسملىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، قەبىلە نامى ئادەم ئىسمىنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ كېلەتتى.

ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق قەبىلە ناملىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادىدىن بولغان ئېگىز هارۋىلىقلار (قاڭقىلار) ئالتە ئۇرۇغ 12 جەمەت بولغان.

ئالتە ئۇرۇغ تۆلۆ (تېلى، تۆلۆشمۇ دېيىلىدۇ)، چارۇقلۇغ، قۇغۇرسۇ، ئون ئۇيغۇر، چەپنى، ئىنچىكىن دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى.

12 جەمەت: شېلىلەر، تۇرلەم ئۇيۇرلار (بۇترىقا تۆرە)، يىچانلار، دالانلار (دولانلار؟)، مۇخالار، داغانلار، ئارزغۇتلار، مۇرۇنلار، بىكغۇلار، يۇسپلار، ئېۋالار، مەركىتلەردىن

ئىبارەت ئىدى.

ئۇيغۇر قەبىلىلىرىمۇ ئىچكى ۋە تاشقى توققۇز قەبىلىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىچكى توققۇز قەبىلە: ياغلاقار، ئۇتۇرقار، تۆرلەمۇر، بۇقاسىقىر، ئاۋۇچاگ، قارسار، قۇغۇرسۇ، يابۇتقار، ئاياۋۇز دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. تاشقى توققۇز قەبىلە: ئۇيغۇر، بارغۇت، غۇن، بايىرقۇ، توڭرا، ئىزگىل، چۆبە، باسمىل، قارلۇقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

مانا مۇشۇنداق قەبىلە ئىسىملىرى ئەسلىدە خۇددى مەھمۇت قەشقەرى ئوغۇز قەبىلىلىرى ھەققىدە توختالغاندا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ھەربىر ئۇرۇق ياكى قەبىلىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بوۋىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن.

ف. ئېنگېلس «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ئەسىرىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، مۇنداق ناملار كۆپىنچە مەلۇم بىر شەخس نامى بولىسىمۇ، ئەمما ئاشۇ نامنى ئىشلەتكۈچى ئادەملەرنىڭ قايسى قەبىلىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنىمۇ بىلدۈرەتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتمۈشتە مۇشۇنداق قەبىلە ناملىرى بىزنىڭ قەدىمكى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىسمى ئالدىغا قوشۇلۇپ ئۇلارنىڭ فامىلىسى رولىنى ئۆتىگەن.

مەسىلەن، ئاسنا بۇمىن (ئاسنا ئۇرۇقىدىن بولغان بۇمىن) ئۇيغۇرسۈچى (ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن بولغان سۈچى — سۈچى دېگەن سۆزمۇ ئەسلىدە ھەربىي باشلىق، قوماندان دېگەن



www.uyghurkitap.com

مەنىدە)، بارغۇت كۈن (بارغۇت، قەبىلە نامى، كۈن ئۆز ئىسمى).

سېرىق ئۇيغۇرلاردا مۇنداق قەبىلە نامىنى ئۆز ئىسمى ئالدىغا قامىلە قىلىپ قويۇش ئادىتى ھازىرغىچە ساقلانماقتا. مەسىلەن: ياغلاقار (قىسقارتىپ "ياڭ" 杨 دېگەن فامىلە قىلىدۋالغان.) ئوتتۇرقار قىسقارتىپ "خې" 贺 دېگەن فامىلە قىلىۋالغان)، تۇرگەش (قىسقارتىپ "تو" 妥 دېگەن فامىلە قىلىۋالغان)، تۇمەن (قىسقارتىپ 杜 تۇ دېگەن فامىلە قىلىۋالغان).

بۇ خىل ئادەتنىڭ قالدۇقى قۇمۇلدىكى بەزى ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ھازىرغىچە ساقلانماقتا. مەسىلەن: قارلۇق ئىسھاق، قارلۇق سېتى، قارلۇق نىياز، قارلۇق مەتنىياز، خۇ ئابدۇرىشىت، خۇ ئىلياس، خۇ سەيدۇل دېگەنگە ئوخشاش (بۇ ھەقتە «شىنجاڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى» دېگەن توپلامدىكى «قۇمۇل مەدەنىي يادىكارلىقلىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» دېگەن ماقالىگە قارالسۇن).

يۇقىرىقىلاردىن باشقا قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا بۇددا دىنىنىڭ ھەر خىل دىنىي ئۇنۋانلىرىمۇ كىشىلەرگە (بولۇپمۇ زىيالىلارغا) ئات قىلىپ قويۇلغان. مەسىلەن، "سىنقۇ سېلى" دېگەن ئادەم ئىسمىدا "سىنقۇ" ۋە "سېلى" دېگەن سۆزلەر ئەنە شۇنداق بۇددا دىنىغا ئائىت خاسىيەتلىك ئۇنۋانلار، پىرتاراكشىت دېگەن ئىسىمۇ "پىرتا" ۋە "راكشىتا" دېگەن بۇددا دىنى ئۇنۋانلىرىنىڭ قوشۇلمىسىدىن كەلگەن.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئادەم ئىسىملىرىدا بىرقەدەر زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ بۇرۇنقى شامان دىنى، مانى دىنى ۋە بۇددا دىنىغا خاس ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئورنىنى ئىسلامىيەتكە خاس بولغان ياكى ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەرەبچە ياكى پارسچە ئىسىملار ئىگىلىدى. بارا-بارا مۇنداق مۇسۇلمانچە ئىسىملار ھەتتا بىر قىسىم ئەسلى ئۇيغۇرچە ئىسىملارنىمۇ سىقىپ چىقاردى.

ھازىرقى ئۇيغۇر ئادەم ئىسىملىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى ئەنە شۇنداق ئىسلام دىنى تەسىرىدە پەيدا بولغان ئىسىملاردىن ئىبارەت.

ئىسلام تەسىرىدە پەيدا بولغان ئىسىملارنى مۇنداق تۈرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن:

1. ئاللاغا ئىتائەت قىلىش مەنىسىدىكى ئىسىملار. مۇنداق ئىسىملار ئاللانىڭ ئىسمى ياكى سۈپەتلىرى (مۇنداق سۈپەتلەر يۈزدىن ئاشىدۇ) ئالدىغا ئابدۇ (قۇللۇق قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى) دېگەن سۆزنى قوشۇش بىلەن ياسىلىدۇ.

"ئاللا" خۇدانىڭ ئىسمى، بۇنىڭ ئالدىغا ئابدۇ قوشۇلسا "ئابدۇللا" بولىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئاللاغا تېۋىنغۇچى، ئاللاغا قۇللۇق قىلغۇچى دېگەن بولىدۇ.

"ئاللا" دېگەن ئىسىمدىن باشقا يەنە ئاللانىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرىدىغان تۆۋەندىكى سۆزلەر بار:

ۋاھىد — بىردىنبىر، قادىر — قۇدرەتلىك، ئەزىز — سۆيۈم-

لۇك، سەمەد — دائىمى، مۇقىم. جاپپار — كۈچلۈك، لەتىپ (لىتىپ) — يۇمشاق، رەھىم — كۆيۈنگۈچى، ياردەم قىلغۇچى، فاتىخ — ئۇرۇشۇپ قالغۇچى، رەززاق — تويدۇرغۇچى، كەرىم — سەخى، ھەكىم — دانا، ئەقىللىق، قەيۇم — قىيامىغا يەتكۈزگۈچى... دېگەندەك. ئاللانىڭ مۇنداق سۈپەتلىرى 100دىن ئاشىدۇ، بۇلارنىڭ ئالدىغا "ئابدۇ" قوشۇلىمۇ يەنە ئاللاغا تېۋىنغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھازىر بىزدە "ئابدۇ" دېگەن سۆز قوشۇلمايدىغان بولۇپ كەتتى. بۇ سۆز قوشۇلمىغاندا، مەزكۇر سۆزلەر يۇقىرىقىدەك ئۆز مەنىلىرىنىلا بىلدۈرىدۇ.

بۇلاردىن باشقا دىنىي ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەنە مۇنۇ تۈردىكى ئىسىملارمۇ بار:

نۇرىددىن — دىنىنىڭ نۇرى، زىيائۇددىن — دىنىنىڭ شولىسى، سەدرىددىن — دىنىنىڭ تايانچى، سەيفىددىن — دىنىنىڭ قىلىچى، مەنسۇر — يەڭگۈچى، ئىسلام — ئاللا ئىرادىسىگە بويسۇنغۇچى، رەشىد ۋە ھادى — توغرا يولدا ماڭغۇچى، ئېمىن — ئىشەنچلىك، غازى — دىن يولىدا ئۇرۇشقۇچى، زىكرۇللا — ئاللاغا ئالقىش ئېيتقۇچى، ھەببۇللا — ئاللانىڭ دوستى، پەيزۇللا — ئاللانىڭ پەيزى، ئەسەدۇللا — ئاللانىڭ شىرى، سەيفۇللا — ئاللانىڭ قىلىچى. زوھۇرىددىن - دىنىنىڭ كۆرۈنۈشى.

بىر مۇنچە ئىسىملار مەشھۇر دىنىي پائالىيەت ئەرباپلىرىنىڭ ماقاملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن:

www.uyghurkitap.com

رەسۇلۇللا ــ ئاللانىڭ ئەلچىسى، رەسۇل مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ماقامى. بۇنىڭدىن ئىلىنىپ ئابدۇرەسۇل ــ رەسۇلۇللانىڭ قۇلى، نەبى ــ خەۋەرچى، مۇستاپا ــ تاللانغان، ئەخمەد ــ ماختالغان. ھەمىد ــ تونۇلغان.

ھەمزە ــ كەسكىن، ئىتتىك، مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تاغىسىنىڭ ئىسمى، بۇ كىشى ئۇرۇشتا بەك جەسۇر بولغانلىقى ئۈچۈن ئەسەدۇللا ــ ئاللانىڭ شىرى دېگەن لەقەمنى ئالغان.

خالىد ــ دائىمىي، مەڭگۈ، مەشھۇر ئىسلام قوماندانىنىڭ نامى.

بەزى ئىسىملار ساھابە ۋە ئىماملارنىڭ ناملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلەن:

ئەلى ــ كۆتۈرۈلگەن، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئىسمى، ئەلىئەسقەر ــ كىچىك ئەلى، ئەلىئەكبەر ــ چوڭ ئەلى، ھەسەن ۋە ھۈسەيىن ــ چىرايلىق، ئەلىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمى، سادىق ــ ئىشەنچلىك، قاسىم ــ بۆلگۈچى، رىزا ــ تاللانغۇچى.

مىفىك چۈشەنچىلەر، ئەۋلىيا ۋە ماشايىخلارنىڭ ناملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىسىملار:

جەننەت (جەننەتخان، گۈلجەننەت دېگەندەك).

رىزۋان ــ رازى بولۇپ قالماق، بۇ ئەسلىدە بىر پەرىشتە نامى، جەننەتنىڭ نازارەتچىسى.

لۇقمان ــ ھەممىنى بىلگۈچى، ساقايتقۇچى.

بەھمەن ــ ياخشى ئۇقۇم (قەدىمكى ئىران خۇدالىرىنىڭ نامى)

ھۆر ــ جەننەتتىكى ئىلاھىي ئايال.

ھوماي ــ جەننەت قۇشى. ئابىھايات ــ جەننەت بۇلىقى.

جۇنەيد ــ جۇنەيدۇل بەغدادى ناملىق ئەۋلىيانىڭ ئىسمى.

پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈپەتلىرىدىن تەركىب تاپقان ئىسىملار:

داۋۇت ــ سۆيۈملۈك دوست، ئايۇپ ــ تەقىقلەنگۈچى.

ئىبراھىم ــ ئەسلى بىر قەبىلە بوۋىسىنىڭ ئىسمى، ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ نامىدىن كەلگەن.

ئىدرىس ــ ئۆگەنگۈچى، ئىلياس ــ خۇدانىڭ كۈچى.

ئەيسا ــ ئاللانىڭ بايلىقى، ئىسھاق ــ كۈمۈش.

ئىسمائىل ـ ئاللا ئاڭلىدى. ئىسرائىل ــ ئاللا جەڭچىسى.

ياقۇپ ــ ئاللا، رۇھ. يۈسۈپ ــ كۆپەيتىلگۈچى.

زەكەرىيا ــ ئەسلەنگۈچى، ئاللا ئەسلىگۈچى.

مىكايىل ــ ئاللاغا لايىق بولغۇچى. مەريەم ــ ئاچچىق.

مۇسا ــ بوۋاق. رەھىلە ــ قوزىچاق.

بۇلاردىن باشقا بىرمۇنچە ئەرەبچە ـ پارسچە سۈپەتلەر ئادەم ئىسمى قىلىپ قويۇلىدۇ. مەسىلەن، ئادىلە ــ ئادالەتچى، ئازادە ــ ئەركىن. ئاقىلە ــ ئەقىللىق، كامىل (كامىلە) ــ پىشقان، تولۇق، تاھىر ــ تازا، سەلىم (سەلىمە) ــ تىنىچ، جەمىلە ــ چىرايلىق. زاھىد (زاھىدە) ــ تەقۋادار، دىيانەتلىك.

دۆلەت ئەربابلىرى ۋە چوڭ مەنسەپ ناملىرى بىلەن مۇناسى-

ۋەتلىك ئىسىملار:

شاھ (شا) ـــ پادشاھ (شاھ مۇھەممەت، شاھمۇرات، شاھزادە (شاھ بالىسى)

پاشا ـــ (ئەسلى باش - ئاغا دېگەن سۆز بولۇپ گېنېرال دېگەن مەنىدە) پاشاباي، پاشاخان.

ئەمىر (قىسقارتىلغان شەكلى مىر) ـــ ھۆكۈمدار، مىر قاسىم، مىرسولتان، مىردۆلەت، مىرقەدەم.

سۇلتان ـــ ھۆكۈمدار ـــ سولتان، سولتانباي، سولتانئەلى.

خان ـــ خاقان سۆزىنىڭ قىسقارغىنى، ھۆكۈمدار دېگەن مەنىدە. خانبابا، خانىيالا، باباخان (بۇۋىخان)، ئامانۇللاخان، خۇدا يارخان.

بەگ ـــ ھۆكۈمدار، ـــ ئۇلۇغبەگ، ئۆمەر بەگ، زوھۇرىددىن بەگ.

باي ـــ بۇ سۆزمۇ ئەسلىدە "بەگ" بىلەن بىر تومۇردىن كەلگەن. بىراق مەنىسى "بايلىق ئىگىسى" بولۇپ كەتكەن. ئۆمەر باي، غازىباي، تۆمۈرباي، يۇسۇپباي، بايمۇرات.

خانىم ـــ خەلقىمىز ھەرەملىرىدىكى ئاياللارنىڭ ھۆرمەتلىك لەقەملىرىدىن بىرى. بۇ سۆز ئەسلىدە "خان" سۆزىنىڭ بىر ۋارىيانتى بولۇپ ئايال ھۆكۈمدار دېگەن مەنىدە. ئاياللار ئىسمىغا قوشۇلۇپ كېلىپ ئۇلۇغلاش، ھۆرمەتلەشنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: نۇر ئالانۇرخانىم، قۇتلۇق نىگارخانىم. ئۇلۇغ نىگارخانىم (سۇلتان سەيدخان بىلەن بابۇرنىڭ ئانىلىرى) دېگەندەك.

بارا ـ بارا بۇنىڭ "ىم" قوشۇمچىسى چۈشۈپ قېلىپ، ئايال‌لار ئىسمىنىڭ بىر قوشۇمچىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەتلەش مەنىسىنى يەنىلا ساقلاپ كەلمەكتە (گەرچە "خانىم" دېگەنگە قارىغاندا سەل ئاجىزراق بولسىمۇ).

بانۇ ـــ ئايال ھۆكۈمدار ماھىبانۇ.

نىسا ـــ ئايال، نىساخانىم، ئايىنىسا، گۈلنىسا، مەريەمنىسا دېگەنگە ئوخشاش.

يېقىن كۆرۈپ قويۇلغان ئىسىملار:

ئەزىز ـــ ئەزىزلىنىدىغان، نەجىپ ـــ ياخشى خۇلۇقلۇق، تۆزۈن ـــ تۆزۈنلۈك، ئەدەبلىك، مېھرىبانۇ ـــ سۆيۈملۈك.

فازىلە ـــ پەزىلەتلىك، مەرھەبا ـــ خۇش كېلىپسىز.

مەدھىيىلەپ قويۇلغان ئىسىملار:

باھادۇر (باتۇر)، غالىب (يەڭگۈچى)، قەھرىمان، زەپەر (مۇۋەپپەقىيەت)، مۇزەپپەر (يەڭگۈچى)، جاھانگىر (جاھاننى ئالغۇچى)، قايتماس، قورقماس...

گۈزەللىك ئىسىملىرى:

جەمىلە ـــ چىرايلىق، زەرىپە ـــ يېقىملىق، زىبا (زىلۋا بويلۇق)، گۈزەل، زىننەت (پەدەز، بېزەك)، لەتىپە (چىرايلىق)، ئانارگۈل، باھارگۈل، مودەنگۈل، دىلارا (سۆيۈلگەن)، زۆھرە ـــ نۇرلۇق، سەييارە ـــ سەير قىلىپ يۈرگۈچى، ماھىنۇر ـــ ئاي نۇرى، ئاينۇر، رەيھان...

تۇغقانلىقنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار:

ئاتابېك، ئاتسخان، خانبابا، ئالپ ئاتا (قىسقارغىنى ئەلپەتتا).

ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ قويۇلغان ئىسملار:

ئۆلمەس، ياشار، تۇرسۇن، تۆمۈر، تاشتۆمۈر، پولات، توختى، تۇرغۇن.

ياخشى كەيپىياتلارنى بىلدۈرىدىغان ئىسملار:

بەختىيار، خۇشبەخت، مەسئۇد (بەختلىك)، سائادەت (بەخت)، دىلشاد، ئۈمىدۋار.

بالا تۇغۇلغاندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىسملار:

ئاسان، زەخمەت، سەبر، ئۈمىد، غەرىبە، غېرىب (مۇساپىر)، يادىكار...

بالا تۇغۇلغان شارائىتقا مۇناسىۋەتلىك ئىسملار:

باهار، جۈمە، شەنبە، روزى، قۇربان، رەجەپ، مۇھەررەم، شابان (بۇلارنىڭ كېيىنكىلىرى ئاي ئىسملىرى).

ئاتا-ئانىلارنىڭ ياخشى تىلەكلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسملار:

ئالتۇنخان، كۈمۈش، چېچەك، خانقىز، بايبالا.

ئېتنىك ناملار بىلەن قويۇلغان ئىسملار:

ئۇيغۇر، ئۆزبېك، سالچۇق، ئوغۇز، قارلۇق.

بالىنى يامان روھلاردىن ساقلاش ئۈچۈن ئەتەي كەمسىتىپ

قويۇلغان ئىسىملار:

سۈپۈرگە، سامساق، يانتاق، چاۋار، نىياز (خۇداغا ئاتاپ قىلىنغان سەدىقە، نەزىر).

يۇقىرىقىدەك ئايرىم سۆزلەر بىلەن قويۇلغان ئىسىملاردىن باشقا، بىزدە يەنە قوش ئىسىم قويۇشمۇ خېلى ئومۇملاشقان، مەسىلەن: مەھەممەتنىياز، توختىنىياز، مەھەممەتئىمىن، مەھەممەت ئۆمەر، غۇلام مۇھەممەت، روزىباقى، سەدىۋاققاس، داۋۇتنىياز دېگەندەك.

ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلىلىرىگە كەلسەك، يۇقىرىقى پاكىتلاردىن قارىغاندا، قەدىمكى دەۋرلەردە قەبىلە نامىلىرى ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ، فامىلە ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن زىيالىيلار تەبىقىسى ئىچىدە ئەرەب ئەنئەنىسى بويىچە ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئوتتۇرسىغا "بىن" (بىننى — ئوغلى) دېگەن سۆزنى قوشۇپ، ئۆزىنىڭ قايسى جەمەتكە تەۋەلىكىنى بىلدۈرۈش ئادىتىمۇ يۈرگۈزۈلگەن. مەھمۇت بىننى ھۇسەيىن بىننى مۇھەممەت (مۇھەممەتنىڭ ئوغلى، ھۇسەيىنىڭ بالىسى مەھمۇت). يازغۇچىلار ئارىسىدا بولسا، ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىنى ياكى ئەدەبىي تەخەللۇسىنى فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىشمۇ ئومۇملاشقان (بۇنىڭدا يۇرتى ياكى تەخەللۇسى ئاخىرىغا "ىي" قوشۇمچىسى ئۇلىنىدۇ)، مەسىلەن: مەھمۇت قەشقەرى، مۇللامۇسا سايرامى، ئابدۇرەھىم نىزارى،

ئەلشىر ناۋايى... دېگەندەك.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان يېڭى ئەنئەنە بويىچە ئۇيغۇرلاردا ئاتىسى ياكى بوۋىسىنىڭ ئىسمى ئاخىرىسىغا — "وف-وپ"، "وۋا" قوشۇمچىلىرىنى قوشۇپ فامىلە قىلىش ئادىتىمۇ بىرمەزگىل تارقىلىپ يۈردى. بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە بۇ خىل فامىلە بىرقەدەر رەسمىيلەشكەنىدى. لېكىن بۇ ئادەت پۈتۈن ئۇيغۇر رايونلىرىدا بولۇپمۇ كەڭ دېھقانلار ئارىسىدا كەڭ ئومۇملىشالمىدى. خەلق ئارىسىدا فامىلە ئورنىدا "لەقەم" ئىشلىتىش بىرقەدەر ئومۇملاشقان، مەسىلەن: قودايلار، ئامىرلار، توغاچلار (تابغاچ دېگەن بۇرۇنقى ئېتنىك نامنىڭ قالدۇقى بولسا كېرەك، ھازىر توقسۇندا مۇشۇ لەقەمدىكى ئادەملەر بار)، كەنجەكلەر دېگەندەك بىرمۇنچە لەقەملەر كەمسىتىش خاراكتېرىدە بولغاچقا، خەلق ئارىسىدا ئىشلىتىلسىمۇ، رەسمىي سورۇنلاردا ئىشلىتىلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلاردا فامىلە ئۈچۈن ئۆز ئىسمىغا ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئىشلە-تىش بىر خىل ئومۇمىي ئادەت بولۇپ كەلمەكتە. بۇ خىل ئادەتنىڭ بىرمۇنچە يېتەرسىزلىكلىرى بار:

بىرىنچىدىن، ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئىسمى قوشۇپ ئىشلىتىلسە بىرمۇنچە قوش ئىسملار بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، مۇھەممەت نىياز دېگەن قوش ئىسىم بىلەن ئۆز ئىسمى مۇھەممەت، ئاتىسىنىڭ ئىسمى نىياز بولغان فامىلىلىك ئىسىم

ئارىلىشىپ كېتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئاتىسىنىڭ ئىسمى فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىلسە، ئىككىنچى ئەۋلادقا بارغاندا فامىلە يۆتكىلىپ بىر جەمەت ئادەملەرنىڭ تۇراقلىق فامىلىسى بولماي قالىدۇ. نەتىجىدە باللار ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئىسملىرىنى ئاسانلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

ھازىر مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك فامىلە تۈزۈمىنى يولغا قويماقتا. بۇ بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەتلىك مىللەت ئىكەنلىكىنىڭ مۇھىم بىر ئالامىتى بولۇپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىي مىللەتلىرىدىن دەپ تونۇلۇپ كېلىۋاتقان بىر مىللەت ئەزالىرىنىڭ مۇشۇنداق فامىلىسىز كېتىۋېرىشى، بىر تەرەپتىن، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسىگە خىلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ قاتارىدا ئىسىم-نەسەبلىك بىر مەدەنىي مىللەت بولۇشىمىزغىمۇ نۇقسان يېتىدۇ. شۇڭا ھەربىر ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ ئۆزىگە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالىدىغان بىر فامىلە بەلگىلەپ ئېلىشى تولىمۇ زۆرۈر بىر ئىش بولۇپ قالماقتا. مۇنداق فامىلە ئۈچۈن، بۇرۇنقىدەك قەبىلە ياكى ئۇرۇغ ناملىرىنى ياكى مەشھۇر بوۋىلىرىمىزنىڭ نامىنى ئىشلەتسەكمۇ بولىدۇ، ياكى بەزى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر قوللانغاندەك، ئۆزىمىز مۇۋاپىق كۆرگەن بىرەر نامنى فامىلە قىلىپ ئېلىپ شۇنى جەمەتىمىزنىڭ تۇراقلىق فامىلىسى قىلساقمۇ بولىدۇ.

فامىلىنىڭ ئاخىرىغا "ئوغلى" ياكى "قىزى" دېگەن سۆزنى قوشۇپ ئىشلىتىشمۇ بەزى تۈركىي تىللىق مىللەتلەردە رەسمىيلەشكەن (مەسىلەن، ئازەرلەردە) بولۇپ، بۇ پايدىلىنىشقا بولىدىغان بىر خىل فامىلە شەكلى. ھېچقانداق قوشۇمچە ئىشلەتمەي ئۆزىمىز لايىق كۆرگەن بىر نامنىڭ ئۆزىنى فامىلە قىلىپ ئىشلىتىشمۇ بىرقەدەر ئىخچام فامىلە شەكلى بولالايدۇ. بەزى زىيالىيلار ئارىسىدا تەخەللۇس ئورنىدا ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان "يى"لىك "فامىلىلەر" ياكى بىر قىسىم كىشىلەر ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان "وف ياكى ۋۋا" قوشۇلغان فامىلە شەكلى كەڭ ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئارىسىدا ئومۇملىشىشى تەس. شۇڭا بۇنى شۇ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ فامىلىسى قىلىپ قالدۇرغان تۈزۈكرەك. ھەرھالدا قانداقلا شەكىلدە بولمىسۇن، ئۇيغۇرلاردا فامىلە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش مەدەنىي ھاياتىمىزدىكى بىر ئاكتۇئال مەسىلە بولۇپ قالدى. بۇ ھەقتە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەر بۇرۇنراق بىر قارارغا كەلگەن بولسا ئوبدان بولاتتى.


پايدىلىنىدىغان ئەسەرلەر:

1. ۋ. ئۇ. مەخپىرووۋ: تۈركىي تىللاردىكى ئادەم ئىسىملىرىنىڭ تۈزۈلۈش ۋە فۇنكسىيە جەھەتتىكى تەرەققىياتى. «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» 1985 ـ يىللىق 4 ـ سان.
2. غ. سەدۋاققاسوف. ۋ. مەخپىرووۋ: «ئۇيغۇر ئانتروپولوگىيە-

سىدىكى بەزى مەسىلىلەر»، «ئۇيغۇر تىلى بويىچە تەكشۈ-
رۈشلەر»، ئالمۇتا، 1988.
3. ف. مەخپىروۋ: «قەدىمكى ئۇيغۇرچە قانۇن ۋەسىقىلىرىدىكى
ئادەم ئىسىملىرى» (مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى)،
«ئۇيغۇر تىلى بويىچە تەكشۈرۈشلەر» ئالمۇتا، 1988 ـ يىل.
4. س. ب. مالوۋ: «قەدىمكى تۈركىي يېزىق يادىكارلىقلىرى».
م. ل. 1951 ـ يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# ”سۆزى گۈزەل بولۇش“ تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، تىلدىكى بۇلغىنىشقا قارشى تۇرايلى

ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ”بەش بولۇش“ (مەدەنىيەتلىك بولۇش، ئەدەبلىك بولۇش، پاكىز بولۇش، تەرتىپلىك بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇش) ۋە ”تۆت گۈزەل“ (قەلبى گۈزەل، سۆزى گۈزەل، ھەرىكىتى گۈزەل، مۇھىتى گۈزەل) بولۇش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان مەدەنىيەتلىك ـ ئەدەبلىك بولۇش پائالىيىتى قانات يېيىپ كەتتى.

”سۆزى گۈزەل بولۇش“ تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشمۇ بۇ پائالىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

”سۆزى گۈزەل بولۇش“ دەپ نېمىگە ئېيتىلىدۇ؟

”سۆزى گۈزەل بولۇش“ دېگەنلىك، كىشىلەر بىلەن سۆز- لەشكەندە مۇلايىم، نازاكەتلىك سۆزلەش، قوپال، بەزەپ سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىك، يولسىزلىق قىلماسلىق، باشقىلارغا تىل بىلەن ئازار بەرمەسلىك دېگەنلىك بولىدۇ.

تىلدا نازاكەتلىك بولۇش — بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەتلىك، ئىلغار مىللەت ئىكەنلىكىنىڭ روشەن ئىپادىسى. بىزنىڭ ئاتا ـ

بوۋىلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مەدەنىيەت تارىخى داۋامىدا، ئەدەب ـ ئەخلاق، ھۆسنى مۇئامىلە ساھەسىدە بىزگە ئاجايىپ گۈزەل ئەنئەنىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئەرلەر بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا سالام قىلىش، ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە تازىم قىلىش، مېھماننى ئۇچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن قول قوشتۇرۇپ قارشى ئېلىش، ئۇزاتقاندا مەمنۇنىيەت بىلەن خوش ئېيتىش، ئولتۇرغاندا بىراۋ كەلسە ئورنىدىن تۇرۇش، چوڭلار ئالدىدا تاماكا چەكمەسلىك، ھاراق ئىچمەسلىك، قوپال سۆزلەرنى قىلماسلىق، بىھۆرمەتلىك قىلىپ قويغاندا كەچۈرۈم سوراش، باشقىلاردىن ئىلتىپات كۆرگەندە، ياردەم ئالغاندا رەھمەت ئېيتىش، سەپەرگە چىققان كىشىگە ئاق يول تىلەش، ئۆزىدىن چوڭلارنى سىزلەپ سۆزلەش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ھۆرمەت، مۇھەببەت، كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىق، دوستلۇق، قەدىردانلىق تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ھۆسنى مۇئامىلىگە كىرىدۇ. مۇنداق ھۆسنى مۇئامىلە بىزنىڭ تىلىمىزدا ئۆزىگە مۇناسىپ يېقىملىق سۆزلەر ۋە تىل ۋاسىتىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئۆزىدىن چوڭ ئەرلەرگە خىتاب قىلغاندا، ئۆز ئۇرۇق ـ تۇغقىنى بولمىسىمۇ، ھۆرمەت يۈزىسىدىن بوۋا، چوڭ دادا، ئاتا، تاغا، ئاكا دېگەن سۆزلەر ياكى ئۇستاز، ئەپەندىم، تەخسىر دېگەندەك ھۆرمەت سۆزلىرى ئىشلىتىلىدۇ.

ئۆزىدىن چوڭ ئايالللارغا خىتاب قىلغاندا، كۆپىنچە موما، چوڭ ئانا، خان ئاچا، ئاچا، ھەدە، ئىنگچە، يەڭگە دېگەندەك سۆزلەر ئىشلىتىدۇ.

تەڭ دېمەتلىك كىشىلەرگە خىتاب قىلغاندا، يولداش، قېرىنداش، سەپداش، ئاغىنە، بۇرادەر، ئاداش، دوستۇم، جورام دېگەندەك سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ.

ئۆزىدىن كىچىكلەرگە خىتاب قىلغاندا، كۆپىنچە، ئۇكا، ئىنى، سىڭىل، قىزىم، بالام، ئوغلۇم، ئوماق قىز، ئاپئاق قىز، قوزام، باغرىم، جىگىرىم دېگەندەك سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ.

ئۆزىنى كەمتەر كۆرسىتىش ئۈچۈن بەزىدە، پېقىر، كەمىنە دېگەندەك سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ.

كىشىلەردىن بىرەر ئىشنى ئۆتۈنگەندە، كۆپىنچە: ئېغىر كۆرمىسىلە، مالال كەلمىسە، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا دېگەندەك سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ.

كىشىلەردىن ئەپۇ سوراشتا، كۆپىنچە كەچۈرسىلە (كەچۈ-رۈڭ)، ئەپۇ قىلىڭ (ئەپۇ قىلغايلا)، خاپا بولمىسىلا، رەنجىمە-گەيلا دېگەندەك سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ.

تەشەككۇر بىلدۈرۈشتە: رەھمەت، ھەشقالللا، جۇۋاپتىلا دېگەندەك سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ.

كىشىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە: كۆپىنچە، ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئېسەنمۇسىز، سالامەتمۇسىز، تىنچمۇسىز، تىنچ تۇردىلىمۇ، ئوبدان تۇردىلىمۇ، ئامان-ئېسەن تۇردىلىمۇ، ئويسىيان

كىرمەملا، خىزمەتتە بولاي، ھارمىغايلا دېگەندەك سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ.

خوشلاشقاندا: خوش، خەير خوش، يول بولسۇن، ئاق يول تىلەيمەن، ئامان بولسىلا دېگەندەك سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ. ياتار ئالدىدا، ياخشى چۈش كۆرسىلە دېيىلىدۇ.

ياشقا چوڭ ئادەملەر بىر ئىشقا بۇيرۇغاندا، ئادەتتە: خوپ، خوش، ئوبدان، ماقۇل دېگەندەك سۆزلەر بىلەن جاۋاب بېرىلىدۇ.

تىلدىكى نازاكەت ئېھتىياجى بىلەن تىلىمىزنىڭ گراماتىك تۈزۈلۈشىدىمۇ بىرمۇنچە سىپايى شەكىللەر مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، ئالماشلارنىڭ II شەخس بىرلىك فورمىسى "سەن"دىن باشقا يەنە "سىز، سىلى، ئۆزلىرى" دېگەن شەكىللەرمۇ بار. ئەسلىدە سىز، سىلى (سىلەدىن ئۆزگەرگەن)، ئۆزلىرى دېگەن ئالماشلار II شەخس كۆپلۈك ئالماشلىرى بولسىمۇ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ ئالماشلار "سەن" دېگەن سۆزنىڭ سىپايى شەكلى قىلىپ بىرلىك ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

"سەن" تەكەللۇپسىز قوپال سۆز ئورنىدىمۇ، ھەم ناھايىتى يېقىن كۆرگەن كىشىلەرگىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، نازاكەت ۋە ھۆرمەت تۈيغۇسىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندا ئادەتتە "سىز" سۆزى ئىشلىتىلىدۇ. نازاكەت ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسىنى يەنە بىر دەرىجە ئۈستۈرۈش توغرا كەلگەندە، ئادەتتە "سىلى" ياكى "ئۆزلىرى" دېگەن سۆزلەر ئىشلىتىلىدۇ.

ئىسىملارنىڭ بىرىنچى شەخس بىرلىك تارتىم قوشۇمچىسى بولغان "م" قوشۇمچىسى ئادەتتىكى بىرىنچى شەخسنى بىلدۈرگەندىن تاشقىرى، يەنە يېقىنلىق تۇيغۇسىنى بىلدۈرۈشكىمۇ خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن: "بالا"، "ئوغۇل"، "قىز" دېگەن سۆزلەرگە "م" قوشۇمچىسىنى قوشۇپ "بالام"، "ئوغلۇم"، "قىزىم" دېگەندە، ئۆز بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن تۈپ مەنىدىن باشقا يەنە ئۆز بالىسىغا ئوخشاش يېقىن كۆرگەنلىك تۇيغۇلىرىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئۆز بالىسى بولمىغان بىر بالىنى "بالام" دەپ چاقىرغانلىق ئۇ بالىنى يېقىن كۆرگەنلىك، ئۇنىڭغا كۆيۈنگەنلىك بولىدۇ.

پېئىللارنىڭ II شەخس (بىرلىك) بۇيرۇق فورمىسىنىڭمۇ ئىككى خىل شەكلى بار.

ئۇنىڭ بىرى، "قىل، ئال، بەر" دېگەنگە ئوخشاش تەكەللۇپسىز (قوپال) بۇيرۇق شەكلى.

يەنە بىرى، II شەخس بۇيرۇق پېئىل ئاخىرىسىغا "ڭ" قوشۇمچىسىنى ئۇلاش بىلەن ياسالغان تەكەللۇپلۇق (سىپايە) بۇيرۇق شەكلى (مەسىلەن: قىلىڭ، ئېلىڭ، بېرىڭ دېگەندەك). بۇ يەردىكى "ڭ" ھەرپى تەكەللۇپسىز (قوپال) بۇيرۇقتا ئۆتۈنۈش، ئىلتىماس قىلىش تۇسىنى بېرىپ سۆزنى نازاكەتلىك قىياپەتكە كىرگۈزىدۇ.

بۇندىن تاشقىرى يەنە III شەخس تىلەك پېئىلى قوشۇمچىلىرى بولغان "غاي" (قاي، گەي، كەي) ۋە "سۇن" قوشۇمچى-

لىرىمۇ تىلنى نازاكەتلىك قىلىشقا خىزمەت قىلىدۇ. بولۇپمۇ بۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولغان "غايلار"، "سۇنلار"دىن ئۆزگەرگەن "غايلا"، "سىلا" شەكلىمۇ II شەخس ئۈچۈن ئىشلىتىلگەندە ھۆرمەت ۋە نازاكەت تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەپ، "ڭ" قوشۇلغانغا قارىغاندىمۇ يۇقىرىراق ھۆرمەتنى بىلدۈرىدۇ. (مەسىلەن: ھارمىغايلا، قىلىسىلا، ئالسىلا، بەرسىلە دېگەنگە ئوخشاش).

تىلىمىزدىكى مانا شۇنداق مول تەكەللۇپ سۆزلىرى، بولۇپمۇ نازاكەت ۋە ھۆرمەتنى بىلدۈرىدىغان پۈتۈن بىر يۈرۈش گراماتىك ۋاستىلەر بۇندىن مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى يېزىلغان يازما يادىكارلىقلاردىمۇ ئۇچرايدۇ، بۇ ھال خەلقىمىزنىڭ قەدىمدىن تارتىپ، ناھايىتى يۇقىرى مەنىۋى مەدەنىيەت مۇھىتى ئىچىدە ياشاپ كەلگەن مەدەنىيەتلىك خەلق ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ.

50 - يىللاردا ۋە 60 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا پارتىيىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى ۋە تەربىيىسى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈشى ۋە خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، خەلقىمىز ئارىسىدا بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەتلەر مەيدانغا كېلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزملىق، يولداشلارچە ھەمكارلىق، ياشلار چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، چوڭلار ياش-ئۆسمۈرلەرگە كۆيۈنۈش بىر خىل ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلانغانىدى.

ئەمما ئۇن يىللىق بالايىئاپەت مەزگىللىرىدە، لىن بياۋ ۋە "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى ۋە بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن ھەق بىلەن ناھەق، شەرەپ بىلەن ھاقارەت ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. مەدەنىيەت، ئەخلاق، ئەدەب، ئىنساپ دېگەن نەرسىلەرگە شىۋجېڭجۇيىلىق مۇتەئەسسىپلىك تامغىلىرى بېسىلدى. ئۇرۇش، بۇلاش، چېقىشنەك ۋەھشىيانە ھەرىكەتلەرگە "قەھرىمانلىق" تاجى كىيدۈرۈلدى. ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە ئىنقىلابىي تەرتىپكە مۇنداق بۇزۇلۇش كىشىلەرنىڭ تىلىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ياش ئەۋلادلار ئارىسىدا قوپال، بېزەپ سۆزلەر، بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ ئىززەت-نەپسىگە تېگىدىغان تىل-ھاقارەتلەر كۆپىيىپ كەتتى، سىزلەش ئورنىغا سەنلەش، ھۆرمەتلەيدىغان سۆزلەر ئورنىغا كەمسىتىدىغان سۆزلەرنى ئىشلىتىش، ئۆتۈنۈش (پەيلى) ئورنىغا بۇيرۇق (پەيلى)نى ئىشلىتىش بىر خىل ئادەتكە ئايلاندى. قىسقىسى تىلدا ئېغىر "بۇلغىنىش" يۈز بەردى.

تىلدىكى بۇلغىنىش نېمىشقا ھازىر مۇنداق ئېغىرلاشتى؟

1. تىل بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە، سۆزلەرنى ئىشلىتىش جەمئىيەت بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. بىزگە مەلۇم، ئۇن يىللىق پاراكەندىچىلىك دەۋرىدە نورمال تەرتىپلەر بۇزۇلدى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە، يولداشلىق مۇناسىۋىتى، ئىنقىلابىي تەرتىپ گۇمران بولدى، پەن-مەدەنىيەت، ئەدەب-ئەخلاق ئىنكار قىلىندى. تىلى قانچىلىك قوپال بولسا،

ئاۋازى قانچىلىك قاتتىق چىقسا، سەت سۆزلەر بىلەن كىشىلەرگە قانچە قاتتىق تەگسە، شۇنچە "ئىسيانكار"، "ئىنقىلابچى" بولۇپ تۇيۇلىدىغان بولۇپ كەتتى. قەبىھ سۆزلەر بىلەن كىشىلەرنى ھاقارەتلەش، كەمسىتىش، بىشەملىك بىلەن تۆھمەت چاپلاش "ئىنقىلابىيلىق"نىڭ ئىپادىسى بولۇپ قالدى. "ھەي، دەيۇز، كۆزۈڭنى ئېچىپ غوجاكاڭنى تونۇپ قوي، يەنە جاھىللىق قىلىدىغان بولساڭ، ئاناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمەن" دېگەنگە ئوخشاش ئادەمگەرچىلىك قىلىپىدىن چىقىپ كەتكەن ھېزەپ سۆزلەر ئەدەپ كەتتى. مۇنداق ھاقارەتلەيدىغان سۆزلەر ھەتتا گېزىت-ژۇرنال، كىنو، تىياتىرلاردىكى دىئالوگلاردىمۇ دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان بولۇپ كەتتى. مۇنداق شارائىتتا مۇلايىم، سىلىق سۆزلەش بىر خىل غەلىتە ئىش، ئىنقىلابىي روھى يېتەرلىك بولمىغانلىقنىڭ، ھەتتا "سىنىپىي مەيدانى مۇستەھكەم بولمىغانلىق"نىڭ ئىپادىسى دەپ قارالدى. مۇشۇنداق ئىجتىمائىي شارائىتتا، تىلدا مۇلايىملىق، نازاكەتلىك، ئەدەبلىك بولۇش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

2. تىلدا نازاكەتلىك بولۇش، كىشىلەرنىڭ ئەدەبلىك، ئەخلاقلىق بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تىل — ئىدىيىنىڭ بىۋاستە ئىنكاسى. ئاق كۆڭۈل، دىلى پاك، ئەخلاقى گۈزەل ئادەم ئەلۋەتتە سەمىمىي بولىدۇ، باشقىلارنى ھۆرمەتلەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ تىلىدىمۇ مۇلايىم، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىنچە، كۆڭلى قارا، بەدنىيەت ئادەم ھەمىشە باشقى-

لارغا يامانلىق ئويلاپ يۈرىدۇ، كىشىلەرنى بوزەك قىلىش، مەسخىرىلەش، كەمسىتىش — ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان بولىدۇ. بۇنىڭ تىلدىكى ئىپادىسىمۇ تۈرلۈك قوپال، بىزەپ سۆزلەردىن، تىل - ھاقارەتتىن ئىبارەت بولىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ دىلىدىكى پاسكىنا نەرسىلەر تىلدىكى پاسكىنا سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. شۇڭا مۇنداق ئادەملەر ئاغزىدىن چىقىۋاتقان قەبىھ، يىرگىنىشلىك سۆزلەردىن ئۇيالمايدۇ، نومۇس قىلمايدۇ.

3. تىلدىكى نازاكەت يەنە كىشىلەرنىڭ بىلىم سەۋىيىسى، غايىسى ۋە ئىشتىياقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بىلىملىك، تەربىيىلىك ئادەمنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە سۆزىدىنمۇ نازاكەت چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار كىشىلەرگە سۆز قىلغاندا چىرايلىق سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىدۇ. لېكىن "بىلىمى قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە ئەكسىيەتچى بولىدۇ" دېگەن كۆز قاراش ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن ئون يىللىق بالايىئاپەت دەۋرىدە، بىلىملىك بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇش بىر خىل خەۋپلىك ئىش بولۇپ قالغاچقا، ياش - ئۆسمۈرلەر بىلىم ۋە مەرىپەتتىن مەھرۇم قالدى. بىلىمسىزلىك ۋە مەدەنىيەتسىزلىك كەڭ يامراپ كەتتى. بۇ ھال مۇنداق ياشلارنىڭ تىلىدىمۇ ئەكس ئېتىپ، قوپال، بەزەپ، ھاقارەتلىك - سۆزلەر كەڭ بازارغا ئىگە بولۇۋالدى. بىرمۇنچە ياش - ئۆسمۈرلەر ئاغزىدىن چىقىۋاتقان تىل - ھاقارەتتىن نومۇس قىلمايدىغان، بەلكى بۇنى ئۆزىنىڭ "نوچىلىقى"نىڭ ئىپادىسى دەپ ماختىنىدىغان بولۇپ قالدى.

4. تىل تەربىيىسى يەنە، بىر ئادەمنىڭ ئائىلە شارائىتى، مەكتەپ شارائىتى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ھازىر بەزى ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ئاغزىدىن بىزەپ سۆزلەر چۈشمەيدۇ. بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئادەم تىللىشىنى ئاڭلىغاندا، ئۇلارنى چەكلەش، نەسىھەت قىلىش ئورنىغا، ئەكسىچە، مېنىڭ بالام قالتىس بالا بوپتۇ، بوش كەلمەيدىكەن دەپ خۇرسەن بولىدۇ. بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا قاتتىق-بىزەپ سۆزلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ھەتتا ئۇلارغا كەلسە-كەلمەس لەقەم قويىدۇ. بۇ گەرچە ئاڭسىزلىقتىن، دىققەت قىلماسلىقتىن بولغان بولسىمۇ، ئەمما ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ تىل تەربىيىسىگە يامان تەسىر بېرىدۇ.

5. بۇ يەردە يەنە تونۇش مەسىلىسىمۇ بار. بەزىلەر قوپال سۆزلەشنى، كىشىلەرگە قوپال مۇئامىلە قىلىشنى ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۆڭلى تۈزلۈكىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايدۇ. ئەمەلدە بولسا، بىر ئادەمنىڭ كۆڭلى تۈز، دىلى پاك بولىدىكەن، ئادەتتە ئۇنىڭ بۇنداق پەزىلەتلىرى تىلدىكى مۇلايىملىقتا ئىپا-دىلىنىدۇ. مۇنداق ئادەملەر كىشىلەرگە سىلىق مۇئامىلە قىلىدۇ، سىلىق سۆزلەيدۇ. قوپال سۆزلەش، قوپال مۇئامىلە قىلىشنى ئەمگەكچى خەلققە دۆڭگەپ قويۇش توغرا ئەمەس. بەزىلەر ھەتتا ئەدەبلىك، نازاكەتلىك بولۇشنى "بۇرژۇئازىيە ئىستىلى" دەپ تونۇيدۇ. بۇ تېخىمۇ توغرا ئەمەس. بۇرژۇئازلار كۆرۈ-نۈشتە ھەرقانچە تۈزۈتلۈك كۆرۈنگەن بىلەن ئۇلارنىڭ دىلى

www.uyghurkitap.com

چىركىن بولىدۇ، ئۇلارنىڭ شىكەر تىلى ئاستىغا زەھەرلىك سۇيىقەستلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ، قىلتاقىقا چۈشۈرۈشنىلا ئويلايدۇ. بىز بۇ يەردە دەۋاتقان نازاكەت سوتسىيالىزىم شارائىتىدا كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىگە بولغان ھۆرمىتى، يولداشلارچە يارىدىمى ئاساسىغا قۇرۇلغان، بۇ خىل نازاكەت يۈكسەك كوممۇنىستىك ئەخلاقنى ئاساس قىلىدۇ. شۇڭا بىزدىكى ھۆسنى مۇئامىلە چوڭقۇر سەمىمىيەت بىلەن سۇغۇرۇلغان، ئۇنىڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ساختا سىپايىلىقى بىلەن قىلچە ئورتاقلىقى يوق.

تىلدىكى "بۇلغىنىش"نىڭ سەۋەبلىرى خىلمۇخىل. شۇڭا "سۆزى گۈزەل بولۇش" تەربىيىسىنى ئېلىپ بارغاندا، كېسەلگە قاراپ دورا بېرىش لازىم.

بۇنىڭدا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1) ئالدى بىلەن تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. ھازىر جەمئىيەتتە، بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا تىلدىكى "بۇلغىنىش" خېلىلا ئېغىر. بۇ يالغۇز ئىجتىمائىي ئەخلاق مەسىلىسىلا بولۇپ قالماي، جەمئىيەت تەرتىپى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكىمۇ بېرىپ تاقىلىدىغان چوڭ مەسىلە بولۇپ قالدى. بۇ مەسىلە ياخشى ھەل قىلىنمىسا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تەسىر يېتىدۇ، تىنچ-ئىتتىپاق بولۇشقا تەسىر يېتىدۇ، كېلەچەك ئەۋلادلارغا تەسىر

يېتىدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلىگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ. پۈتۈن جەمئىيەت، بولۇپمۇ تەشۋىق ـ تەربىيە ئورۇنلىرى بۇ ھەقتىكى تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، "سۆزى گۈزەل بولۇش" تەربىيىسىنى قولغا ئېلىشى كېرەك.

2) تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك، ئالدى بىلەن ھەر خىل تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، تىلدىكى "بۇلغىنىش"نىڭ زىيىنىنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىش كېرەك. خەلقىمىزنى بولۇپمۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ئىلىم ـ پەننى سۆيىدىغان، ئەدەبلىك ـ ئەخلاقلىق بولۇپ، مۇلايىم ـ نازاكەتلىك سۆزلەشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان، بىزەپ، قوپال سۆزلەرنى سۆزلەشتىن يىرگىنىدىغان قىلىش كېرەك. شۇ يول بىلەن ئۇلارنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاكتىپ قاتناشچىلىرىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

3) ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ سۆزلەش ئادىتى كىچىكىدە قېلىپلىشىدۇ. شۇڭا بالىلارنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى تىل مۇھىتى ۋە تىل تەربىيىسى ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. پېداگوگىكا ئىلمىنىڭ كۆرسىتىشىچە، بالىلارنىڭ تىلى 12 ـ 13 ياشلارغا يەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ئاساسەن قېلىپلىشىدۇ. بىزگە مەلۇم، بالىلار بۇ دەۋرنى ئاساسەن ئائىلىدە ۋە مەكتەپتە ئۆتكۈزىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ، يەسلى تەربىيىچىلىرىنىڭ ۋە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بالىلارنىڭ تىلىغا بېرىدىغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىلار

باللارنى كىچىكىدىن تارتىپلا نازاكەتلىك سۆزلەشكە ئادەتلەن-دۈرۈشى، بىزەپ، قوپال سۆزلەردىن سەسكەندۈرۈشى، تەربىيىچىلەر ۋە ئوقۇتقۇچىلارمۇ بۇ خىل تەربىيىنى ئىزچىل ئېلىپ بېرىشى، ئۆزلىرىمۇ باللارغا قارىتا نازاكەتلىك مۇئامىلىدە بولۇشى، باللار ئالدىدا قوپال، بىزەپ سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن قەتئىي ساقلىنىشى لازىم. ھەربىر مەكتەپ ۋە سىنىپ، نازاكەت-لىك سۆزلەرنى ئۆز مەكتىپى ياكى سىنىپىنىڭ بىر خىل تۈرمۈش تەرتىپى قىلىپ بەلگىلەپ، باللارنى بۇنداق سۆزلەرنى جايىدا ئىشلىتىشكە ئادەتلەندۈرۈشى، سىلىق، مۇلايىم سۆزلىگەن، نازاكەتلىك سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن باللارنى ئىلھاملاندۇرۇشى، شۇ يول بىلەن مەكتەپتە "سۆزى گۈزەل بولۇش" ھاۋاسىنى پەيدا قىلىپ، بۇنى ئېسىل ئەنئەنىگە ئايلاندۇرۇشى لازىم.

4) جەمئىيەتتە "تىلدىكى بۇلغىنىشقا قارشى تۇرايلى" دېگەن شوئارنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ھەقتە بىرمۇنچە تەد-بىرلەرنى بەلگىلەپ چىقىش كېرەك. قوپال، بىزەپ سۆزلەرگە ئادەتلەنگەن، ئاغزىدىن تىل - ھاقارەت چۈشمەيدىغان ئادەم-لەرگە بولغان تەلىم - تەربىيىنى كۈچەيتىپ، قايتا - قايتا تەربىيە بەرسىمۇ تۈزەلمەيدىغان كىشىلەرنى مۇۋاپىق سورۇنلاردا تەنقىد قىلىش، بەزىلەرگە ھەتتا تېگىشلىك ئىنتىزام جازاسى بېرىش كېرەك. تىلدىكى بۇلغىنىش بەك ئېغىر جايلاردا بەزى مەجبۇ-رىي خاراكتېرلىك چارىلەرنى بەلگىلەپ، "سۆزى گۈزەل بولۇش" تەربىيىسىگە ماسلىشىش كېرەك.

5) تىل تەتقىقات خادىملىرى "سۆزى گۈزەل بولۇش" تەربىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق، پسىخولوگىيە تىلشۇناسلىق ۋە تىل تەربىيىسى ئىلمىگە ئوخشاش ساھەلەردىكى ئىلمىي تەتقىقاتنى قولغا ئېلىشى كېرەك.

قىسقىسى، "سۆزى گۈزەل بولۇش" — ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش يولىدىكى پائالىيەتلەرنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ جەمئىيەتنىڭ تىنچ بولۇش-ئىتتىپاق بولۇشنى قوغداش، ئېلىمىزنىڭ ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە جارى قىلدۇرۇش، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشتا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەممە كىشى بىردەك تۇتۇش قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرىدىن بولۇشى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

# «بېزەكلىك» روھى يەنىمۇ كۈچلۈك جەۋلان قىلغاي

ئۇيغۇر خەلقى ۋەتىنىمىزدىكى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئۈچ چوڭ قەدىمكى مەدەنىيەت (قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتى، قەدىمكى ھىندى مەدەنىيىتى، قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى)، ئۈچ چوڭ دىن (بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى ۋە خرىستىئان دىنى)، ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسى (ئورال-ئالتاي تىل سىستېمىسى، خەنزۇ-تىبەت تىل سىستېمىسى، ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسى) ۋە ئۈچ چوڭ ئىقتىساد (چارۋىچىلىق ئىقتىسادى، دېھقانچىلىق ئىقتىسادى ۋە يىپەك يولى سودىسى) بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقان رايوندا ياشاپ كەلگەن خەلق بولغاچقا، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەسىدە ئۆز دەۋرىدە ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ھەر جەھەتتىن ئۆز ھەسسىسىنى قوشقان. 6-ئەسىردىن 10-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئەنە شۇ قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن مەدەنىي

يادىكارلىقلىرىدىن بىرى تۇرپان مۇرتۇقتىكى بېزەكلىك ۋە مۇشۇ ئەتراپتىن تېپىلغان ئەسەرلەردۇر.

"بېزەكلىك" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بېزەلگەن، زىننەتلەنگەن جاي دېگەن بولۇپ، "بېزەك" دېگەن سۆزنى خەلقىمىز مىڭلارچە يىللاردىن بېرى ئەرەبچە "زىننەت"، "نەقىش" دېگەن مەنىدە ئىشلىتىپ كەلمەكتە. بۇ سۆزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئىشلىتىلىپ كەلگەنلىكىنى مۇنۇ مىساللاردىن كۆرۈش مۇمكىن:

"نەچە قارشى ئوردو بېزەكلىك ساراي"، "نەچچىلىگەن چېدىرلار، ئوردىلار، بېزەكلىك ساراي". («قۇتادغۇبىلىك»، 364 ـ بەت، 5 ـ قۇر).

"ئول ماڭا بېزەك بېزەشتى" "ئۇ ماڭا بېزەك بېزەشتى". («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» فاكسىمىل، 318 ـ بەت 8 ـ قۇر).

"بۇ كۆكتەكى يۇلتۇز بىر ئانچە بېزەك" "بۇ ئاسماندىكى يۇلتۇز بىر مۇنچە بېزەك". («قۇتادغۇبىلىك» 21 ـ بەت، 1 ـ قۇر).

"ئاغىز تىل بېزەكى كۆنۈ سۆز تۇرۇر" "ئېغىز بىلەن تىلنىڭ بېزەكى توغرا سۆزدۇر" («ئەتەبەتۇل ھاقايىق»).

"بېزەنىپ بۇ دۇنيا ئۆزۈن كوركۇتۇر" "بېزىنىپ بۇ دۇنيا ئۆزىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ". («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، فاكسىمىل، 338 ـ بەت، 14 ـ قۇر).

"ئۇراغۇت بېزەندى"، "ئايال بېزەندى". («دىۋانۇ لۇغاتىت

www.uyghurkitap.com

تۈرك» فاكسىمىل، 338 ـ بەت، 13 ـ قۇر).

يۇقىرىقى مىساللاردىن مەلۇم بولىدۇكى، "بېزەنمەك" سۆزى قەدىمدىن تارتىپ "زىننەتلەنمەك، ياسانماق، پەدەز قىلماق، نەقىشلەنمەك، ئۆزىنى گۈزەل تۈسكە كىرگۈزمەك" دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىپ كەلگەن. شۇڭا، "بېزەكلىك" سۆزى، كەڭ مەنىدىن ئالغاندا، تۈرلۈك بېزەكلەر، رەسىملەر، نەقىشلەر ۋە ھەيكەللەر بىلەن بېزەلگەن جاي، سەنئەت ماكانى دېگەن ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدۇ.

قەدىمكى دەۋردە تارىم ۋادىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مۇنداق بېزەكلىكلەر كۆپ بولغان. ئۇلارنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئەمما ئۇلار "بېزەكلىك" دېگەن چىرايلىق ئۇيغۇرچە سۆز بىلەن ئاتالماستىن، باشقا ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. پەقەت تۇرپاندىكىسىلا "بېزەكلىك" دەپ ئاتىلىپ كەلدى. بۇنىڭ مەلۇم سەۋەبىمۇ بار. بۇ چاغقىچە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، تۇرپاندىكى "بېزەكلىك"، تۇيۇق، بۇلىيۇق، قاراغوجا، ئاستانىلاردىن تېپىلغان قەدىمكى سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىستىلىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بار. بۇ يەردە ئۆتكەن ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى، نەققاشلىرى، ھەيكەلتاراشلىرى ۋە رەسساملىرى قەدىمكى يىپەك يولىدا ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن ھىندى، گرېك ۋە خەنزۇ سەنئەتلىرى بىلەن تونۇشقاندا ئاددىي كۆچۈرۈپ ئېلىش بىلەنلا قانائەتلەنمەي، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مىللىي سەنئەت ئالاھىدىلىكىنى قوشۇپ،

ئۆزىگە خاس بىر يېڭى ئىستىل — ئۇيغۇر ئىستىلىنى ياراتقان. تۇرپان ۋادىسىدىن كۆپلەپ تېپىلغان تۈرلۈك نەقىشلەر، تام رەسىملىرى ۋە بەدىئىي ئەسەرلەر ئەنە شۇ ئۇيغۇر ئىستىلىنىڭ مەھسۇلى. بۇ نۇقتىنى ھازىر نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار ئېتىراپ قىلماقتا. دۇنخۇاڭ تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى پروفېسسور چاڭ خۇڭجىڭ ئۆزىنىڭ يىگىرمە نەچچە يىللىق تەتقىقاتىدىن خۇلاسە چىقىرىپ قىلغان بىر سۆزىدە بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، بۇ يەرلەردىكى مىڭ ئۆي سەنئىتى ئىلگىرى نۇرغۇن ياۋروپا ساياھەتچىلىرى تەكىتلەپ كەلگەندەك، "قەنداھار سەنئىتىنىڭ ياكى قەدىمكى گرېك سەنئىتىنىڭ ئاددىي كۆچۈرمىسى بولماستىن، بەلكى يەرلىك خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادىيەتلىرى نەتىجىسى، دەيدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە سەنئىتىنى ئۆمۈر بويى تەتقىق قىلغان گېرمانىيە تۈركولوگى ئاننىمارى ۋون گابايىن خانىمۇ تۇرپاندىكى قەدىمكى ئۇيغۇر سەنئىتى ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسى، ئۇ ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە سەنئەت، دەپ ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، "بېزەكلىك" ئەنە شۇ ئۇيغۇر مىللىي سەنئىتىگە ئەڭ مۇناسىپ قويۇلغان، ئىسمى-جىسمىغا مۇۋاپىق ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىم.

"بېزەكلىك" قەدىمكى دەۋردە زىيالىيلار توپلىنىپ تۈرلۈك

مەدەنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان بىر جاي ئىدى. قەدىمكى دەۋردە مۇنداق مەدەنىي پائالىيەتلەرنىڭ زور كۆپ-چىلىكى تۈرلۈك دىنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى، شۇڭا زىيالىيلار قاتلىمى ئەنە شۇ دىنلارنىڭ راھىبلىرى، زاھىتلىرى، تويۇنلىرى، باخشىلىرى ۋە شەيخلىرىدىن ئىبارەت بولاتتى. ئۇلار، بولۇپمۇ بۇددا دىنى زاھىتلىرى گۈزەل مەنزىرىلىك تاغ باغرىلىرى، بۇلاق بويلىرى ۋە دەريالارنىڭ مەنبەلىرىدە ئىستىقا-مەت قىلاتتى. مۇرتۇق، بۇلىيۇق، تۇيۇق ۋە يالقۇنتاغ، قۇرۇق تاغ، ئاق تاغدىكى مەنزىرىلىك جايلار زىيالىيلار ئىستىقامەت قىلىدىغان ئەنە شۇنداق خالىي جايلار ئىدى. زىيالىيلار ئەنە شۇنداق جايلاردىكى ئىبادەتخانىلاردا، بىر تەرەپتىن، ئىستىقا-مەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تۈرلۈك دىنىي ۋە مەدەنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى، يەنى تۈرلۈك تىللاردىن دىنىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلاتتى، شېئىرلار يازاتتى، نەققاشلىق ۋە رەسساملىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، غارلارنى ۋە كېمىر ئۆيلەرنى تۈرلۈك گۈزەل نەقىشلەر بىلەن بېزەيتتى. نورۇز (يېڭى يىل) بايرىمى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بايرام كۈنلىرى ئىبادەتخانىلارنى زىيارەت قىلىشقا كەلگەن تەقۋادار ئەر-ئاياللارغا ھەر خىل ئويۇنلارنى قويۇپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەلىماتلىرىنى تەشۋىق قىلاتتى. بۇ خىل ئويۇنلار ئىچىدە مەدداھلىق (بۇنىڭدا ھېكايە سۆزلەش ۋە ناخشا ئېيتىشقا بىر قانچە ئادەم قاتنىشىپ، ھەربىرى بىرەر رولنى

ئېجرا قىلاتتى، شۇڭا بۇ بىر خىل ئۇيغۇر درامىسىنىڭ ئۇندۇر-مىسى ئىدى، بېزەكلىكتىن بىرقانچە نۇسخىسى تېپىلغان «مايتىر سىمىت» ئەنە شۇنداق سەھنە ئەسەرلىرىدىن بىرى)، تىلسىز تىياتىر، ئۇسسۇللۇق تىياتىر، شىر ئويۇنى، ناخشا ۋە نەغمە-ناۋالار يەك تەرەققىي قىلغانىدى. تام رەسىملىرىدە تەسۋىر-لەنگەن ئۇيغۇر سازەندىلىرى چېلىۋاتقان سازلار تەركىبىدە كاناي، سۇناي، قوۋۇز، غىجەك-چاڭ ۋە كۆپ خىل تارلىق مۇزىكا ئەسۋابلىرى (مەسىلەن: راۋاب، دۇتار، تەمبۇر، ئۇد، ساتار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار) بارلىقى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. مۇنداق سەھنە ئويۇنلىرى ۋە ناخشا-ئۇسسۇللار يالغۇز مۇشۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولۇپ قالماي، بەلكى ئىچكى ئۆلكىلەردىمۇ خەنزۇ خەلقى تەرىپىدىن بەك قىزغىن قارشى ئېلىنغاچقا، ئۇيغۇر سەنئەتكار-لىرى ۋە مۇزىكانتلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرگە پات-پات بېرىپ، ئويۇن قويۇپ تۇراتتى. چاڭئەندىن تېپىلغان، بىر تۆگە ئۈستىگە بىرقانچە سازاندە ئولتۇرۇپ، ئوتتۇرىسىدا بىرى ئۆرە تۇرۇپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان بىر رەڭلىك فارفۇر ھەيكەل بۇنى ناھايىتى چىرايلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. بولۇپمۇ 8 — 10-ئەسىرلەردە دراما سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ۋەقە. تۇرپاندىن تېپىلغان دىنىي مەزمۇندىكى سەھنە ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلغان ئالىملار مۇنداق ئۇيغۇرچە سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ شۇ چاغدا

خەنزۇچە تەرجىمىسى بولغان، خۇددى شۇ مەزمۇندىكى سەھنە ئەسەرلىرىگە قارىغاندا، بەدىئىي جەھەتتىن كۆپ يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. (ئا. ۋون گابايىنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى سۆزلىرىگە قارالسۇن.)

ئۇ چاغلاردا بۇ يەرلەردە رەسساملىق سەنئىتىمۇ بەك راۋاج تاپقان، رەسساملىقتا چاتما رەسىملەر ئارقىلىق بىر ھېكايىنى باشتىن ئاياغ بايان قىلىپ بېرىش سەنئىتىمۇ ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى ئىگەللىگەن ۋە راۋاجلاندۇرغان بىر خىل سەنئەت فورمىسى ھېسابلىنىدۇ.

بېزەكلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جايلاردىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئىلىپ بارغان مەدەنىي پائالىيەتلەر ئىچىدە ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغان ۋە بىزگە ناھايىتى باي مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن پائالىيەت يازغۇچىلىق - تەرجىمانلىق پائالىيىتى ئىدى. تۇرپاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن يازما ھۆججەتلەر ۋە كىتابلار (بۇنىڭ ئىچىدە يالغۇز گېرمانىيىگە ئېلىپ كېتىلگەنلىرىنىڭ بىر ئۆزىلا سەككىز مىڭدىن ئاشىدۇ) بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ چاغدىكى ئۇيغۇر يازغۇچى-لىرى ۋە تەرجىمانلىرى ھەر خىل دىنلارغا ئائىت دىنىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى ئۇستازلىرى بولغان راھىبلارنىڭ تىلىدىن، يەنى سانسكرىت (قەدىمكى ھىندى)، كوسەن (قەدىمكى كۇچا)، ئاگنى (قەدىمكى قاراشەر-كېيىنكى ئىككى خىل تىل — «بىرىنچى توخار تىلى»، ئىككىنچى توخار

تىلى دەپمۇ ئاتىلىپ كەلمەكتە، بەزىلەر بۇنى ھىبرىت ـ شالغۇت تىلىمۇ دېمەكتە)، خەنزۇ ۋە سوغد تىللىرىدىن تەرجىمە قىلاتتى. بۇ خىل تەرجىمانلار ئىچىدە «ئالتۇن يارۇق» ۋە «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان مەشھۇر تەرجىمان سىنقۇسىلى تۇتۇڭ ئەڭ ئاتاقلىق تەرجىمان ۋە شائىر ئىدى (مەزكۇر كىتابلاردىكى ھەممە شېئىرىي پارچىلار شۇ كىشىنىڭ قەلىمىدىن چىققان).

بۇ چاغدىكى تەرجىمانلار يالغۇز ئەسلى تېكىستنى توغرا تەرجىمە قىلىپ بېرىش بىلەنلا قانائەتلەنمەي، يەنە ئۆزى تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەردىكى چۈشىنىشكە قىيىن بولغان جايلارنى چۈشەندۇرۇپ، تەفسىرلەر يازغان، يېڭى ئاتالغۇلارنى ئىزاھلاپ، سانسكرىتچە ـ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە، كوسەنچە ـ ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر تۈزگەن. بىر خىل تىلدىن بىر ئەسەرنى تەرجىمە قىلغاندا، مەزكۇر ئەسەرنىڭ باشقا تىللاردىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز تەرجىمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن. بەزى ئەسەرلەرنى (بولۇپمۇ ئەدەبىي خاراكتېردىكى ئەسەرلەرنى) سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلماي، ئۆز تىلدا قايتا يېزىپ چىققان. مۇنداق قايتا يېزىلغان ئەسەرلەر ئەخلاقىي كۆز قاراش ۋە مەنىۋى قۇۋۋەت نۇقتىسىدىن ئەسلى ئەسەرگە قارىغاندىمۇ يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن.

مانا مۇشۇنداق ئىجادىي خاراكتېرلىك يازغۇچىلىق ـ

تەرجىمانلىق پائالىيىتى نەتىجىسىدە، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئۆزىدىن ئاۋۋالقى دەۋردىكى ئورخۇن - يېنسەي يېزىق تىلىغا قارىغاندا خېلى كۆپ دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، ئىبادە قۇۋۋىتى، گراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ۋە لۇغەت سوستاۋى جەھەتتىن مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە بېيىپ، ئۇزاق زامانلارغىچە ھەممە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولۇپ خىزمەت قىلغان.

بۇددا، مانى، نېستورىيان (خرىستىئان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى، بۇ دىنغا ئائىت ھۆججەتلەر بۇليۇقتىن تېپىلغان) دىنلىرىغا ئائىت ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۆزلىرى تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەرگە يەنە ئۆزلىرى يازغان شېئىرلارنىمۇ ئىلاۋە قىلغان، بەزىلىرى ھەتتا ئەسلى نەسرىي ئەسەرنى ئۇيغۇرچە نەزىم بىلەن تەرجىمە قىلغان.

بۇ شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيەتىگە خاس بولغان باش ۋە ئاياغ قاپىيىلىك شېئىرلاردىن ئىبارەت ئىدى (يەنى بۇ شېئىرلاردا ھەربىر مىسرانىڭ ئاخىرىسى قاپىيىداش بولغاندىن تاشقىرى، بېشىمۇ قاپىيىداش بولاتتى).

ئۇ چاغدا ”شېئىر“ دېگەن ئەرەبچە سۆز ئۇيغۇرچىغا تېخى كىرمىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «قوشۇغ» (نەزىم، قەسىدە دېگەن مەنىدە)، ”قوژان“ (ناخشا دېگەن مەنىدە، يەنە شۇ ”قوشماق“ دېگەن ئاساستىن كەلگەن)، ”قوشما“ (ھازىرقى

قوشاق دېگەن مەنىدە)، "تاقشۇت" (بېيىت، نەزىم دېگەن مەنىدە)، "تاقماق" (تاقشۇت بىلەن بىر يىلتىزدىن بولۇپ، تاقماق، تۆزمەك دېگەن مەنىدە)، "ئىر" (قازاقچە جىرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە شەكلى بولۇپ، ناخشا ـ غەزەل دېگەن مەنىدە)، "كۆگ" (قازاقچە كۈي دېگەن سۆزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە شەكلى بولۇپ، نەزىم، شېئىر، غەزەل دېگەن مەنىدە)، "شلوك" (سانسكرىتچە شلوكا، 8+8 بۆلچەملىك شېئىر، بېيىت، نەزىم)، "پاداك" (سانسكرىتچە پاداكا، شېئىر ياكى تۆتلۈكنىڭ بىر مىسراسى، مەسىلەن، "سەكىز ئۇزۇكلۇگ بىر پاداك" ـــ سەككىز بوغۇملۇق بىر مىسرا)، "كاۋى" (سانسكرىتچە "كاۋيا"، شېئىرغا مايىل بىر خىل نەسرىي ئۇسلۇب، «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمالى»نى سىنقۇ ـ سېلى تۇتۇڭ ئەنە شۇنداق ئۇسلۇبتا تەرجىمە قىلغان)، "باش" ياكى "باشىق" (سوغدىچە، "ئىلاھىيە" ـــ تەڭرى ھەققىدە مەدھىيە) دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ئىشلىتىلگەن، بۇ ئاتالغۇ ـ لارنىڭ خىلمۇخىللىقىدىن مانى، بۇددا مەدەنىيىتى مۇھىتىدا يېتىشكەن ئۇيغۇر شائىرلىرى شېئىر سەنئىتى ساھەسىدە ناھايىتى چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزگەنلىكىنى، شېئىرنىڭ ۋەزنى، قاپىيىسى، ئاھاڭى ۋە ھەر خىل تۈرلىرى ھەققىدە ئۆزىگە خاس بىر سىستېما شەكىللەندۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تونۇلغان ئۇيغۇر شائىرلىرى ـ دىن ئىسمى بىزگە مەلۇم بولغانلىرى تۆۋەندىكىلەر: ئاپرىنچور

تېگىن (مانى دىنىي مۇھىتىدا يېتىشكەن شائىر)، كول تارقان (مانى دىنىي مۇھىتىدا يېتىشكەن شائىر)، سىڭقۇسېلى تۇتۇڭ (بۇددا دىنىي مۇھىتىدا يېتىشكەن ئۇلۇغ تەرجىمان ۋە شائىر)، كىكى (بۇددا دىنىي مۇھىتىدا يېتىشكەن شائىر)، پرتاراكشىت (بۇددا راھىبلىرىدىن چىققان شائىر)، ئاسىغ تۇتۇڭ (بۇددا دىنىي مۇھىتىدا يېتىشكەن مەشھۇر خەتتات ۋە شائىر)، چىسۇيا تۇتۇڭ (بۇددا دىنىي مۇھىتىدا يېتىشكەن يازغۇچى ۋە شائىر)، قالىم كەيشى (بۇددا شەرىئىتىنى نەزىم بىلەن يېزىپ چىققان شائىر).

بۇ شائىرلار ئۆز دەۋرىدە، بىر تەرەپتىن تۈرلۈك دىنىي ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ۋە كۆچۈرۈپ تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، خەلق ئارىسىدا زور ئابرۇي قازانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىگە خاس شېئىر ئۇسلۇبلىرى بىلەنمۇ كۆپچىلىككە تونۇلغان. بۇلاردىن بولۇپمۇ ئاپرىنچور تېگىننىڭ شېئىرلىرى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىچىدە، دىنىي مەزمۇندىكى «ئىلاھىيە» (مانى ھەققىدە مەدھىيە) لەردىن باشقا، يەنە دۇنياۋى تېمىدىكى لىرىك شېئىرلارمۇ بار.

تۆۋەندە بىز شۇ دەۋردىكى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن بىرنەچچە مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز:

1. ئاپرىنچور تېگىننىڭ مانى دىنىي مۇھىتىدا يېزىلغان باش ۋە ئاياغ قاپىيىلىك ئۈچ مىسرالىق لىرىك شېئىرى:

ئاھ... (زىدىلەنگەن)
ئادىچىغ ئامراق...
ئامراق ئۆزكىيەم...

قاسىنچىغىم ئۇ [يۇ] قادغۇرۇرمەن،
قادغۇردۇق[چە] قاشى كۆرتىلەم،
قاۋشىغسايۇرمەن.

ئۆز ئامراقىمىن ئۇيۇرمەن.
ئۇيۇ ئىۋىرۇرمەن ئۇدۇ... [چۈن]
ئۆز ئامراقىمىن ئوپۇگسەيۇرمەن.

بارايىن تىسەر باچ ئاماقىم.
بارۇ يەمە ئۇمازمەن،
باغىر ساقىم.

كىرەيىن تىسەر كىچىگكىيەم.
كىرۇ يەمە ئۇمازمەن،
كىن يىپار يىدلىكىم.

يارۇق تەگرىلەر يارلىقازىن.
ياۋاشىم بىرلە،
ياقىشىپان ئادرىلمالىم.

كۆچلۈج پىرىشتىلەر كۈچ بەرزۈن.
كۆزى قارام بىرلە،
كۆلۈشگىن ئولۇرالىم①

تەرجىمىسى:

ئا... (زىدىلەنگەن)
مىسلىسىز ئامراق...
ئامراق جېنىم...

نىگارىمنى ئويلاپ قايغۇرۇرمەن.
قايغۇرغانسېرى قىشى كۆزىلىم [بىلەن]،
قوۋۇشقۇم كېلۇر.

ئۆز ئامرىقىمنى ئويلايمەن.
ئويلاپ - ئويلاپ تۇرغانسېرى،
ئۆز ئامرىقىمنى سۆيگۇم كېلۇر.

باراي دېسەم گۈزەل ئامرىقىم.
بارالمايمەن يەنە،
مېھرىبانىم.

---

① بۇ شېئىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى شېئىرلار رەشىت رەخمەتى ئاراتنىڭ «ئىسكى تۈرك شېئىرى» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

كېرەي دېسەم كىچىككىنەم.
كېرەلمەيمەن يەنە،
ئېپار ھىدلىكىم.

يورۇق تەگرىلەر يارلىقسۇن.
ياۋاشىم بىلەن،
يېقىنلىشىپ ئايرىلمايلى.

كۆچلۈك پەرىشتىلەر مەدەت بەرسۇن.
كۆزى قارام بىلەن،
كۆلۈشۈپ ئولتۇرايلى.

ئاپرىنچور تېگىننىڭ بۇ لىرىك شېئىرى قاپىيىلىك شېئىرلارنىڭ ئەڭ كونا نۇسخىلىرىدىن بىرىدۇر. بىزگە مەلۇم، شېئىرنى شېئىر قىلغان ئامىللار ئىچىدە قاپىيە ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر. قاپىيەنى تەشكىل قىلغان بوغۇم ئادەتتە ئۇرغۇ بىلەن ئېيتىلغاچقا، شېئىرنىڭ "ئاھاڭى" ئەنە شۇ قاپىيىدە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى كۈندە، ئۇيغۇرچىدە سۆزنىڭ ئۇرغۇسى ئاساسەن ئاياغ بوغۇمغا چۈشىدۇ. شۇڭا، بۈگۈنكى شېئىرلاردا ئاياغ قاپىيە تەبىئىي بولىدۇ. . قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا قاپىيىنىڭ باشقا كېلىشى بىرىنچى بوغۇمنىڭ ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدىغانلىقىنى ياكى شېئىر ئوقۇغاندا بىرىنچى بوغۇمنى كۆتۈرۈپ ئوقۇش تەلەپ قىلىندى-

www.uyghurkitap.com

غانلقسنى كۆرستىدۇ. شېئىر تىلىمىزدىكى ئۇرغۇ تۈرىنىڭ يۆتكىلىشىدىن بولغان بولسا كېرەك.

2. بۇددا دىنى مۇھىتىدا يېزىلغان شېئىردا:

ئانى تەڭ ئورۇنلار ـ تا،
ئادقاشۇ تۇرۇر قات ـ قات تاغ ـ تا.
ئامىل ئاغلاق ئارانيادان ـ تا،
ئارتۇچ سۆگۈت ئالتىننتا.
ئاقار سۇلۇق ـ تا،
ئامرانچىغىن قۇشقىيالار.
تىرىنلىك قوۋراغلىق ـ تا
ئادىناماق ـ سىزىن مەنگى تەگىنگۇلۇگ ئول
ئانى تەك ئورۇنلار ـ تا
ئىچ تەرىك قات بۆك تاغ ـ تا
ئىرتەكى سوكى ئارانيادان ـ تا
ئىدىز تىكىم قايالىق باسغۇقلۇغ ئەرىپ
ئىدى تىكسىز ـ تە
ئىمىرت ـ چوغۇرت سوكۇت ئاراسىن ـ تا
ئىنچككىيە سۇۋ قىدىغىن ـ دا
ئىلىنمەكسىزىن دىيان ئولۇرغۇلۇغ ئول.
ئانى تەك ئورۇنلار ـ تا
سىكىر بۇلۇك تەرىك تاغ ـ تا

سەۋىگلىك ئارانيادان ـ تا
سەرمەلىپ ئاقار سۇۋلۇغ ئەرىپ
سەپ سەم ئاغلاق ـ تا
سەكىز تۈرلۈك يەللەر ئۈزرە تەپرەنمەتىن
سەرىلىپ ئانتا
سەرە يالگۇزىن نوم مەنگىسىن تەگىنگۈلۈگ ئول
ئانى تەڭ ئورۇنلار ـ تا
كۆكەرىپ تۇرۇر كۆرۈكلۈگ تاغ ـ تا
كۆگۈل ياراشى ئاغلاق ئورۇن ـ تا
كۆپ يىگى تەلىم سوگۈتلىگ ئەرىپ
كۆپۈرۈپ تۇرۇر كۆلمەن سۇۋلۇق ـ تا
كۆز باشلاپ قاچىقلاردىن يىغنىپ
كۆزۈنمىش بىلمىشچە [ئورۇن] لار ـ تا
كۆسەنچىگىسىزىن مەنگى تەگىنگۈلۈگ ئول
ئانى تەك ئورۇنلار ـ تا

تەرجىمىسى:

ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا.
بىر ـ بىرىگە تۇتاش كەتكەن قات ـ قات تاغلاردا.
جىمجىت ۋە تەنها ئارانيادانداⓘ،
ئارتۇچ دەرىخى ئاستىدا.

① ئارانيادان — ئىستىقامەتتە ئولتۇرغان بىر زاھىتنىڭ ئىسمى.

ئاقار سۇلار بويىدا،
خۇش خۇي ئۇچۇشقان قۇشچاقلار.
توپلىنىدىغان، يىغىلىدىغان يەرلەردە
ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماي ھۇزۇرلىنىدۇ ئۇ
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا
ئەڭ ئېچكىرى بۇك-باراقسان تاغدا
بۇرۇنقى، قەدىمكى ئارانيادادا
ئېگىز، يەكپارە قىيالارنىڭ تۈۋىدە
پۈتۈنلەي جىمجىتلىق ئىچىدە
ئىمىرىت، چوغۇرت دەرەخلىرى ئارىسىدا
ئىنچىكە ئېقىن سۇلارنىڭ بويىدا
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا
سىگار بۇلۇڭ چوڭقۇر تاغنىڭ ئېتىكىدە
سۆيۈملۈك ئارانيادادا
سۈزۈلۈپ ئاقار سۇلار ئارىسىدا
ئۈن-تىنىسىز خالىي يەردە
سەككىز تۈرلۈك [بال] بوراندىمۇ قىمىرلىماي
جىمجىتلىقتا چۆمۈپ ئۇ يەردە
سەبىر بىلەن ياپيالغۇز شەرىئەت ھۇزۇرىدىن
ھۇزۇرلىنىدۇ ئۇ
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا
كۆكىرىپ تۇرغان گۈزەل تاغلاردا

كۆڭۈل خوشلىنىدىغان خالىي يەرلەردە
كۆپ ياخشى دەرەخزارلىق ئىچىدە
قايناپ كۆۋۈكلەۋاتقان كۆللەر بويىدا
كۆزدىن باشلاپ ھەممە سەزگۈلەردىن ئادالىنىپ
ھەربىر نەرسە كۆرۈنىدىغان، بىلىنىدىغان ئورۇنلاردا
ھېچبىر ئارزۇغا بېرىلمەستىن ھۇزۇرلانماقتا ئۇ
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا.

ھەربىر كۇپلېتنىڭ ئاخىرى "گۈلۈگ" دېگەن قاپىيە ۋە "ئانى تەك ئورۇنلار - تا" دېگەن رادىف بىلەن ئاياغلاشقان بۇ شېئىر باش ۋە ئاياغ قاپىيىلىرىنىڭ مۇنتىزىملىقى ۋە باشتىن ئاياغ بىر ماۋزۇدىن بەھس ئېتىشى بىلەن شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن پۇختا ئىشلەنگەن بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلىدۇ.

بۇ شېئىر دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەر بولسىمۇ، لېكىن تەبىئەت تەسۋىرى ۋە تەبىئەت بىلەن ئىنسان روھى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى سۆزلەيدۇ. ئىستىقامەتتە ئولتۇرغان زاھىتلارنىڭ روھىي قىياپىتىنى ۋە ئۇ زاھىتلار ئىستىقامەت قىلىدىغان جىلغىلار، ئورمانلىقلار، دەريا بويلىرى ۋە كۆل بويلىرىنى ئاجايىپ جانلىق تەسۋىرلەر بىلەن سۈرەتلەپ بېرىدۇ. بۇ شېئىر بۇنىڭدىن مىڭلارچە يىللار ئىلگىرىكى بېزەكلىك، بۇلۇق، تۇيۇقلاردىكى مەنزىرە ۋە ھاياتنى (بولۇپمۇ زىيالىيلار ھاياتىنى) كۆز ئالدىمىزدا يەنە بىر قېتىم جانلاندۇرىدۇ.

ھېچ نەرسىگە ئىلىنمەستىن دایاناغا① ئولتۇرىدۇ ئۇ

3. ئىسمىسىز بىر شائىرنىڭ ئىسلام دىنىي مۇھىتىدا يېزىلغان **بىرلىرىك** شېئىرى (تەزىيە يىغىسى):

ئاقلار بولىت ئۆرلەپ كۆكرەپ
ئالقۇقامۇ قار ياغىرۇر
ئاق بىر ساچلىق قارى ئانام
ئاچيۇمۇ ياشلارىن ئاقىدۇر

قارا بولىت ئۆرلەپ كۆكرەپ
قارمۇ ياغمۇر ئول ياغىرۇر
قارى ياشلىغ ئول ئانام
قايغۇدامۇ ياشىن ئاقىدۇر

يازقى بولۇت ياشناپ كۆكرەپ
ياغمۇرلارمۇ ئول ياغىدۇر
ياشى كىچىك ئالغانلارىم
ياشلارىنىمۇ ئاقىدۇر

كۈزكى بولۇت كۆكرەپ ئۆرلەپ
كۆپمۇ ياغمۇر ئول ياغىدۇر

---

① دايانا — ئىستىقامەت.

كۆڭۈل تاشىم ئىكى كىچىك
كۆز ياشلارىن مۇ ئول ئاقىدۇر

تەرجىمىسى:

ئاق بۇلۇتلار ئۆرلەپ گۈركىرەپ،
ھەر تەرەپكە قارمۇ ياغدۇرۇر؛
ئاپئاق چاچلىق قېرى ئانام،
ھەسرەت بىلەنمۇ ياشلار ئاققۇزۇر.

قارا بۇلۇتلار ئۆرلەپ گۈركىرەپ،
قارمۇ يامغۇرمۇ ئۇ ياغدۇرۇر؛
قېرى ياشلىق ئۇ ئانام،
قايغۇدىنمۇ يېشىن ئاققۇزۇر.

ياز بۇلۇتلىرى چاقناپ گۈركىرەپ،
يامغۇرلارمۇ ئۇ ياغدۇرۇر؛
يېشى كىچىك ئالغانلىرىم،
ياشلىرىنىمۇ ئاققۇزۇر.

كۈزكى بۇلۇت گۈركىرەپ ئۆرلەپ،
كۆپمۇ يامغۇر ئۇ ياغدۇرۇر؛

كۆكۈلدىشىم ئىككى كىچىك (بالام)،
كۆز ياشلىرىنىمۇ ئاققۇزۇر.

بىر ئادەمنىڭ قېرى ئانىسىنى، ئايالىنى ۋە ئىككى بالىسىنى يىغلاپ ياد ئەتكەنلىكىنى تەسۋىرلەيدىغان بۇ تۆت كۇپلېت مەرسىيە باش قاپىيىلىك بولۇپ، كۇپلېتلار "ئاقىدۇر" دېگەن سۆزنىڭ تەكرارلىنىشى بىلەن ئۆزئارا باغلانغان، ھەربىر كۇپلېت-نىڭ بىرىنچى مىسراسىدىكى ئوخشاش سۆزلەر ("بولۇت ئۆرلەپ گۆركىرەپ"، "بولۇت ياشناپ گۆركىرەپ"، "بولۇت گۆركىرەپ ئۆرلەپ") بىلەن ئاياغلاشقانلىقى شېئىرغا بىر خىل ئومۇمىي ئاھاڭ ئاتا قىلغان. ئىككىنچى مىسرادىكى "ياقىدۇر" ئۇچىنچى مىسرا ئاخىرىسىدىكى "م" لارمۇ ئەنە شۇ ئاھاڭنى كۈچەيتىدىغان ئامىللاردۇر. تۆتىنچى كۇپلېتىكى "گۆركىرەپ ئۆرلەپ" دېگەن شەكىل يەنىلا "ئۆرلەپ گۆركىرەپ" بولۇشى كېرەك ئىدى. ئېھتىمال، كۆچۈرگۈچىدىن كەتكەن سەۋەنلىك بولسا كېرەك.

4. ئىسلام مۇھىتىدا يېزىلىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا تۇرپاندىن تېپىلغان «بىلىك» سەرلەۋھىلىك يەنە بىر شېئىر:

بىلىك بىلىڭ يا بېگىم
بىلىك ساڭا ئەش بولۇر
بىلىك بىلگەن ئۇل ئەرگە
بىر كۈن دۆلەت تۇش بولۇر
بىلىگلىك ئەر بەلگە
تاش قوشانسا قاش بولۇر

بىلىگسىزنىڭ يانىغا
ئالتۇن قويسا تاش بولۇر

(بەزى سۆزلەرگە ئىزاھ: بىلىك ـــ بىلىم؛ ئەش ـــ ھەمراھ، تۇش ـــ تۇشمۇتۇشتىن دېگەندىكى تۇش، ئۇدۇل كەلمەك مەنىسىدە؛ قورشانسا ـــ باغلىۋالسا؛ قاش ـــ قاشتېشى).

بىلىمگە ئۈندەيدىغان ۋە بىلىمنى مەدھىلەيدىغان بۇ ئىككى كۇپلېت شېئىرنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىدا باش قاپىيە باردەك قىلىمۇ، ئەمما ئىككىنچى كۇپلېتىدا ئاياغ قاپىيە ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتىدۇ.

ئۆز دەۋرىدە بۇددا دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان تۇرپان ئۇيغانلىقىدىن ئىسلام مۇھىتىدا يېزىلغان بۇ شېئىرلارنىڭ تېپىلىشى ئۇ چاغلاردا ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇر بىلەن تېخى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلمىغان ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا دىنىي ئىختىلاپلارنى ھالقىپ ئۆتكەن قويۇق مەدەنىي مۇناسىۋەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن دالالەت بېرىدۇ. بۇ، جەھەتتە، كېيىنكى ئىككى شېئىر ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە.

5. ئىسمىسىز بىر شائىرنىڭ ئىسلام مۇھىتىدا يازغان بىر لىرىك شېئىرى:

ئادرىلىش
ئادايلارىم قاچما قۇلۇن
ئاتام قايدا تەرمۇ ئەركى

ئامراق تۇغمش ئىنى كەلىن
ئاغام قايدا تەرمۇ ئەركى
بەلدە تۇرغان بەش ئون ئوغلان
بەگىم قايدا تەرمۇ ئەركى
بەزەكلىكتە قىزلار قىرقىن
بەر تەرمۇ كۆڭۈلىن [ئەركى]
قاتتا تۇرغان قاچ ئول ئوغلان
قايدا بەگىم تەرمۇ ئەركى
قاغۇشغۇلۇق كۆننى كۆسەپ
قايغۇ... [تەرمۇ] ئەركى

تەرجىمىسى:

ئايرىلىش

بالىلىرىم قاچما قۇلۇن
"ئاتام قايدا؟" دەرمىكىن.
ئامراق تۇغقان ئىنى، كېلىن
"ئاغام قايدا؟" دەرمىكىن.
ئامراق تۇغقان ئىنى، كېلىن
"ئاغام قايدا؟" دەرمىكىن.
بەلدە تۇرغان ئەللىك ئوغلان (يىگىت)،
"بېگىم قايدۇ؟" دەرمىكىن.
بېزەكلىكتە (ھەرەمدە) كى قىز - چۆرىلەر،
يۈرەك زىدە قىلارمىكىن.

قىشىمدا تۇرغان شۇنچە يىگىت،
.........
"نەدە بېگىم؟" دەرمىكىن.
قوۋشۇش كۈنىنى ئارزۇ قىلىپ،
قايغۇ... دەرمىكىن.

باللارنىڭ ئاتىلىرىنى، قېرىنداش ۋە كېلىنلەرنىڭ ئاغىلىرىنى، جەڭگىۋار يىگىتلەرنىڭ ئۆز سەركەردىسىنى ئەسلىشىنى ۋە قايغۇ-ھەسرەت تۇيغۇلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن قايتا كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىشلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان بۇ شېئىر ئىسلام مۇھىتىدا يېزىلغان باش قاپىيىلىك لىرىك شېئىرنىڭ يەنە بىر مىسالى.

يۇقىرىقى مىساللاردىن شۇنى ئوچۇق كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، تۇرپان ئويمانلىقىدا (شۇ چاغدىكى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە) مەنىۋى مەدەنىيەت بەك تەرەققىي قىلغان. بولۇپمۇ بۇ شېئىرلاردىن ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ مەنىۋى پائالىيىتى يالغۇز دىني ئېتىقاد دائىرىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۇلارنىڭ ئىلىم-پەنگىمۇ ناھايىتى زور ئېتىبار بەرگەنلىكى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئۆز دەۋرىدە ئەنە شۇنداق يۇقىرى مەدەنىيەت بۆشۈكى بولغان تۇرپان ئويمانلىقىدا ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىزگە ناھايىتى قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۈگۈنكى كۈندە، تۇرپاندا مانا شۇ قىممەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنى-

يەتنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەخسۇس ئەدەبىي ژۇرنال نەشر قىلىنغانلىقى كىشىنى تولىمۇ خۇشال قىلىدۇ. بۇ ژۇرنالىنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىنى شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك بولغان مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يەنىمۇ گۈزەل بېزەكلىرى بىلەن بېزىشكە ۋە شۇ ئارقىلىق ئەسىرلەر بويى مەدەنىي ھاياتتا ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ئۆزىگە تارتىپ كەلگەن "بېزەكلىك" يۇرتىغا يەنە يېڭى ھۆسن قوشۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر: ياسىن مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتور: ھەمرا ھاسىل

# ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
1990 - يىل 10 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
1990 - يىل 10 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 3.80 يۈەن

www.uyghurkitap.com

**依不拉音穆铁依论文集**

（维吾尔文）

民族出版社出版发行　各地新华书店经销

民族印刷厂印刷

开本：787×1092毫米 1/32　印张：14 1/4

1990年10月第1版

1990年10月北京第1次印刷

印数：0001—1,600册

ISBN 7—105—01065—7/H·47

民　文　　（维 8）　定价：3.80元

ISBN 7—105—01065—7/H·47
民 文 (维 8) 定价：3.80元